5

1998



# TANGRITAG TANGRITAG

ISSN 1004-1745

09>

9 771004 174004

# زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز



يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ سۈرىتى



رەپىقىسى خەلچەم يۈسۈپ ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى



زوردۇن سابىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئارىسىدا



ئەدەبىيات ھەققىدە پىكىرلەشمەكتە





زوردۇن سابىر قەلەمكەشلەر بىلەن قومۇلدا

تەڭرىتاغ
دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب
1998 - يىل 5 - سان
ئومۇمىي 70 - سان

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 49 - يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر

بۆرە ئۇشۇقى ........ تۆلەندىن ئەزىم 16
ئىشىك ........ رەپقەت غازى 26
مېنىڭ قۇياشىم ........ ئەركىنجان ئەمەت 36
خۇمار ........ ئېزىز نۇر 53
رېئاللىقتا كۆرگەن چۈش ........ ئابدۇقادىر ھەمدۇللا 43
قىسقا ھېكايىلار ........ ئۆمەر ئابدۇللا، تۇرغۇنجان تۇرسۇن، ئابلىز ئابدىلىم 59

## ۋەتەن ۋە بۇرچ

ئەتىدىكى چاقىرىق (ئەدەبىي ئاخبارات) ........ مىرزا قادىر 1

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

ئالتۇن شاخلار ........ ۋاھىتجان ئوسمان 31

## نەسرلەر

قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ........ ئەكبەر داۋۇت تەنھايى 57

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

يۈرىكىم يىغلايدۇ ........ ئەختەم ئۆمەر 67
ئىككى ئەدەبىي خاتىرە ........ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 65

## كىتىز ـ زۇزنالاردىن تەرمىلەر

ئېھ، توپىلىق يول (ھېكايە) ........ زوردۇن سابىر 76

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئەسەر ۋە بەس - مۇنازىرە

«كېسىلگەن توغراق» ھەققىدە ........................... ئابدۇللا مەنقۇربان 89

## ئاپتور، مۇھەررىر، كىتابخان

مەن كومپيۇتېرنى ياقتۇرۇپ قالدىم ........................ قادىر ئارسلان 105

## كلاسسىكلار مۇنبىرى

كلاسسىكلىرىمىز ........................ لۇتفى غەزەللىرىدىن 93
چەت ئەل كلاسسىكلىرى ........................ سونېتلار 103

## مەشھۇر ئەسەرلەردىن بەھرىلەر

ھۆكۈم (ھېكايە) ........................ فرانس كافكا (ئاۋستىرىيە) 95

## مەخسۇس سەھىپە

مەرھابا يېڭى تىجارەت ........................ 108
مەرھابا يېڭى ئىستىمال ........................ 109

**مۇقاۋا 1 - بەتتە: جۇڭگو بىليارت چولپىنى قاسىم تۇرسۇن**

## تەھرىر ھەيئەتلەر

ئىمىن ئەھمىدى، مەمتىلى ئابدۇرېھىم، ئەكبەر ئېلى، ئازات سۇلتان، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، تۇرسۇن توختى، تۇردى ھاشىم، بوغدا ئابدۇللا، غوپۇر نۇر، ئىدرىس بارات، مۇختار مەخسۇت، پولات ھېۋزۇللا، ماخمۇتجان ئىسلام، ئەركىن نۇر، ھەبىبۇللا سادىر.

باش مۇھەررىر: (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر)، سەنەۋەر ئۆمەر،
ئەكبەر سالىھ (ياردەمچى مۇھەررىر)
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەققىدە دوكلات ②

# ئەتىدىكى چاقىرىق

(ئەدەبىي ئاخبارات)

مىرزا قادىر

## شوپۇر: مەن پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىشلەيمەن

يېقى بىر ھاياتلىق ئاپىرىدە بولۇشتىن ئاۋۋال ئانا قاتتىق تولغاق ئازابىنى تارتىدۇ، ئىشسىزلىق ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشىنى ھېچكىم خالىمايدۇ، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئاسارىتىدە قاتماللاشقان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى تەكشەش تەقەززاسى بىزدىن ئېغىر بەدەل تەلەپ قىلماقتا، بەدەل كېچىككەنسېرى شۇنچە زور بولىدۇ، چۈنكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە تەكشەشنىڭ نەتىجىسى بولغان ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، يەنى پىلانلىق ئىگىلىكتىن نورغۇن كىشىلەرنى بازار ئىگىلىكىگە ئىتتىرىش ھېچكىمنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنماي، بالدۇر بولسۇن ياكى كېيىن بولسۇن ھامان يېتىپ كېلىدىغان ئاچچىق رېياللىق ئىدى، بۇ رېئاللىققا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ مەيلى سىز ئىشتىن قالدۇرۇشنىڭ زەربىسىگە ئۇچراڭ ياكى ئۇچرىماڭ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى سىزگە ھەرقانداق رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىقتىدارىڭىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدىغان روھنى تەلەپ قىلىدۇ، تۇرمۇش ھەقىقى مەكتەپ، ئۆزىنى ھەقىقىي قەدىرلەش، تۇرمۇشقا ھەقىقىي يوسۇندا يۈزلىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، تۇرمۇشنى قەدىرلەش، تۇرمۇشنى سۆيۈش، تۇرمۇشنىڭ قايناملىرىغا ئۆزىمىزنى ئېتىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى ئەڭ چوڭقۇر ھېس قىلىشنىڭ يولى مېھنەت، ئىزلىنىش. تۇرمۇش ھەرگىز ئۆز قەدىر - قىممىتىنى مېھنەت ئارقىلىق ئىسپاتلىغان كىشىنى خار قىلمايدۇ، ئەتراپىڭىزغا قاراڭ، بەختلىك ھايات ئەندىزىلىرى تالاي، بەخت دەرۋازىسىنى ئېچىش، يول تېپىش ھېچقانچە تەس ئەمەس، بۇ يەردە ئۆزۈم ئۇچراتقان بەزى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرەي.

مەن ئۇچراتقان ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان تۇنجى كىشى 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر. ئۇ ئەسلىدە مەلۇم بىر زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى ئىكەن. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغىنىغا تېخى يېرىم يىلمۇ بولماپتۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن پۇل يىغىپ ماشىنا سېتىۋېلىپ كىراكەشلىك قىلىۋېتىپتۇ. مەن بىر زۆرۈرىيەت بىلەن ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قالدىم، سۆھبىتىمىز قىسقا، ئەمما مەنىلىك بولدى:

- سىزنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغىنىڭىزغا كۆڭلىڭىز يېرىم بولامدۇ؟

- نېمە دېسەم بولار، ئىشقىلىپ كۆڭلۈم يېرىم بولسۇن، بولمىسۇن بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى.

- سىز ئۈچۈن خىزمەت ئانچە مۇھىم ئەمەسكەن - دە؟

- مۇھىملىقىغۇ مۇھىم، ئەمما مەن ئىشلىگەن زاۋۇت ئاللىقاچان ۋەيران بولغان. ئىشلىگەن بىلەن ئالىدىغان ھەقنىڭ تۇتامى يوق. بىر خالتا ئۇننىڭ نەچچە پۇل ئىكەنلىكى سىزگە

نىسبەتەن ئەدەبىي ئاخبارات [illegible] ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى بىرلىكتە باشقۇرغان

www.uyghurkitap.com



ئايان. بىر ئاي ئىشلەپ ئالىدىغان پۇلغا بىر خالتا ئۇن ئاران كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئائىلەم، بالا - چاقام بار. ئۇلارنى بېقىشىم كېرەك. زاۋۇتتىن بېرىدىغان تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا قاراپ ئولتۇرۇپ جان تۇشامدۇ دەيسىز.

- ھازىر تۇرمۇش ئەھۋالىڭىز قانداق؟

- ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشى. ئەمما رەسمىيەتلەر بەك كۆپ، تاپقان پۇلنىڭ كۆپ قىسمى شۇنىڭغا كېتىۋاتىدۇ. تاڭ سەھەردىن يېرىم كېچىگىچە قاتنايدىغان گەپ، بىر ئامال قىلىپ ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ئالغان پۇلنى قايتۇرۇۋالسام بولاتتى.

- ھازىرقى كەسپىڭىز بىلەن ئىلگىرىكى خىزمىتىڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بارمۇ؟

- پەرق ئەلۋەتتە بار، ئىلگىرى ئاي توشقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلەيتتىم، ھازىر پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىشلەيمەن.

- بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

- قارىسام سىزمۇ خىزمەتچىدەك قىلىسىز. نېمە دەۋاتقانلىقىمنى سىزمۇ بىلىسىڭىز كېرەك، دەسلەپتە خىزمەتكە چۈشكىنىمدە ئۆز خىزمىتىمنى جان - دىلىم بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدىم، ئىمكانقەدەر ئۆز خىزمىتىمنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقسام، كۆپرەك نەتىجە ياراتسام دېگەننى ئويلايتتىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن مېنىڭ بۇ خىياللىرىم نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. قاراپ باقسام نۇرغۇن كىشىلەر خىزمەتنى پەقەت ئۇدۇللۇقلا ئىشلەيدىكەن. بىزدە «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن بىر گەپ بارغۇ، بەلكىم بۇ سۆزخاتادۇر، ئەمما مەن ھەرقانچە تىرىشقىنىم بىلەن نۇرغۇن ئادەم ئىشلەيدىغان زاۋۇتقا نىسبەتەن ھەممەيلەن تىرىشمىسا يەنىلا بىكاركەن. ئەڭ مۇھىمى ئالىدىغان ئىش ھەققىمىز يەنىلا ئوخشاش دېگۇدەكلا ئىكەن. نەتىجىدە بارا - بارا كۆڭلۈم سوۋۇدى. مەنمۇ خىزمەتنى باشقىلارغا ئوخشاش ئۆز لايىقىدىلا ئىشلەيدىغان بولدۇم. مانا ئاخىرى زاۋۇتىمىز ۋەيران بولدى. بىز ئامالسىز ئىشتىن قالدۇرۇلدۇق. ئىشتىن قالدۇرۇلدۇم دەپ ۋايساپ ئولتۇرغانغا ئىش پۈتەمدۇ؟ مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، كىراكەشلىك قىلىۋاتىمەن. قىمىرلىغان قىرغىن ئاشار دېگەن گەپ بار. ھەرھالدا يامان ئەمەس.

مەن بۇ يامان ئەمەس دېگەن سۆزنىڭ سالمىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سورىدىم:

- مۇبادا ھېلىقى سىزنى ئىشتىن بوشىتىۋەتكەن زاۋۇت ھازىر زاۋۇتقا قايتىپ كەل دېسە قانداق قىلىسىز؟

ئۇ دەرھال جاۋاپ بەردى:

- ياق، ھەرگىز قايتىپ بارمايمەن، بىرنەرسىدىن ئايرىلمىغىچە يېڭى بىرنەرسىنى چۈشەنگىلى ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشكىلى بولمايدىكەن، خىزمەتتىن ئايرىلمىغان بولسام ھازىرقىدەك پۇل تېپىشنىڭ يولىنى تاپالمىغان بولاتتىم، مەن ھازىرقى پۇل تېپىش سۈرئىتىمنى دەۋاتىمەن، ئاز قالمايلا ماشىنىمنىڭ پۇلى چىقىپ قەرزلىرىمنى قايتۇرۇپ ماشىنا ماڭا پۈتۈنلەي تەئەللۇق بولىدۇ. بۇ ئىشنى تېخىمۇ بالدۇر، تېخىمۇ ياش ۋاقتىتا باشلايدىغان گەپكەنتۇق.

- ئۇنداقتا سىزنىڭ گېپىڭىزچە بولغاندا مەسىلەن، مەن ھازىر دۆلەت كادىرى، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەي دېسەم سىزگە ئوخشاش دېڭىزغا چۈشسەم بولغۇدەكتە.

- ئۇنداق دېگىنىمۇ ئەمەس، ئىدارىسى يوق بولسا ياشىغىلى بولمايدىغاندەك ئويلايتتىم بۇرۇندا، ھازىر ئاشۇ چۈشەنچەمگە كۈلگۈم كېلىدۇ، لېكىن ئەركىن تىجارەتنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بولىكەن، ھازىر كاللامدا ھەر سائەتلىك ۋاقتىمنىڭ قانچە پۇللۇقى ماڭا ئېنىق، ئىشلىمىدىم، دەم ئالدىم دېگەن گەپ ماھىيەتتە قانچە ۋاقىت ئىشلىمىسەم شۇنچە سائەتلىك زىيان دېگەن گەپ، ئادەم پۇل تاپقانسېرى پۇل تاپقۇسى كېلىدىكەن. بەزىدە كېچىسى چارچىغىنىمدا «چارچىمىسام بولامدۇ، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولسا - ھە» دەپ كېتىمەن، ئىشقىلىپ ماڭا ۋاقىت يېتىشمەيدۇ، مەن ئالغان قەرزلىرىمنى قايتۇرۇۋېتىشكە ئالدىراپ ھەم بالىسىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرالمىغان تۇغقىنىمغا ياردەم بېرىمەن دەپ ئۇنىڭ بالىسىغا ماشىنامنى كېچىلىك كىرا بىلەن پۇل تېپىشقا تۆۋەن باھادا ئارىيەت بەردىم، كېيىن ئۇ قاقشىغاندىن كېيىن ئالماشتۇرۇپ ئۇ كۈندۈزى ھايدايدىغانغا مەن كەچتە ھايدايدىغانغىمۇ ئۇنىدىم، لېكىن ھازىر ئۇ ياش ھورۇنلىشىپ كەتتىمۇ، پۇلنى ماڭا تېپىپ بېرىدىغاندەك ھەركۈنى ئازراقلا كىرا تارتىپ قويۇپ، ئاغىنىلىرى بىلەن ماشىنىدا ئۇيان - بۇيان قاتراپ ئويىنىغىنى ئويىنىغان، ئۇ ھارامزادە پۇل تېپىش ئەمەس تاس قالدى ماشىنىنى يوقاتقىلى، ئىشقىلىپ كىراكەشلىك قىلىش ئادەمنىڭ جاپاغا چىداش ئىقتىدارىنى راۋرۇس سىنايدۇ.

- كىراكەشلىكلا ئەمەس، ھەممە ئىش، - دەپ تولۇقلىدىم ئۇنىڭ سۆزىنى.

**قىستۇرما بايان:** ھۆكۈمىتىمىز دەسلەپ خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، كېيىن داشقازان تامىقىغا خاتىمە بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى تاكى يېقىنقى كۈنلەرگىچە ھەر خىل شەكىللەردە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ بۇ مەسىلە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت، كان، كارخانىلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. گەرچە «تەڭ تەقسىماتلىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىش»، «ھەربىر ئادەم ئىشلىگىنىگە يارىشا ھەق ئېلىش» شوئارى

ھەر تەرەپتە ياڭراپ تۇرسىمۇ ئىدىيىدە قاتمال، يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر ئۇنى ئاڭلىماسقا سالدى. ئۆز خىزمىتىنى تىرىشىپ ئىشلەپ نەتىجە يارىتالارمۇ، ھۇرۇنلۇق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزگەنلەرمۇ ئوخشاش تاياقتا ھەيدەلدى. مېنىڭچە بىر قىسىم زاۋۇت، كان، كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن قالدۇرۇلۇشىغا بۇمۇ بىر سەۋەب بولسا كېرەك. بىز بۇنى ئۆز پۇتىغا پالتا چاپقانلىق دەپ قارىساق خاتا بولمايدۇ. ۋەيران بولۇش قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلىمەسلىك. بىر قېتىملىق ۋەيران بولۇش، كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بەلگىسى، بۇ پەقەت ئەقلىي جەھەتتە ئويغاق ئادەملەر ئۈچۈنلا شۇنداق. غاپىللار ئۆز ھاياتىنىڭ گۆركارلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## پىل چىشى مۇنارىدىن چۈشۈش

ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى دېگەن سۆزنى كىمنىڭ دېگەنلىكى ئېسىمدە يوق، ئەمما بۇ سۆز ھەربىر ئادەم ئۈچۈن قىبلىنامە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تۈركۈملەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈۋاتىدۇ، ئۇلار بۇرۇنقى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردەك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ئىنتىلىدۇ، بىر نەچچە يىل بۇرۇن چەت ئەللەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشچىلىققا ۋە خۇسۇسىي شىركەتلەرگە تەستە ئورۇنلىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىدىيىمىزدىن ئۆتمەيتتى. ھازىر بۇ ئىشلار رېئاللىقىمىزغا بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، ھەر يىلى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇنىۋېرسال ئورۇنلارنىڭ تويۇنۇشچانلىقى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت، بەزى ئىش ھالقىلىرىدا، بەزى كەسىپلەردە ھەقىقەتەن ئىختىساسلىقلار كەمچىل، بەزى زاۋۇتلاردا ئەمگەك كۈچى ئېھتىياجىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن، ئەمما مۇھىم ئىش ھالقىلىرى يەنى تېخنىكىلىق ئورۇنلاردا ھەقىقىي كارغا يارايدىغانلار ئاز، بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئاپتوماتلىشىشنىڭ تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى تېخنىكىدىكى يېڭىلىنىشنى تېزلىتىپ تېخنىكا ساۋاتسىزلىقىنى كۈنسېرى كۆپەيتمەكتە، بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە يېڭى، زامانىۋى، يۇقىرى تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن قوراللانغان ۋە قوراللىنالايدىغان ياش كۈچلەر سەپلىنىشكە موھتاج، دېمەك، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى خادىملارنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە تېخنىكىنىڭ 1-سېپىدە يارامىلىق كىشىلەرنىڭ كەمچىللىكى ئوتتۇرىسىدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى، شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش جەھەتتە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ياساش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. بۇرۇنقى مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردا گەۋدىلىك بولغان ھوقۇقى چوڭ ئىدارىلارغا ئورۇنلىشىش خاھىشى داۋاملىق مەۋجۇت بولامدۇ؟ نۆۋەتتە دېڭىز رايونلىرىدىن باشلانغان ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئىسلاھاتى شۇنى ئىسپاتلاۋاتىدۇكى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بەلگىلەش ھوقۇقى جەھەتتىكى فۇنكسىيىسى بازار ئىگىلىكىنى قانۇن ئىگىلىكىگە چۈشۈرۈش بولۇۋاتىدۇ، بۇ قانۇن ئىگىلىكىنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مەنسەپدارلارنىڭ ھوقۇق-نوپۇزى تۆۋەنلەپ قانۇننىڭ نوپۇزى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، چىرىكلىك، خىيانەتچىلىكنىڭ كامارلىرى ئېتىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مەيلى ھۆكۈمەت، مەيلى كارخانا بولسۇن مۇلازىمەتتە باراۋەرلىشىپ ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ ئورنىنى مۇلازىمەت، بەلگىلەش تەستىقىنىڭ ئورنىنى نازارەت ئالىدۇ، دېمەك ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇمكىنلىكى دائىرىسى جەھەتتە كارخانا ئورۇنلىرى مەيلى ئۇ دۆلەت، كوللېكتىپ ياكى خۇسۇسىي ئىگىلىك بولسۇن ئۆز ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ.

مەن ئۇچراتقان يەنە بىر كىشى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. بىراق ئۇ ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇشتەك «تۆمۈر تاۋاق»، ھۆكۈمەت بېرىدىغان مائاشتەك «ئەڭگۈشتەر»دىن ۋاز كەچكەن. بۇ يەردە ھېچقانداق ھەل قىلغۇچ سەۋەب مەۋجۇت ئەمەس. پەقەت بۇمۇ بىر خىل تاللاش، ئۆز تەقدىرىگە خوجايىن بولۇشنىڭ بىر خىل يولى. ئالاھىدە بىر سەۋەب مەۋجۇت دەپ قارالغاندا، ئۇ ئۆز قىممىتىگە ئىشەنگەن. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرۇقلۇقمۇ ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولمىغانلىقى ھەققىدە سورىغان سوئالىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

- مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ مەقسىتىنى ھەرگىزمۇ نوقۇل ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇش ئۈچۈن دەپ قارىمايمەن. مەن ئالىي مەكتەپتە بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇدۇم. بىردىنبىر مەقسەت مۇشۇ. ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇش ياكى بولماسلىق بىردىنبىر چىقىش يولى ئەمەس. ئۆز قىممىتىگە ئىشەنگەن ئادەم ئۈچۈن ھەريەردىن خىزمەت تېپىلىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەن قىلىۋاتقان ئىش جەمئىيەت ئۈچۈن، ئۆزۈڭ

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن ئۇنۇملۇك، مەنپەئەتلىك بولسىلا كۇپايە. مەن ئۆز كۈچۈمگە، ئىقتىدارىمغا تايىنىپ ياشاۋاتىمەن، ئىگىلىك تىكلەۋاتىمەن. بۇنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئوخشىمايدىغان يېرى، مەن ھەر ئايلىقى مۇقىم مائاش ئالمايمەن. ئۆز ئىقتىدارىمغا يارىشا قىممەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىمەن. بەزى ئايلىرى ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيمەن، بەزى ئايلىرى سىلەر ئالغان مائاشتىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى قىممەت يارىتىمەن. ماڭا نىسبەتەن ھۆكۈمەت خىزمەتچىسىگە ئوخشاش مۇقىم دەم ئېلىش كۈنلىرى مەۋجۇت ئەمەس. ئىش بار چاغدا دەم ئالماي ئىشلەيمەن، سەل ئارىسالدى بولغان چاغدا ئۇدا بىرنەچچە كۈن دەم ئالىمەن.

مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە يېڭى قەدەم قويغان چاغلاردا نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدىم، تەمتىرىدىم، گاڭگىرىدىم. چۈنكى مېنىڭ جەمئىيەتتە ھېچقانچە ئاساسىم يوق ئىدى. ھېچكىم مېنى يۆلىمەيتتى، ھېچكىم ماڭا ئاساس ھازىرلاپ بەرمەيتتى. ئەڭ مۇھىمى مېنىڭ قولۇمدا ئىقتىسادىي ئاساس يوق ئىدى. مېنىڭ قاراپ تۇرۇشۇم، ئۆزۈم ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدىمەسلىكىم ئۆزۈمنى ئاچ قويغان بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بار كۈچۈم بىلەن تىرىشتىم. ئىش ئورنىڭىز يوق ھالەتتە بازار قايناملىرىدا يەككە - يېگانە جەڭگە چۈشكىنىڭىزدە ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ زادى قانچىلىك قابىلىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىكەنسىز، شۇنداقلا ئاشۇ خىل جىددىي مۇھىتتىلا ئادەم ياشاشنى، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئۆگىنەلەيدىكەن، مەملىكىتىمىزدە يۇقىرىلارنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنىڭ نېمىشقا تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت باشقا كىلىپ تۇرىدىغان رىقابەت بېسىمىنىڭ يولاردا يوقلۇقىدىن دەپ قارىدىم، مېنىڭ بازار قاينىمىدىكى ئېلىشىشىم ياشاش ئۈچۈن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇش دېگەندىن كۆرە ئۆز قابىلىيىتىمنى سىنىدىم، تەكشىدىم دېگەن تۈزۈك، مانا ھازىر ئۆز يولۇمنى ھازىرلاپ بولدۇم دەپ قارىسامۇ بولىدۇ. گەرچە مېنىڭ مۇقىم خىزمىتىم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆزۈمنىڭ تاشلىنىپ قالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىدۇ.

## ئىككى ئايالنىڭ بايانى: ئىش ئورنىدىن قېلىش قورقۇنچلۇق ئەمەس

**A ئايال:**

- مەن ئىلگىرى بىر كىيىم - كېچەك زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ئىدىم، - دەپ گەپ باشلىدى ئايال، - 1993 - يىلى كارخانىمىز ۋەيران بولدى، 200 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كۈتتۇم. ھېچقانداق نەتىجە بولمىدى. ئۆيدە 70 ياشلىق ئاپام بىلەن ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن قىزىم بار ئىدى. تۇرمۇشىمىزمۇ غورىگۈل ئۆتەتتى. كۆپ يىغلاپ قاقشىدىم، يىغلاپ قاقشىغانغا ئىشنىڭ ھەل بولمايدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن، لېكىن نېمە ئامال، بىز ئاياللار كۆپ ھاللاردا دەردىمىزنى يىغا بىلەن ئالىمىز. تۇرمۇش يەنىلا ئۆز يولىنى داۋام قىلدۇرىۋەردى. يەنە ساقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى قالمىغانىدى. بىرلا يول مىدىرلاش كېرەك، قانداقلا بولمىسۇن بىر چىقىش يولى تېپىپ تۇرمۇشنى قامداش كېرەك. شۇنداق قىلىپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم، كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈۋېتىپ ئويلاندىم. تۇساتتىن كاللامغا ئۆز ھۈنىرىم - تىككۈچىلىككە تايىنىپ بىرەر ئىش قىلسام قانداق بولار دېگەن خىيال كەلدى. مۇشۇ خىيالنىڭ تۈرتكىسى بىلەن غەيرەتكە كەلدىم. ئۆيىمدە بارى - يوق تۇرمۇش راسخوتلىرىنى يىغىپ بىر كىيىم تىكىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ 10 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كىچىك بىر ئۆيدە ئىش باشلىدىم. تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ جاپالىق ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدۈم. مېھنەت قىلساڭ ھالاۋەت كۆرىسەن دېگەن سۆز راست ئىكەن. تۆككەن قان - تەرىم بىكارغا كەتمىدى. پۇل تېپىپ ئۈچ ئېغىزلىق بىنا ئۆي سېتىۋالدىم. 100 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئىگىلىك دائىرەمنى كېڭەيتتىم. ئېخى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىلا ئۆزۈم ئىش ئورنۇمدىن قالغانىدىم، مانا ئەمدى ئىش ئورنىدىن قالغان ئۈچ نەپەر خىزمەتچىنى ئىشقا قوبۇل قىلدىم. 1996 - يىلى دوست - بۇرادەرلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن «فىيدا كىيىم - كېچەك شىركىتى» نى قۇرۇپ ئىش باشلىدىم.

ھەممىگە مەلۇم، زامانىمىز رىقابەت زامانى، تىجارەتتە پۇت تىرەپ تۇراي دېسەڭ چوقۇم ئۆزۈڭگە قاتتىق تەلەپ قويۇشۇڭ، سۈپەت ۋە ئىناۋەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشۇڭ، بازار ئۆچۈرنى ۋاقتىدا، دەل ئىگىلىشىڭ كېرەك. بولۇپمۇ كىيىم - كېچەك تىجارىتى ناھايىتى زىل تىجارەت. خېرىدارلارنىڭ رەڭ، پاسون قاتارلىقلارغا بولغان تەلىپى ئىنچىكە ۋە ئۆزگىرىشچان. مەن بۇ نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بەردىم. نەتىجىدە خېرىدارلىرىم كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى، شىركىتىم تونۇلۇپ كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاشقا باشلىدى. بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئىلگىرىكى 100 كۋادرات مېتىرلىق دائىرىنى 200 كۋادرات مېتىرغا، ئىشچىلارنىڭ سانىنى 30 غا يەتكۈزدۈم. ھازىر سانى ھەرقانچە كۆپ بۇيرۇتما كىيىم - كېچەكلەر بولسىمۇ قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ سۈپەت ۋە ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان ھالەت شەكىللەندى.

ئۆتكەن يىلى مەن تېخنىكىسى يۇقىرى بىرنەچچە ئىشچىنى باشلاپ جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك نېفىتلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بۇرغىلاش ئەترىتىگە بېرىپ، بىرنەچچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ 250 نەپەر ئىشچىنىڭ كىيىم - كېچىكىنى ئۆلچەپ چىقتىم. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەممۇ ئالماستىن كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك جىددىي ئىشلەپ 20 نەچچە كۈن ئىچىدىلا بۇ كىيىم - كېچەكلەرنى پۈتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردىم. ئۇلار بىزنىڭ ۋاقىت ۋە سۈپەتكە ئەمەل قىلىدىغان، ئىشنى ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىدىغان روھىمىزغا باريكاللا ئېيتتى. ھازىر ئىشچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 600 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە ئايلىنىۋاتىدۇ. مەن 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مۇقىم مەبلەغكە ئىگە بىر خۇسۇسىي كارخانىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدىم. كارخانا «ئىستېمالچىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن كارخانا» . مەن بىرنەچچە نۆۋەت ئىلغار يەككە تىجارەتچى بولۇپ باھالاندىم.

مەن بۇ جەرياندا شۇنى ھېس قىلدىمكى، ھۇرۇنلۇق، بوشاڭلىق قىلماي، جاپا - مۇشەققەتتىن قاچماي تىرىشىپ ئىشلەيدىغانلا بولساق يول ھامان تېپىلىدىكەن. تىرىشچان، ئىرادىلىك ئادەملەر ئۈچۈن ئىش ئورنىدىن قېلىش ئۈنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەسكەن.

**B ئايال:**

مەن 1988 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مەلۇم توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا خىزمەتكە كىرگەن. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى رىقابەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى نەتىجىسىدە بىزنىڭ زاۋۇتىمىزمۇ بەزى قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. 1990 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئىش ئاز، ئەمگەك كۈچى كۆپ بولۇشتەك ھالەت شەكىللەندى. 1994 - يىلىغا كەلگەندە مەن ئامالسىز ئىشتىن توختاپ ئائىلىدە ئىش كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. خىزمەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىقتىسادىي مەنبەدىن ئۈزۈلۈپ قالدىم. نەتىجىدە تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ ئىش ئىزدىدىم. مەيلى ئېغىر ئىش بولسۇن، مەيلى پاسكىنا ئىش بولسۇن، ئىشقىلىپ ئادەتتە كىشىلەر قىلىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدىغان ئىش بولسىمۇ قورقۇپ قالمايتتىم.

بۇ جەرياندا ئاشخانىدا تازىلىق ئىشچىسى بولدۇم، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا قارا ئىشچى بولۇپ ئىشلىدىم، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىش ئورنۇمدىن قالغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمنى قامداش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىپ ئىشلىدىم. ئەمما مەن ھەرقانچە قىلساممۇ بىرەر مۇقىم، كاپالەتلىك خىزمەت تاپالمىدىم. دەل مۇشۇ كۈنلەردە مەن بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ توي قىلدىم. چۈنكى مەن تۇرمۇشنىڭ ماڭا ئۈمىد، ئىشەنچ، غەيرەت ئاتا قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، بىز بىرلىكتە تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىش، ئازراق ئىقتىسادىي ئاساس ھازىرلاپ تۇرمۇشىمىزنى قامداش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىگە باردۇق. زور بىر قاباھەتنىڭ بىزنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ بىر قېتىملىق تاسادىپىي ۋەقەدە ئېرىم كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ بۇ يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ مەندەك تۇرمۇشتا تېخى ئۆز يولىنى تېپىپ بولالمىغان، ھېچقانداق ئىقتىسادىي ئىمكانىيىتى يوق، توي قىلغىلى تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئايالىنى يالغۇز تاشلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە تەنە قىلماقچى ئەمەسمەن. ئەمما كەتكەنلەر بارلىق غەمدىن خالاس بولىدىكەن، بارلىق دەرد - ئەلەم قالغانلارغا بولىدىكەن.

مەن يەككە - يېگانە ھالدا قالدىم، باردىغان، تۇرىدىغان يېرىمنىڭ تۇتامى يوق ئىدى. بۇ چاغدا مېنىڭ بويۇمدا قالغانىدى. بىر ئامال قىلىپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلدىم. بۇ جەرياندا روھىي جەھەتتىكى غايەت زور بېسىم، يېمەك - ئىچمەك ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۇزۇكچىلىك سەۋەبىدىن تۇرمۇشۇم بارغانسېرى قىيىنلاشتى. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلىشتىن ئىبارەت مۇشكۇل مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشىمغا توغرا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ماڭا بىرەر خىزمەت تېپىپ قىلىشنىڭ زادىلا ئىمكانىيىتى قالمىدى. قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، زىممەمگە ئېلىشىم زۆرۈر بولغان مەسئۇلىيەت ۋە ھەر خىل بېسىملار ئۈستى - ئۈستىلەپ كۆپىيىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ئىزچىل ھالدا ماڭا ياردەم بېرىپ، مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ماڭا كۆيۈنۈپ كېلىۋاتقان ئاناممۇ ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ئىش گويا قار ئۈستىگە قار ياغقاندەك مېنى پۈتۈنلەي گاڭگىرىتىپ قويدى. مەن تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز قاينام - تاشقىنلىرىدا خۇددى بىر تال ئەرزىمەس خەسكە ئوخشاش گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنىڭ يوققا چىققانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى بىر پارچە زەھەرلىك، باغرى تاش، ھېچ نېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان

قاراڭغۇلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بېسىم روھىي جەھەتتىكى قاباھەتلىك چۈش بىلەن بىرىكىپ چېكىگە يەتكەنىدى. ئەگەر ئەمدىلا ھاياتقا كۆز ئاچقان بالامنى دېمىگىنىمدە مەنمۇ ئانامنىڭ كەينىدىن ھېلىقى تىنچ، خاتىرجەم، ھېچقانداق ئىقتىسادىي، روھىي بېسىم بولمىغان دۇنياغا كەتكەن بولاتتىم. سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، بىر ياش ئايال، بىر نارسىدە بالا ھېچقانداق ئىقتىسادىي كاپالەت بولمىغان ئەھۋالدا نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا ئەگەر ئادەم ئۆزىگە ھەققانىي مۇئامىلە قىلالمىسا، ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالالمىسا، ئۆزىنىڭ، بولۇپمۇ ھاياتىنىڭ تەمىنى تېتىش ئالدىدا تۇرغان يۈرەك پارىسىنىڭ ئەقەللىي تۇرمۇش كاپالىتىنى چىقىش قىلىپ قەدىر - قىممىتىنى قۇربان قىلىشقا توغرا كەلسە مېنىڭچە بۇ غەلىتىلىك ھېسابلانمىسا كېرەك. ئەمما مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ئۆزۈمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىمنى ھامان قەدىرلەپ كەلدىم. ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلمىدىم. بۇ ئۆزۈمگە خاس تاللاش ئىدى. مەن سوغۇق سۇ بىلەن قۇرۇق نان يەپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رازى ئىدىمكى، ئازغىنە ھۇزۇر - ھالاۋەتنى دەپ ئار - نومۇسنىمۇ بۇلغاشنى، شەنىمگە داغ تەگكۈزۈپ لەنەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىمايتتىم. كېچە ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ ھامان تاڭ ئاتماي قالمايدۇ، قار - مۇز ھەرقانچە قېلىن بولسىمۇ ھامان بىر كۈنى ئېرىمەي قالمايدۇ. قايغۇ - ئەلەم ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ روھىمنى پايخان قىلالمايدۇ، تۇرمۇشقا بولغان ئىرادەمنى سۇندۇرالمايدۇ، مېنىڭ تەقدىرگە قارشى كۆرەش قىلىش ئارزۇيۇمنى يوققا چىقىرالمايدۇ. مەن بىر تەرەپتىن بالامنى بېقىپ، بىر تەرەپتىن ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىپ، دەرد - ئەلەم بىلەن ئىرادە، قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ئۈمىدۋارلىق گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇنتۇلغۇسىز ئۈچ يىلنى باشتىن كەچۈردۈم.

1997 - يىلى ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى پۈتكۈل جەمئىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەركىزىي مەسىلىگە ئايلاندى. ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى ساھەلەر ئىش ئورنىدىن قالغانلارغا كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ھەرخىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ تېزرەك چىقىش يولى تېپىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. 1998 - يىلىنىڭ بېشىدا مەن مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا بېرىپ ئۆز ئەھۋالىمنى بايان قىلدىم. ئۇلار ماڭا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ ماڭا ئىش ئورنىدىن قالغانلار گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ بەردى. ئەمگەك كۈچلىرىنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تارماقلىرى مېنى تىزىمغا كىرگۈزدى. سودا شەھىرى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى ۋە سودا شەھىرى يەككە، خۇسۇسىي ئەمگەكچىلەرنى تىزىملاپ باشقۇرۇش شۆبە جەمئىيىتى مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى ئۇققاندىن كېيىن، ماڭا ياردەم قولىنى سۇنۇپ بىر كىشىلىك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. مەن بۇ يەردە سودا شەھىرى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى ۋە سودا شەھىرى يەككە، خۇسۇسىي ئەمگەكچىلەرنى تىزىملاپ باشقۇرۇش شۆبە جەمئىيىتىدىكى يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن. چۈنكى ئۇلار ماڭا ۋە مەن ئارقىلىق ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن بالامغا چىقىش يولى كۆرسىتىپ بەردى. مېنىڭ تۇرمۇشۇم ھازىر كۈندىن - كۈنگە ياخشىلانماقتا.

مەن ھازىرقى خىزمىتىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ ئەمەلىي نەتىجە ئارقىلىق ماڭا كۆيۈنگەن، ياردەم بەرگەن يولداشلارغا تەشەككۇر بىلدۈرىمەن. مېنىڭ ھازىرقى خۇشاللىقىم دەسلەپكى ئىشقا ئورۇنلاشقان ۋاقتىمدىكىدىن كەم ئەمەس.

**قىستۇرما بايان:** رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇدىكى، بۇ قېتىمقى خادىملارنى قىسقارتىش ئىسلاھاتىنىڭ ئاياللارغا ئېلىپ كېلىدىغان ۋەھىمىسى بىرقەدەر چوڭ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەسىلىنىڭ ئاساسىي نوقتىسى قانداق قىلىپ چىقىش يولى تېپىشتىن ئىبارەت.

دۆلىتىمىزنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنى باشتىن كەچۈرۈش تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن، بۇ ھال ئاياللارغا نىسبەتەن ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغان. گەرچە ئازادلىقتىن كېيىن ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى كەمسىتىشتىن ئىبارەت فېئوداللىق ئاسارەتنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرى ئاياللارنىڭ روھىي ھالىتىدە ھېلى ھەم مەۋجۇت. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاياللار مۇستەقىل ياشاش، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن بېسىمغا دۇچ كېلىدۇ. ئەمما پۇرسەت بىزنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ. مەيلى بۈگۈن ياكى ئەتە بولسۇن ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ چوڭ ئەھمىيىتىنى ھامان بايقىماي قالمايمىز. بىرلا پۇرسەت ئىزدىنىش كېرەك. نەتىجە ھامان ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ!

**1 ۋە 46**

ئۇ ئەسلىدە مەلۇم بىر خىمىيە سانائىتى كارخانىسىدا ئىشلىگەن، كېيىن كارخانا ۋەيران بولۇپ ئىش ھەققى تارقىتالمىغانلىقتىن ئىش

ئورنىدىن قېلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن 20 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت ستاژى بىراقلا سۇغا چىلاشقان. ئۇ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ سېتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان، ئەمما مەبلەغ ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىجارەت قىلىشتىكى تەجرىبىسى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ئىشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مەلۇم بىر كارخانىغا ياللىنىپ ئىشلىگەن، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپ خىزمەتتە نەتىجە ياراتقان، كارخانىنىڭ روناق تېپىشىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان. شۇنىڭ بىلەن كارخانىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەن، ئۆز ئالدىغا چىقىش يولى تېپىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە تىجارەتكە دائىر كىتاب - ماتېرىياللارنى تېپىپ مەخسۇس ئۆگەنگەن، ھەمدە كىچىك تىپتىكى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. تىجارىتى ياخشى ئېقىپ ئازراق مەبلەغقىمۇ ئىگە بولغان، ئاندىن چوڭراق بىر ئىش قىلىش مەقسىتىدە مەلۇم بىر داڭلىق سودا سارىيىنىڭ بىر قەۋىتىنى ئىجارىگە ئېلىپ، مىللىي بۇيۇملارنى باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 46 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ ھەركۈنى ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن 20 مىنۇت ۋاقىت ئاجرىتىپ خىزمەتچىلەرگە بازار تىجارىتى ۋە سودىغا ئائىت دەرس سۆزلىگەن. نەتىجىدە سودا ياخشى يۈرۈشۈپ پايدىمۇ ئاشقان. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 600 يۈەندىن 800 يۈەنگىچە بولغان.

ئۇ ئۆز ئىشىدا ئۇتۇق قازاندىن كېيىن بىر قىسىم ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، مەسلىھەت بېرىشكە، تەجرىبە تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان. ئۇ خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي ئالاھىدە ۋاقىت ئاجرىتىپ كەلگەنلەرنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ ئۇلارغا ئۆز تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بالدۇرراق ئىشسىزلىق بىلەن خوشلىشىپ، چىقىش يولى تېپىۋېلىشىغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بەرگەن.

**قىستۇرما بايان:** بىزدە كىچىك ئىشنى ياراتمايدىغان، چوڭ ئىشنى تاپالمايدىغان ئەھۋال خېلىلا گەۋدىلىك. دەۋرنىڭ تەرەققىيات قەدىمى نۇرغۇن ئىشلارنى تۈپتىن ئۆزگىرىشكە ئېلىپ كەلدى. ئىلگىرى بىز خىزمەتنى تاللىغان بولساق ھازىر خىزمەت بىزنى تاللاۋاتىدۇ. بۇ بىر مۇقەررەر يۈزلىنىش. «ئۇستىمدە كىيىم يوق، ئىسمىم مارجان بۇۋى» دەيدىغان ھالەت ئەمدى ئاقمايدۇ. خىزمەتنىڭ يۇقىرى - تۆۋىنى بولمايدۇ. ھالاللىق بىلەن چىقىش يولى تاپقىلى بولىدىغانلا خىزمەت بولسا قىلىش كېرەك. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، چەت ئەللەردە مۇلازىمەتنى ئاساس قىلغان ئۇششاق ۋە ئادەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، بۇنداق بوشلۇقلار بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەن كۆزەتكەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، مايلامچىلىق، ياماقچىلىق دېگەندەك كىشىلەر ئادەتتە كۆزگە ئېلىپ كەتمەيدىغان ئىشلارنىڭ ساپ پايدا نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى ئىكەن. دېمىسىمۇ كۆزىتىشكە، بايقاشقا ماھىر بولسىلا چىقىش يولى ھامان تېپىلىدۇ. لۇشۇن «دۇنيادا ئەسلىدە يول يوق ئىدى. كىشىلەر مېڭىۋېرىپ ئاندىن يول ھاسىل بولغان» دېگەنىكەن. مەن بۇ سۆزنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سوۋغا قىلىشنى لايىق كۆردۈم.

**قىستۇرما بايان:** ئىشتىن قالدۇرۇلۇش ۋەھىمىسىدە ئۆزىنى قىيناش ئارتۇقچە، ئەڭ ئاۋۋال ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىگە ئىشىنىش ئۇنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمىتىمىز قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىنچىكە تۇتۇۋاتىدۇ، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سىياسىتىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى ھامان مەۋجۇت، ئۇنىڭ ئۈستىگە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا ئائىت بەلگىلىمە، سىياسەتلەر بىلەن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ قانۇنىي مەنپەئەتىمىزنى قوغدىشىمىز كېرەك، ئىشتىن قالدۇرۇش ھەرگىزمۇ بىرەر شەخسنىڭ خاھىشى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى مەلۇم پرىنسىپ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇش. ئىشتىن قالدۇرۇلۇش ھەرگىزمۇ جەمئىيەت، ھۆكۈمەت، ياكى شۇ كارخانا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىش دېيىلگەنلىك ئەمەس. شۇڭا ئەمگەك ئىدارىلىرى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئورۇنلىرى بىلەن ئاكتىپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

## مۇستەقىل يول ئېچىپ بېيىغان
## مىليونېر ئايال

**ئارخىپى:** 40 ياش ، ئۇيغۇر، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ پىركازچىكى . تۇم قارا رەڭنى ۋە تەنھالىقنى ياخشى كۆرىدۇ . ئۇ بۇ ئىدارىدە

تۇپتوغرا ئون ئىككى يىل پىرىكازچىك بولۇپ ئىشلىگەن. 1998 - يىلى 8 - ئايدا خادىملارنى قىسقارتىش دولقۇنىدا ئىشتىن قىسقارتىلغان.

**قىستۇرما:** بۇ ئايال خىزمەتتىن قىسقارتىلغاندىن كېيىن يا بىر شىركەت، يا بىر كارخانا قۇرمىغان... ئەمما ئۇنىڭ ھازىر ئۈچ مىليون 560 مىڭ يۈەن پۇلى بار. ئەلۋەتتە بۇ ئاز پۇل ئەمەس! بىراق، شۇنچە نۇرغۇن پۇل زادى نەدىن كەلدى؟ ئۇنىڭ يا ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدىن خەۋىرى، يا كارخانا باشقۇرۇش تەجرىبىسىمۇ يوق تۇرۇقلۇق قانداقسىگە شۇنداق چوڭ مىليونېرغا ئايلىنىپ قالدى؟... بۇ مەسىلىگە قىزىقسىڭىز، ئۇنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلاڭ:

**مىليونېر ئايالنىڭ بايانى:** مەن خەرىتىگىمۇ چۈشمەيدىغان، توك، ماشىنا، گېزىت - ژۇرنال دېگەندەك ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئىزناسىمۇ بولمىغان ناھايىتى چەت بىر چۆللۈكتە، تارىم دەرياسى بويىدىكى شارائىتى ناچار بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. شۇنداق بولغاچقىمۇ، مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا جاپا - مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتقان ۋە ئىشقا پىشقان. بۇ يەردىكى قىزلار شەھەردىكى يىگىتلەر بىلەن توي قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ بېشىغا دۆلەت قۇشى قونغان ھېسابلىناتتى. دېمىسىمۇ، شەھەرلىكلەرگە پەقەت ئەڭ تەلىيى بار قىزلارلا ياتلىق بولالايتتى. ئۇلار شەھەرلىك يىگىتلەر بىلەن توي قىلسا، بۇ چەت يېزىنىڭ جاپا - مۇشەققىتىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى، بولۇپمۇ ئۇنداق قىزلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن بىراقلا يۇرتتا ئورنى، يۈز - ئابرويى كۆتۈرۈلۈپ ھەممە ئىشلىرى توسقۇنسىز يۈرۈشۈپ كەتكەندەك بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى يىللىرى قارا ئاشلىقنىمۇ تۇزۇك تاپالماي يۈرگەن يېزىلىقلار شەھەرلىكلەرنى «شاڭپىڭ نوپۇسى بار كادىر» دەپ ناھايىتى چوڭ بىلەتتى.

مەن ئەمدىلا ئون ئالتىگە كىرە - كىرمەيلا مېنىمۇ شەھەرگە يېقىن يېزىدىكى بىرسىگە ياتلىق قىلىشتى. ئۇ چاغلاردا ياشلارنىڭ ئۆزلىرى تونۇشۇپ، ھازىرقىدەك مۇھەببەتلىشىپ ئاندىن توي قىلىدىغان ئىش يوق ئىدى. ئاتا - ئانىسى كىم بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، خۇددى ئات - ئۇلاغنى سېتىپ بەرگەندەك قوشۇپ قوياتتى.

بىز گەرچە تويدىن ئاۋۋال بىر - بىرىمىزنى تۇزۇك بىلىشمىسەكمۇ، بىر يىلغىچە خۇددى كىنودىكى ئاشىق - مەشۇقلاردەك ئېچىلىپ كېتىشتۇق. بىر - بىرىمىزگە مېھرىمىز چۈشۈپ قالدى. ئۇ بىر زاۋۇتنىڭ توختاملىق ئىشچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئالغان مائاشى بىر ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتىمىزگە يەتمىسىمۇ، بىز ناھايىتى ياخشى ئۆتتۇق. مەن ئائىلە ئايالى، ئائىلىمىز ئۇنىڭ

ئازغىنە مائاشىغا قاراشلىق ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، مەن تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، تېجەشلىك ئىدىم. تۇمۇز كۈنلىرى بازارغا چىقىپ ئۇسساپ ھالىمدىن كەتسەممۇ، بىرەر موچەن بولسىمۇ تېجەلسۇن دەپ بىڭگۇر چاغلىق نەرسە يېمەيتتىم.

بىر كۈنى مەن ئېرىم بىلەن كوچا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتۇق، ئالدىمىزغا ئۆرۈك سېتىۋاتقان بىر باققال ئۇچراپ قالدى. بۇ مېنىڭ بۇ يىل چىققان ئۆرۈكنى تۇنجى كۆرۈشىم ئىدى. چوڭ ئۆيۈمدە بۇرۇن ئۆزۈم ئۆرۈككە چىقىپ ئولتۇرۇپ راسا يەيدىغان. ئەرگە تەگكەنىڭياقى پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ، بىرەر نۆۋەتمۇ بازاردىن مېۋە - چېۋە ئېلىپ يەپ باقمىغانىدىم، ھارۋىدىكى ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرغان بۇ كىشمىش ئۆرۈككە قاراپ ئىختىيارسىز ئېغىزىمغا سېرىق سۇ يۇگۇردى.

مەن ئۆرۈكنىڭ باھاسىنى سورىدىم، باققال خۇشخۇيلۇق بىلەن «كىلوسى سەككىز يۈەن» دېدى. شۇ چاغلاردا بۇ پۇلغا ئىككى كىلو گۆش كېلەتتى. بىر كىلو گۆش بىزنىڭ يېرىم ئايلىق تاماقىمىزغا يېتەتتى. مەن گۆشنى ساناپ توغراپ يۇرۇپ دېگۈدەك بىر ئامال قىلىپ يەتكۈزەتتىم. ئەگەر، بىر كىلو ئۆرۈك سېتىۋالساق، بۇ بىر ئاينى چىقىرالماي قىيىنلىدىغىنىمىز ئېنىق ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئايلىقى ئاران 70 يۈەن ئىدى، يەنە كېلىپ شۇ پۇلمۇ قولىمىزغا تولۇق تەگمەيتتى. ئۆرۈكنى ئالاي دېسەم، ئېرىمغۇ ئېلىپ بېرەر، بىراق ئاينى قانداق چىقىرارمىز؟ ئالماي دېسەم، ئېغىر ئاياق ۋاقتىدا ئادەم ئۆزىنىڭ كۆڭلى تارتقان، ئۆزى سېزىك بولغان نەرسىسىنى يېمىسە بالا مېيىپ تۇغۇلۇپ قالارمىش... مەن باققالغا يېلىنغاندەك ، ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا:

- بىر تاللا بەرگەن بولسىلىغۇ...- دېيەلىدىم ئارانلا.

باققال بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىزغا قاراپ ئەھۋالنى چۈشەنگەن چېغى:

- ھېچقىسى يوق، بىرەر دانە ئۆرۈك دېگەننى... ئالسىلا سىڭلىم، ئېلىۋەرسىلە...- دېدى.

مەن ئۇنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا خۇشاللىق بىلەن بىر تال ئۆرۈكنى ئالدىم، ئالدىم - دە، بىردە ئېرىمگە، بىردە باققالغا قارىدىم. ئېرىم نېمە قىلارنى بىلمەي تەڭلىكتە قېلىۋاتقىنىنى ئۈچۈن، باققالنىڭ ئالدىدا بىرەر - يېرىم كىلو ئۆرۈكنىمۇ ئېلىپ بېرەلمىگىنى ئۈچۈن قۇلاقلىرىغىچە ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يېنىدا، ياق، ھەر ئىككىلىمىزدىلا ئاران ئون يۈەنلا پۇل بار ئىدى . بىز بۇ پۇلغا ئىككىمىزگە ئانچە - مۇنچە زۆرۈر بولغان ئىچ كىيىم ۋە پايپاقتەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش

ئۇچۇنلا شەھەرگە كىرگەندۇق. شۇ تۇرقى ئۆرۈك يەيمەن دېسەم ئىنىم بۇ پۇلغا بولسىمۇ ئېلىپ بېرىشقا تەييار ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى. بىراق، ئىنىمنىڭ شۇ تۇرقىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. بىر ئەر، بىر ئەركەك بىر ئايال ئالدىدا شۇنداق بىچارە، شۇنداق ئامالسىز، شۇنداق ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىدىغان ئېچىنىشلىق ئىش ئىدى. مەن قولۇمدىكى بىر تال ئۆرۈكنى ئىختىيارسىز ھارۋىغا تاشلىدىم... شۇ چاغدا، مەن ئۆزۈمنى يىغا تۇتۇپ كېتىپ ئىنىمنى كۆرمىسۇن ئۈچۈن باشقا ياققا قارىغان كىشى بولۇپ تىلىمنى چىشلەپ ئۆزۈۋۆتكىلى تاس قالدىم، شۇنداق قىلمىسام ئۆزۈمنى تۇتالماي ھۆڭرەپ كوچىدىلا يىغلىۋېتەر ئىدىم.

مەن پۇل خەجلىگەندە ئەنە شۇنداق بىر موچەننىڭ تۇشۇكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتۈپ ئاندىن خەجلەيتتىم. بىراق، مەن بىر بالىنى تۇغقاندىن باشلاپ ئىنىمنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ ھە دېسە ماڭا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، نەدىكى بىر ئىشلارغىمۇ چېچىلىدىغان، مېنى جىق خەق بار يەردىمۇ سىلكىشلەيدىغان ياكى سۇندۇرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ماڭا بۇرۇنقىدىن ئۆزگىرىپ ئاستا - ئاستا مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك، ئارىمىزدا قانداقتۇر بىر كۆرۈنمەس ھاڭ شەكىللىنىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، ئۇ مەن ئۈچۈن يات، يوچۇن بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. بۇرۇن ئاز بولسىمۇ مائاشىنى ماڭا بېرەتتى. مانا ئەمدى، بىر تىيىنىمۇ تۇتقازمايدىغان بولۇۋالدى. مەنمۇ «بوپتىلا، ئىقتىسادىي جەھەتتە قىينالسامۇ ئىنىم ياخشى بولسا، بىز ئوبدان ئۆتسەكلا بولدى، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر» دەپ قۇلىقىمنى يوپۇرۇپ يۈرىۋەردىم. بىراق، قەلەندەر بىر نان تاپسا داپ چاپتۇ دېگەندەك ئۇنىڭ مەندىن يوشۇرۇن ھالدا باشقا ئاياللارغا پۇل خەجلەپ يۈرگىنىنى كىم بىلسۇن؟

بىر پاسكىنا ئىنىمنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ مېنى ئالمىسا بولمايدۇ، دەپ ئەرز قىلىپ تۇرۇۋالغاندىلا مەن بۇنى بىلدىم.

بۇ ئىش ماڭا ھار كەلدى. ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا ئانچە ئىشەنمەس بولدۇم.

قەھرىتان قىش مەزگىلى ئىدى. ئۇ ئاتىسى ئاغرىپ قالغاچقا چوڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي دەپ شۇ بىر كەتكەنچە توپتوغرا 17 كۈن يوقاپ كەتتى. ئاڭغىچە ئۆيدىكى ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر تۈگىشىپ قالدى. بىر كۈنى مەن كىر يۇيۇۋېتىپ، ئۇنىڭ شىمىنىڭ يانچۇقىدىن ئون يۈەنلىك بىر پۇلنى تېپىۋالدىم. شۇ كۈنلەردە ئۆيدە نە ئۇن، نە تۇز، نە سۇ مېيى، ھېچنەرسە قالمىغانىدى. مەن بۇ پۇلغا سۇ مېيى، ئۇن، سەي - كۆكتاتنىڭ ھەربىرىدىن ئاز - ئازدىن سېتىۋالساممۇ تۈزغا كەلگەندە يەتمىدى، ئامالسىز تۇزنى قوشنىمىزدىن سوراپ ئىشلىتىپ تۇرۇشنى ئويلىدىم.

ئۇ قايتىپ كەلدى، ھېلىقى ئون يۈەنگە بىرنەرسىلەرنى سېتىۋالغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ گېپىم تۈگە - تۈگىمەيلا گەپ - سۆزسىز كېلىپ شاپىلاق بىلەن چاڭگىدە بىر قويۇۋېدى، ئوڭ قۇلىقىم خىلىغىچە غوڭۇلداپ كەتتى. مەن ئولتۇرۇپ قالغان يېرىمدىن ئاستا تۇردۇم، بېشىم ئايلىنىپ ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتىم.

ئۇ بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماي ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللىغىلى تۇردى :

- ھۇ پېسەندە، مەن يوق ۋاقىتتا يانچۇقىمنى ئاختۇرغىنىنى قارا بۇنىڭ، بىر نېمە سوۋۇتۇپ قويغاندەك. كىم ئىنىڭنىڭ يانچۇقىدىن ئوغرىلىقچە پۇل ئېلىپ خەجلەيدىكەن؟ مەن ئۆيدە نەچچە كۈنلا يوق بوپ قېپتىكەنمە، خۇمسى ئاشنىلىرىڭغا ئۇستەك بەدىڭمۇ، شۇۋۇچى پاسكىنا !...

ئۇنىڭ ئېغىزىدىن پوق تاماتتى ، قولۇم - قوشنىلار يىغىلدى. ئۇلار «خوتۇنىڭلا خەجلىسە ئۆيگە خەجلەپتۇ، ئاچچىقىڭلىغا ھاي بېرىڭلا» دېسە زادىلا گەپ يېمەي تۇرۇۋالدى، ئۇ ماڭا:

- ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىشمۇ ئايال كىشى ئۈچۈن بىر پەزىلەتكەن، بۇ بىرنېمە يا يامانلاپ كېتىشنى بىلمىگەن، سەنمۇ باشقىلارنىڭ خوتۇنىدەك كۆزۈمدىن بىر يوقىلىپ باقساڭ بولمامدۇ؟... ئادەمگە بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىۋالغىچە...- دېدى چالۋاقاپ.

- ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسىكەن، مەنغۇ ئۇقۇشماستىن ئېلىپ ئۆيگە ئىشلىتىپتىمەن، سىزمۇ نى - نى پۇللارنى باشقا خوتۇنلارغا...- ئېغىزىمدىن ئاچچىق ئىچىدە بۇ سۆزلەرنىڭ قانداقسىگە چىقىپ كەتكىنىنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا تۇيۇقسىز تەگكەن بىر تەستەك گېپىمنى ئۈزۈپ قويدى .

- تالاق، نەچچە يۈز مىڭ تالاق، سەندەك بۇزۇقنى... تېخى بارچە قىلغۇلۇقنى ئۆزى قىلىپ قويۇپ يەنە پۇل ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دېگەندەك ماڭا ھۆكۈرەيدا، بۇ پېسەندە !...

ئۇ باشقىلارنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە، ماڭا ئېيىقتەك تاشلاندى. بايا قۇلاق تۈۋىگە ئۇرغىنى يەتمىگەندەك ئۇدۇل كەلگەنلا يېرىمگە ئۇرۇپ - دەسسەپ ئاغزى - بۇرنۇمنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە قان قىلىۋەتتى... باشقىلار ئۇنى تارتىپ يۇرۇپ ئۈستۈمدىن قوپۇرۇۋەتمىگەندە ئىدى، ئۇ چوقۇم مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويار

www.uyghurkitap.com

ئىدى.

مەن نومۇس، خورلۇق، ئەلەم ۋە تاياقتىن مىڭ يېرىمدىن تۆكۈلۈپ تۇرساممۇ، يەنىلا ئۇنىڭ يوتىسىغا ئېسىلىپ يالۋۇراتتىم... كەچۈرۈم سورايتتىم. ئۇنىڭ بۇ قەدەر نىيىتى بۇزۇلغىنىنى بىلمەپتىمەن، ئۇ شۇ باھانىدە مېنى قويۇۋەتمەكچى، مېنى قويۇۋېتىپ ھېلىقى پاسكىنا بىلەن توي قىلماقچى ئىكەن. ھازىر ئويلىسام، شۇ دورام ئۇنىڭغا يالۋۇرغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمدىن قاتتىق يېرگىنىمەن. چۈنكى، مەن ئۆزۈمدە قىلچە گۇناھ يوق تۇرۇقلۇقمۇ يەنە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتىمەن، ئۇنىڭ بۇزۇلغىنىنى، مېنى «كەچۈرمەيدىغان»لىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئەپۇ سوراپتىمەن. ئۇنىڭ يۈرىكى ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە تاشتەك قېتىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماي مېنى شۇ كۈنىلا ئاجراشقىلى سوتقا سۆرەپ باردى.

مەن سوتقا كىرىش ئالدىدىمۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم، قىزىمىزنىڭ يېتىم بولۇپ قالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ بولسىمۇ «ئۆيىمىزنى تۇتۇپ قالايلى» دېدىم. ئۇنىڭ كۆزىگە ھەتتا شۇ نارەسىدە بالىمىزمۇ كۆرۈنمىدى:

— مەنمۇ يېتىم چوڭ بولغان، يېتىم بولسا بولمامدۇ، ئۇنداق بىر ماڭقىنى دەپ ئەمدى جېنىمنى سېپ بەرسەم بولامتى!...

شۇنداق قىلىپ ئۇ مېنىڭ خېتىمنى مەجبۇرى بېرىپ، مېنى بالا بىلەن قوشۇپ ئاشۇ قەھرىتان قىش كېچىسى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. بىر ھېسابتا ئۇ خېتىمنى بېرىپ ياخشى قىلدى، ئۇنىڭغا تېگىپ قانچىلىك خورلۇق كۆرۈپ كەتكىنىم ئۈچۈن شۇنچىۋالا تارتىشمەن؟ يامىنى كەلسە، قىزىمىز يېتىم بوپ قالار. مەكتەپكە بارسىمۇ باشقا بالىلار ئۇنى يېتىم ئوغلاق دەپ تىللىشار... ئاھ، مېنىڭ شور پېشانە قىزىم!... مېنى سەن بولساڭمۇ كەچۈرگىن، ئاتاڭ بىزنى مۇشۇنداق قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇقىدا ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى، مەندەك ناتىۋان، ئاجىز بىر ئايالغا نېمە ئامال بولسۇن دەيسەن؟!... مەن ھېچنېمە بىلمەيدىغان، ئەمدىلا بىرنەچچە ئايلىق بولغان بوۋاققا ئەنە شۇنداق شىۋىرلاپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم.

مەن ئۆيدىكىلەر «بىزگە تىنمايلا ئاجرىشىپ كەتكىنىڭ نېمىسى» دەپ خاپا بولارمۇ، دەپ قورققاندىم. بىراق، ئاپام ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن بوينۇمغا ئېسىلىپ يىغلىغاچ مېنى ئەيىبلىدى:

— جېنىم بالام، بارچە گۇناھ شۇ قوڭالتاقتا تۇرسا، يەنە نېمىشقىمۇ ئۇنىڭغا تىزلىنىپ يالۋۇرۇپ يۈرگەنسەن... تاشنى تاياقتا تاڭغىلى بولمايدۇ، ياخشى ئۆتەلمىسەڭ يېنىپ كېلىۋەرسەڭ، سېنى باقالمايتتىممۇ، بالام؟

مەن ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەر دېگەندىن سەسكىنىپ كەتتىم، باشقىلار ئەرنىڭ گېپىنى قىلسا نېمىشقىدۇر بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. شۇغىنىسى، مەن ئادەم خالىماس بوپ قالدىم، ھەرقانداق مېھماندارچىلىق ياكى توي - تۆكۈن دېگەندەك ئاممىۋى سورۇنغا بېرىشتىن، توغرىسى باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن قورقاتتىم، ھەتتا كوچىغا چىقىپ ئايلىنىشقا توغرا كەلگەندە، پۇتلىرىم قاپىرىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ كىرا ھارۋىسى ياكى كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا ئامال بار ئولتۇرمىسامكەن دەپ تىلەيتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تاكى ھازىرغىچە ۋېلسىپىتكە شۇنچىلىك كۆنۈپ كەتتىمكى، ۋېلسىپىت گويا مېنىڭ بىر مۇھىم ئەزايىمدەك تۇيۇلىدۇ.

مەن چوڭ ئۆيگە كېلىپ بىر يېرىم يىلدىن كېيىن ئاتام پېنسىيىگە چىقتى (ئاتامنىڭ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بىز تېخى ئالدىنقى يىلىلا ئائىلىمىزنى ناھىيە بازىرىغا كۆچۈرۈپ ئەكەلگەنىدۇق). ئۇ پېنسىيىگە چىقىدىغان چاغدا ئۆزىنىڭ ئورنىغا مېنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. مەن پىركازچىك بولدۇم، مەن ھۆكۈمەتنىڭ قوينىدىكى بىر خىزمەتچى بولدۇم! شۇ كۈنى مەن خۇشاللىقتىن، چەكسىز ھاياجاندىن كېچىچە زادىلا ئۇخلىيالمىدىم.

ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مېنىڭ يېڭى تۇرمۇشۇم، يېڭى ھاياتىم باشلاندى: مەن ھەممىدىن بۇرۇن ئىشقا كېلىپ دۇكاننى، دۇكاننىڭ ئالدىنى ئۆزلۈكىمدىن سىپىرىپ - سۈپۈرۈپ چىنىدەك پاك - پاكىز قىلىۋېتەتتىم، ھېرىپ ھالىمدىن كېتەي دەپ قالساممۇ باشقىلاردەك باشلىقلىرىمىز يوق ۋاقىتلاردا جايىمدا ئولتۇرۇۋالمايتتىم، ئىشتىن ھەممىدىن كېيىن چۈشەتتىم. بەزىدە ئۆزىچىلا بۇرۇن ئېرىم ئۇرۇۋەتكەن ھېلىقى قۇلىقىم ئاڭلىماس بوپ قالاتتى، بۇنداق ۋاقىتتا مەن خېرىدارنىڭ گېپىنى ئاڭقىرالماي مەسخىرىگە قېلىشىمدىن ۋە قۇلىقىمنىڭ ئېغىرلىقىنى باشقا تونۇش - بىلىشلەرنىڭ بىلىپ كېتىشىدىن خۇدۇكسىرەيتتىم، ئىش ئۈستىگە بىرەر - يېرىم باشلىقىمىز كېلىپ قالسىغۇ بولغىنى شۇ، قارشى تەرەپنىمۇ ئۈنلۈكرەك سۆزلىسۇن ئۈچۈن ۋارقىراپ دېگۈدەك سۆزلەپ ئۆگىنىپ قالغاندىم. چۈنكى سەل - پەللا دىققەت قىلمىسام باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭقىرالماي قالاتتىم. بىر قېتىم بىر خېرىدار مەندىن چاي بارمۇ، دەپ سورىسا، مەن «قانداق ماي؟» دەپ سوراپتىمەن. ھېلىقى خېرىدارمۇ، باشقا پوكەيدىكى ئىككى -

ئۇچ پىرىكازچىكلارمۇ مەيدىسىنى تۇتۇپ ئۆچەيلىرى ئۈزۈلگىدەك كۈلۈشتى . . . ئىرىم قۇلىقىمغا ئۇرۇۋەتمىگەن بولسا، مەن مۇشۇ كۈنگە قالاتتىممۇ؟ ئەمدى ھەممىسى مېنى مۇشۇنداق مەسخىرە قىلىشىپ ئۆتەرمۇ؟ . . .

مەن دۇكاندىن يىغلىغانچە چىقىپ كەتتىم، شۇ چىققانچە ئۇدۇل ئۆيگە كېلىپ ئاپامغا «ئەمدى دۇكاندا ئىشلىمەيمەن» دېدىم.

ئاپام ماڭا تەسەللى بېرىدىغان گەپلەرنى قىلدى.

دۇكان ئاممىۋى سورۇن، ئۇ يەرگە ھەر تۈرلۈك ئادەملەر كىرىدۇ. بەزىدە ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان ياشلار، بەزىدە خوتۇنى ئاغرىپ قالغان ياكى چوڭ ئۆيگە يامانلاپ كەتكەن ئاتام دېمەتلىك كىشىلەرمۇ ئالغان بىرنەرسىسىنىڭ تۈزۈك تايىنى يوق ئۇنى - بۇنى دەپ مېنى گەپكە سېلىپ، دۇكاندا خۇددى باشقا ئادەم يوقتەك ماڭا ھەرقىسما گەپلەرنى قىلىشىدۇ، قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىشىدۇ، بىر ئامالارنى قىلىپ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىمنى تۇتىۋېلىشقا ئۇرۇنىشىدۇ، ئىشقا ماڭغاندا، ئىشتىن چۈشكەندە ئالدىمنى توسۇپ تۇرۇۋېلىشىدۇ، بەزىسى ھەتتا مەندە ئېلىشى بار دەك ۋېلىسىپىتىمنىڭ ئارقىغا ئېسىلىپ يۈرۈپ مېنى يىغلىتىپ دېگۈدەك توختىتىشىدۇ . . .

بىلمەن، ئۇلار مەن سەتەڭ، چىرايلىق بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يەككە - يېگانە، تۇل خوتۇن بولۇپ قالغىنىم، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويغىدەك، ئۇلاردىن مېنى ھىمايە قىلغۇدەك بىر ئەرنىڭ يوقلۇقىدىن شۇنداق ئانىي تېپىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمەك، ئويۇنچۇق قىلىۋېلىشقان. مەن بۇلارغا چىشىمنى چىشىمغا چىشلەپ بەكمۇ تەستە چىداپ يۈرەتتىم.

بىر كۈنى دىرېكتور مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. ھەقاچان ھېلىقىدەك مېنىڭ پېيىمدا يۈرىدىغانلار ئالىلقانداق سۆز - چۆچەكلەرنى تارقاتقان گەپ، بىلسەم - بىلمىسەم «مېنى دىققەت قىلىڭ» دەپ ئۆزىچە ماڭا تەربىيە بەرگىلى چاقىرتقان نېمە، دەپ ئويلىدىم.

كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى؟ ئۇ مەن كىرىشىمگە ئىشىكنى گۈپپىدە تاقىدى - دە:

- قورقماي يېقىن ئولتۇرۇڭ، مەن. . . مەن سىزنى ئاخشام چۈشۈمدە. . . خۇددى راستتەكلا. . . مانا مۇنداق. . .

ئۇ، گەپ قىلغاچ ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ مېنى كاپپىدە قۇچاقلىۋالدى .

قورققىنىمدىن يۈرەكلىرىم يېرىلاي دېدى. مەن ۋارقىراشقا تەمشىلىۋېدىم، ئۇ ئېيىقنىڭكىدەك چوپۇر باسقان، يوغان، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئېغىزىمنى مەھكەم ئېتىۋالدى.

- ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنداق قىلماڭ. . .- دەپ يالۋۇراتتى ئۇ ماڭا.

- مېنى باشقىلار ئىرىم بولمىغىنى ئۈچۈنلا شۇنداق ئەخمەق قىلغان، خورلىغان. . . ئەمدى بۇنداق قىلمىغان سىز قالدىڭىزمۇ؟! ئېرى يوق بولۇش شۇنچە گۇناھلىق ئىشمۇ؟ ئېرى بولمىغانلىكى خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى سىلەر ئەرلەر ئويلىغاندەك بۇزۇق بولامدۇ؟ . . .

مەن شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ چەكسىز خورلۇققا چىدالماي يىغلاپ تاشلىدىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرئاز تېڭىرقاپ قالدى.

- قويۇۋېتىڭ، بولمىسا ھېلى بىكا. . .

- ھە، ھېلى بىكا نېمە قىلماقچى . . .

- مانا ئەمىسە. . .- مەن شۇنداق دېدىم - دە، ئۇنىڭ قولىنى ئاچچىقىمدا گاچچىدە چىشلىدىم.

ئۇ «ۋايجان! . . . » دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە قولىنى ئىشقىلىغانچە چىرايلىرىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ پۈكۈلۈپ قالدى. ئاڭغىچە ئىشىكنى قانداق ئېچىپ قاچقىنىمنى بىلمەيمەن. پەشتاقتىن ئۆتقەندەك ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ مېنى ئارقامدىن:

- ھۇ پاسكىنا قانجۇق، خەپ توختاپ تۇر قېنى، ئەتىلا ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام! . . .- دېگىنى ئاڭلاندى .

شۇ كۈنى كېچىچە كۆزۈم ئۇيقۇغا بارمىدى. باش - ئاخىرى يوق خىياللار مېنى ئىلكىگە ئالغانىدى .

بۇرۇنقىلار «ئۆكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ خوپ، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ خوپ» دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن - دە! خەپ، ئەتىلا ھەرقانچە ئەسكى بولسىمۇ بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتمايدىغان بولسام. . .

تۈيۈقسىز ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرىم ئېسىمگە كېچىپ قالدى. ئۇ چوقۇم ھېلىقى پاسكىنىنىڭ كاساپىتىدىن ماڭا شۇنداق قوپاللىق قىلدى، ئۇنىڭ بۇنچىۋالا ئەسكى بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن، ئۇ ھامان بىر كۈنى ھېلىقى پاسكىنىدىن زېرىكىدۇ، شۇ چاغدا ئۇ جەزمەن مېنى ئىزلەپ كېلىدۇ. ئەگەر، راستتىنلا شۇنداق بولسا ئۇنى كەچۈرەرمەنمۇ؟ . . . ئۇ يېنىمدا بولغان بولسىمۇ بۇ كۈنگە قالماستىم. . . توۋا، ساراڭدەك نەدىكى بىر خىياللارنى قىلىپ يۈرىمەن - ھە! . . .

ئەتىسى دىرېكتور ئېيتقىنىنى قىلدى: مېنى «قۇلىقى ئېغىر، داۋاملىق پىرىكازچىكلىق قىلسا سودىغا تەسىر يېتىدۇ» دېگەندەك بىر توقۇم گەپلەر بىلەن ماڭا ئىدارىنىڭ تازىلىق ئىشچىلىقىنى قىلدىغىنىمنى ئۇقتۇردى.

شۇنداق قىلىپ مېنىڭ پىرىكازچىكلىق ھاياتىمغا خاتىمە بېرىلدى. ئۇلار ئۇرۇنلاشتۇرغان

تازىلىق ئىشىنى پەقەت قىلغۇم يوق ئىدى، راستىتىنى ئېيتسام بۇنداق قىلىش زادىلا ئىدىيەمدىن ئۆتمەيتتى. شۇڭا مەن ئۆيدىكىلەرگە «ئىدارىدىن ھەيدەلدىم، ئەمدى ئىشلىمەيمەن» دېدىم. ئۆيدىكىلەرمۇ شۇنداق بولارنى بۇرۇنلا بىلگەندەك ياكى بىرەر ئىشنى سەزگەندەك «نېمە سەۋەبتىن ئىشتىن ھايدالدىڭ» دەپ سورىمىدى .

مەن پۇلدىن قىسىلغان بولساممۇ شۇ ياتقانچە تالا - تۈزگىمۇ چىقماي ئىككى ئاي راسا ئارام ئالدىم. نەچچىۋاختىن بېلىنمىگىنى بىلەن كۆپ چارچىغان، چارچاشتىن يىقىلىپ قالايلا دەپ قالغان ئىكەنمەن. دېمىسىمۇ، بىز پىرىكازچىكلار جايىمىزدا جىم تۇرۇپ ئىشلىگەندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە توختىماي مېڭىپلا يۈرىشىمىزگە توغرا كېلەتتى. ئەگەر مېنىڭ ئون ئىككى يىلدىن بۇيان پىرىكازچىكلىق قىلىش جەريانىدا پوكەي ئالدىدا ماڭغان يولۇمنى ئۆلىسا، چوقۇم يەرشارىنى بىر نەچچە نۆۋەت ئايلىنىپ چىقىش مۇمكىنىدى.

مەن ئەنە شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن ئىشلىدىم، شۇغىنىسى ئەزەلدىن پىشانەم تەتۈر بولسا كېرەك، 200 يۈەن مائاش ئالىدىغان شۇ خىزمىتىمدىنمۇ قۇرۇق قالدىم . مەن خۇددى كىچىك بالىدەك ئاتا - ئانامغا تايىنىپ ياشىمىسام ياشىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. قىزىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئاش - تامىقى، كىيىم - كېچىكى چوڭ ئۆيدىن ئىدى. مەن تەندۇرۇس، ياش بىر ئايال تۇرۇپ ئاللىقاچان ئەمگەك كۈچىدىن قالغان شۇ بىچارە ئاتا - ئانامغا تايىنىپ ياشاۋەرسەم بولمايتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەمدىلا ئىككىنچى سىنىپقا چىققان قىزىم:

– ئاپا، پۇل بېرىڭ، مۇئەللىم ئەتىدىن قالماي 250 يۈەن تاپشۇرۇڭلا دەيدۇ، – دېدى. مەن ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ ئېغىزىغا كېلىشتۈرۈپ تازا قويدۇم. . .

– ئادەم ئۆلىمەن دېسە بىرنېمە قىلىمەن دېگەندەك قانداق گەپ بۇ ! . . . – دېدىم مەن قىزىمغا قايناپ، – پۇل يوق ساڭا بېرىدىغان. . . پۇل بولمىغاندىكىن ئوقۇما، ئۇنداق مەكتەپتە.

ئۇنىڭ لەۋلىرى يېرىلىپ قىپقىزىل قان ئېقىۋاتاتتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ماڭا يېلىندى:

– ئاپا، جېنىم ئاپا، مېنى مەكتەپتىن چىقىرۇالماڭ. . . ماقۇلمۇ ئاپا، خۇش بوپ قالاي، پەقەت بولمىسا بولدى، مەن كىتاب ئالماي. . . باشقا بالىلارنىڭ كىتابىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتەي. . . بولامدۇ ئاپا! . . .

بالىنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. . . بالامنى باغرىمغا بېسىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتىم. . .

مەن ئۈمۈر بويى قىزىمنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرىمەن، ئۇنىڭغا يېتىملىقىنى ھېس قىلدۇرمايمەن، ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە، سەبىي قەلبىگە قىلچە ئازار بەرمەيمەن، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە قەسەم ئىچكىنىم قېنى؟ ! . . . شۇ تاپتا ئۇ ئىچىدە «مېنىڭمۇ باشقا بالىلاردەك ئاتام بولغان بولسا مەكتەپكە پۇل تۆلەپ ئوقۇتار ئىدى» دەپ قالغانمىدۇ؟ . . .

تۇيۇقسىز خىيالىمغا بۇرۇنقى ئىشلار كەلدى. مەن ئون يۈەن ئۇچۇن بىر ئائىلىدىن قوغلاپ چىقىرىلدىم، ئون يۈەن ئۇچۇن بولۇشىغا تىل - ئاھانەت ئاڭلىدىم، ئون يۈەن ئۇچۇن قاتتىق تاياق يېدىم، ئون يۈەن ئۇچۇن بالىنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدۇم، ئون يۈەن ئۇچۇن يېگەن شۇ قېتىمقى تاياق زەربىسىدىن بىر قۇلىقىمنىڭ ئاڭلاش سېزىمىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم بولۇپ قالدىم. . . مانا بۇلارنىڭ ھەممە، ھەممىسى پۇلنىڭ كاساپىتى! ئەمدىلىكتە يوقسۇزلۇق دەستىدىن قىزىمنى مەكتەپتە، ئاددىيغىنە بىر باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ ئوقۇتالمىسام قانداق بولغىنى؟ ! بۇ يىلغۇ قەرز ئېلىپ بولسىمۇ بىر ئامالىنى قىلارمەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللىرىچۇ؟ ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقماسمۇ؟ باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇسى كەلمەسمۇ؟ ! . . . شۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتىدۇ، پۇل! . . .

مەن ئەنە شۇ مىنۇتتىن باشلاپ جان تىكىپ پۇل تېپىشىم كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئەتىسىلا بۇ ئىدارىدىن مائاش ئالمىغاندىن سىرت يەنە ئىدارىگە ئايدا 200 يۈەن تاپشۇرۇش شەرتى ئاستىدا شتاتىمنى ساقلاپ قويۇپ ئىش ئورنىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلدىم.

كۆڭلۈمدە «مەن ئون نەچچە يىل سودا ساھەسىدە ئىشلەپ سودىنىڭ ئېپى - جېپىنى خېلى بىلىپ قالدىم، بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتسام چوقۇم باشقىلاردىن ئاشۇرۇپراق قىلىمەن» دېگەن ئىشەنچ بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ، مەن ئىشنى نەدىن ۋە قانداق باشلاشنى بىلەلمەي نەچچە كۈننى بىكار ئويلىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتىم.

بىر كۈنى مەن ناشتىغا ئولتۇرغاندا، ئاتامغا بۇ باش قېتىنچىلىقىنى ئېيتتىم.

– مەنمۇ كۆپ ئويلاندىم، سەرمايە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاز بولسىمۇ تاپالىغان دائىرىدە تونۇش - بىلىشلەردىن قەرز ئالساق، قالغىنىغا ئۆيىمىزدە ئانچە - مۇنچە پۇلغا يارىغۇدەكلا نەرسە بولسا ساتساق، شۇنىڭ بىلەن بىر گەپ بولار، – دېدى.

بىز ئاتامنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قىلدۇق. ئانچە - مۇنچە پۇلغا يارىغۇدەكلا نەرسە بولسا ساتتۇق؛ نەچچە كۈنگىچە ئاياغلىرىمىزنىڭ چەمى

تېشىلگۈدەك قاتراپ يۈرۈپ تونۇش - بىلىشلەردىن قەرز ئالدۇق. لېكىن ئىش بىز ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى. قولىمىزدىكى پۇلنى قايتا - قايتا ساندۇق، يەنىلا 3000 يۈەندىن ئاشمىدى. مەن بۇ پۇلغا كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر ئاشخانىدەك بىرنەرسە ئاچايمىكىن دەپ ئۇقۇشۇپ كۆردۇم. بۇ پۇل ئاشخانىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش، ئاشخانىغا كېرەكلىك قازان - قومۇش، تاماق شىرەسى - ئورۇندۇق، ئۇن - ماي دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىشقىلا ئاران يېتەتتى، ئاشخانىنىڭ ئىجارىسىنى تۆلەشكە بولسا ھېچقانچە پۇل ئاشمايتتى.

ئاخىر ئاتام ئامال تاپتى! ئۇ «پۇلىمىز بولمىغاندىكىن، سودا كوپىراتىپىنىڭ بېسىلىپ قالغان قاقلىرىنى ئىچكىرىگە تارتايلى، پۇلىنى كەلگەندە بېرىدىغانغا ئۇلارنى كۆندۈرەلىسەكلا بولىدى» دېگەن مەسلىھەتنى بەردى. ئاتام يېزىلىق سودا كوپىراتىپلىرىدا ئۇزۇن مۇددەت مۇدىر بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا، ئۆزىمۇ ئىچكىرىگە بىر نەچچە نۆۋەت قاق ئاپىرىپ سېتىپ كەلگەن بولۇپ، چۆپقەتلىرى خېلى كۆپ ئىدى. قاقنى ئۇدۇل بېرىپ شۇلارغىلا ئۆتكۈزسەك بولاتتى. بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن ماشىنىغا كىرا قىلىش كېرەك، بىزنىڭ 3000 يۈەن پۇلىمىز بىر ماشىنىنىڭ يېرىم كىراسىغىمۇ چىقىشمايتتى.

سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختاپتۇ، دېگەندەك ئاخىر بۇنىڭغىمۇ ئامال تېپىلدى. ئاتام پېنسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇن داۋاملىق ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن بۇ يۇرتقا توشۇيدىغان يۈك تېپىپ بېرىدىغان بىر شوپۇر تونۇشى قاقنى نېسىگە ئاپىرىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاتام بىلەن ئىككىمىز دەسلەپتە شۇ بىر ماشىنىغا 12 توننا قاق بېسىپ ئىچكىرىگە ئاپىرىپ توپ ساتتۇق. ئۇنىڭ ھەر كىلوسىدا بەش مودىن جەمئىي 6000 يۈەن پايدىسى قالدى. بۇ بىزنىڭ تۇنجى سودىمىزنىڭ مېۋىسى ئىدى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنچىلىك پۇلنى ساناپمۇ باقمىغانىدىم. مېنىڭ بۇ سودىنى كۆرۈپ بىردىن كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. بىز ئۈچۈن بۇ ئاز پۇل ئەمەس ئىدى.

بىز شۇ يوسۇندا، ئىچكىرىگە ئۈچ ئاي قاق تارتتۇق . ھەر بىر قېتىملىق بېرىپ كېلىشىمىز ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ ھەپتىلەپ ۋاقىت كېتەتتى، سەپەرنىڭ ھاردۇقى يېتىپ ئاشسىمۇ، بىز بېرىپلا تاماقمۇ يېمەستىن ئاچ قورساق پېتى سودىنىڭ كويىدا بولاتتۇق، قاقنى قولدىن چىقىرىپ بولغاندىلا ئاندىن ئۇھ دەيتتۇق.

بىراق، قاقنى مۇقىم مال قىلىپ تۇتقىلى بولمايتتى. چۈنكى، قىش كىرىسىلا خەقنىڭ قولىدا قاقمۇ تۈگەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاق بىرنەچچە ۋاخ تۇرۇپ بېسىلىپ قالسىلا نورغۇن پۇلنى تۇتۇپ ياتاتتى، بۇنى ئاز دەپ يەنە قۇرتلاپ، سېسىپ تۈگىشەتتى. جىگىنىڭ جىگنى يېيىشى، قاقنىڭ قۇرۇپ ئاۋۋالقىدەك جىڭ باسماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانچۇ - تېخى !

شۇڭا قاققىمۇ چوڭ ئۈمىد باغلاپ كەتكىلى بولمايتتى. پۇلىمىز بىر تۈمەنگە ئۇلاشقان كۈندىن باشلاپ، ئىككىنچىلەپ قاقنىڭ قېشىغا يېقىن يولىمىدۇق.

ئاتام بىلەن ئىككىمىز ئۈرۈمچىگە بېرىپ بۇ پۇلغا ھەرخىل ماللاردىن ئاز- ئازدىن سېتىۋېلىپ، ئاپتوبۇستا ئەكىلىپ ساتتۇق. دەسلەپتە دۇكان بولمىغاچقا كەچلىك بازاردا، كېيىن قولىمىز پۇل كۆرگەنچە چوڭ كوچىغا قارايدىغان قوشنىمىزنىڭ كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيىگە مىڭ يۈەندىن ئايلىق ئىجارە تۆلەپ مەخسۇس دۇكان قىلىپ ئاچتۇق. بىر يىلغىچە قولىمىزغا خېلى پۇل كىردى. بۇنىڭ بىلەن بىز بۇ دۇكاننى ۋە بۇ دۇكانغا ياندىش سېلىنغان كىچىكرەك بىر ئېغىز ئۆينى تېگىدىن سېتىۋېلىپ توپ تارقىتىش دۇكىنى قىلىپ ئاچتۇق. بەزىدە پارچىمۇ سېتىپ بېرەتتۇق. ھەتتا بەزىدە ئۇششاق باللار بىر - ئىككى موچەنلىك نەرسە ئالغىلى كىرەتتى، بۇنداق چاغدا گەرچە بىز ئالدىراشلىقىمىزدا يېتىشىپ بولالماي، ئىككى قولىمىزنى تۆت قىلالماي تۇرغان بولساقمۇ يەنىلا شۇ باللارغا دېگەن نەرسىلىرىنى سېتىپ بېرىشكە ئۈلگۈرەتتۇق. بىز سەللا يېتىشىپ بولالماي قالساق مال ئالغىلى كىرگەنلەر يا بىزنى قارا باستۇراتتى، يا مالنى ئوغرىلاپ چىقىپ كېتەتتى. بىز ئاق ئۈستىخان كىشىلەرنىڭ پۇشتى بولغاچقا ھارام سىڭمەيتتى. شۇڭا، مال باھاسىنى باشقىلاردەك ئۇنچىۋالا يۇقىرى قىلىۋەتمەيتتۇق. ئوبوروت ناھايىتى تېز ئايلىناتتى. بىز ئىككىلا قىز بولۇپ بۇ ئائىلىدە ئاتامدىن بۆلەك بىرمۇ ئەر زاتى يوق ئىدى. سىڭلىم تېخنىكوم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاچقا تەتىلدە ئۇنچە - مۇنچە قارىشىپ بەرگەننى ھېسابقا ئالمىسا، ھەممە ئىشقا ئاتام بىلەن ئىككىمىزنىڭ چېپىشىغا توغرا كېلەتتى. سەپەر ئۈستىدە باشقىلار بولۇشىغا يەپ - ئىچىپ ماڭسىمۇ پۇلنى ئازغىنە بولسىمۇ تېجەش ئۈچۈن بىز قۇرۇق نان بىلەن چاي ئىچەتتۇق، مەنغۇ ئايال كىشى ھەتتا ئاتامنى بولسىمۇ تاماق يەڭ دېسەم ئۇنىماي ماڭا ئوخشاشلا قاتتىق ناننى غاجىلايتتى . . . ئۈرۈمچىگە بارغانلىرىمىزدا بەزىدە بىللە، بەزىدە يالغۇز بېرىپمۇ قالاتتۇق. ئەمما، نەچچىمىزلا بارساق كىيىم - كېچەكمىزنىڭ ئەڭ ئەسكىسىنى كىيىپ ، پۇل - پۇچەكنى ئەڭ سەت نەرسىلەرگە سېلىپ باراتتۇق . كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا چىقىپ

قالغۇدەك بولساقمۇ ھەممە خەق، جۈملىدىن ئوغرىمۇ بىزگە سۆۋۈشۈپ كېتىپ قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ يىراق قاچاتتى. ئاتام ياشىنىپ قالغىنىغا ۋە كۆزىنىڭ ئاجىزلىشىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرغىنىغا قارىماي ھەر - ھەر ئېغىر ماللارنى ئۆزى يۈدۈيتتى، ئاپتوبۇس ئۈستىگە باساتتى، چۈشۈرەتتى... بۇنداق ئىشلارغا ئادەم سالايلى دېسەك، ئۇنىمايتتى، ئاتامغا ئىشنىڭ ئېغىرىنى تاشلاپ قويۇپ قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشنىڭ ئورنى يوق، مەنمۇ ئەرلەردەك ھەر ئېغىر يۈكلەرنى ئۆزۈم كۆتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. كۈندە ھېرىقچىلىق دەستىدىن لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپ كېتەتتۇق، ئاخشىمى دۈم يېتىپ ئەتىسى ئويقۇ قانمىسىمۇ بالدۇر قوپاتتۇق. ھېرىقچىلىقتا ۋاخچە تۇرۇپ قالمايلى دەپ، ياتقىلى ئورۇن راسلىغاندا تېگىمىزگە كۆرپە ئەمەس، تاش ۋە پىششىق خىشلارنى پىچاقتەك قىر چىقىرىپ چېقىش ئارقىلىق تەييارلانغان «بالدۇر ئويغاتقۇچ»نى ئەدىيالدەك نېپىز نەرسىلەرنىڭ ئاستىغا يېيىپ ئاندىن ئۇخلايتتۇق. دەسلەپتە، بۇنداق ئۇخلاش ماڭا بەك ئېغىر كەلدى، بەدىنىمگە ئۇ دوڭگۈلدوس نەرسىلەر پېتىپ كېتىپ زادىلا ياتالمىدىم. نەچچە كۈندىن كېيىن بۇنىڭغىمۇ ئاستا - ئاستا كۆنگەندەك بولدۇم. قاقبۇدا قوپۇشتا ھەقىقەتەن بۇ چارىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى ئىدى، بىز بىرەر نۆۋەتمۇ ۋاخچە قوپمايتتۇق. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر ئادەمگە پېتىۋېرىپ تورغاي چۇۋۇلدىماستىلا قوپۇپ كېتىشكە مەجبۇر قىلاتتى.

ئاتام بىلەن ئىككىمىز ئۈرۈمچىگە مالغا كېتىپ قالغۇدەك بولساق، ئۆيدە ئاپام يالغۇزلا قالاتتى. ئۇ، ئاتمىشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئاغرىق - سىلاقتىن نېرى بولالمايدىغان ئايال ئىدى. ئۇ، بىز يوق ۋاقىتلاردا كېچىلىرى دۇكانغا ياكى ئۆيگە ئوغرى كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا تاڭ ئاتقۇچە ئۆرە ئولتۇراتتى.

شۇ كۈنلەردە مەن كۈندە دېگۈدەك بىر ئەرنى، پەقەت بىر ئەرنىلا چۈشەيتتىم. ئۇ بولسىمۇ قىزىمنىڭ ۋاپاسىز دادىسى ئىدى... كۈندۈزلىرى مەن ئۇنى ئۆزۈل - كېسىل ئەستىن چىقىرىۋېتىشىم كېرەك دەپ قاتتىق ئىرادە قىلاتتىم، گۇگۇم پەردىسى تارتىلىپ ئەتراپ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىغاندا بولسا بىردىنلا ئۇنى خىيال قىلىپ قالاتتىم. يامانىنىڭ ئوتى يامان دېگىنى راست بولسا كېرەك. قەلبىم ئۇنى ھەرگىز ئەيىبلىگۈسى، ئۇنى ئەسكى دېگۈسى كەلمەيتتى. ھازىر زامان بۇزۇلۇپ كەتتى، ھەرقانچە ياخشى ئەر دېگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ئەسكى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن... بىز يوق ۋاقىتلاردا ئالمادىس ئوغرى ئاپامغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويسا... ياق، ئۆيىمىزدە چوقۇم بىر ئەر بولمىسا بولمايدۇ. ئۇ بۇ چاققا تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى باشتىن كەچۈرۈپ ئوڭشىلىپمۇ كەتكەندۇ...

مەن بۇ خىيالىمنى ئەتىسىلا ئاپامغا دېدىم.

— نېمە دېدىڭ؟— ئاپامنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ مەندىن ئەتەي ياندۇرۇپ سورىدى،— ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋالسام... دېمەكچىمۇ؟... شۇ قوڭالتاق ئوغرى بىلەن؟... بىلىپ قوي، قىزىڭ ئۆز ۋاقتىدا مەندىن مېنىڭ ئاتام قېنى دەپ نەچچە نۆۋەت سورىغاندا، ئاتاڭ ئۆلۈپ كەتكەن، سېنىڭ ئاتاڭ يوق دېگەنمەن. دېمىسىمۇ ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە، ئاتاڭنىڭ نەزىرىدە، ھەممىمىزنىڭ نەزىرىدە ئاللىقاچان ئۆلگەن...

— مەيلى ياخشى بولسۇن، مەيلى ئەسكى بولسۇن، ئۇ يەنىلا بەرىبىر قىزىمنىڭ ئاتىسى - دە! يەنە كېلىپ بۇ ئۆيدە ئېغىر - يېنىك ئىشلارنى قىلىدىغان، ئاخشام - ئەتىسى دۇكاننى بېقىپ ياتىدىغان بىر ئەر ئورامى بولمىسا، بىز مالغا كەتكەندە سىز...

— دەۋاتقان گېپىنى قارا بۇنىڭ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ سېنى ئۇن يەن ئۈچۈن ئۇرۇپ - تېپىپ، قۇلىقىڭغا خېنىڭنى قىستۇرۇپ، بالاڭنى قولۇڭغا قۇچاقلىتىپ كۆتىڭگە تەپسىزە، سەن مىڭ تەستە ئاران مۇشۇ كۈنگە ئېرىشكەندە، ئۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاپقان پۇلۇڭنىڭ راھىتىنى كۆرسىتەي دەپسەن - دە! قاراپ تۇر، ئۇ سېنىڭ تاپقان - تەرگەن پۇلۇڭنى بۇزۇپ - چېچىپ گاڭگىسا - جىنسا قىپ قويمايدىغان بولسا مانا مەن... سېنى خېلى ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەم بولدى دېسەمزە...

— بولدى، بولدى... گېپىمنى ياندۇرۇۋالدىم.

مەن ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز - ئۆزۈمگە ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەگەر بۇندىن كېيىن ئەرنىڭ خىيالىنى قىلىدىغان بولسام ئۆلۈۋالىمەن» دەپ قەسەم ئىچتىم. بىراق، قىرىشقاندەك مەن كۈندۈزلىرى ھەرقانچە ئويلىمىساممۇ پات - پات چۈشلىرىمدە ئۇنى كۆرەتتىم. ئويغانغاندا، مېنى يىغا تۇتۇپ كېتەتتى: «قارىغاندا مەن ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتالمايدىغان ئوخشايمەن. قاچانغىچە ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن؟ ئۇ شۇنداق ئەسكىلىك قىلغان تۇرسا، مېنىڭ بۇ پەس كۆڭلۈم يەنە ئۇنى نېمىشقا ئەستىن چىقىرىۋەتمەيدۇ؟ مەن ئۆز كۆڭلۈم ئالدىدا شۇنچە زەئىپ، ئاجىز بىر قۇرتمۇ؟... مەن ئۆز - ئۆزۈمدىن يىرگىنەتتىم...

مەن ئۇنى ئۆزۈل - كېسىل ئەستىن چىقىرىش، كېچىلىرى تېنىمنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا قۇلاق سالماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ تېنىنى جازالىشىم، قاتتىق چارچىتىپ ھېچنەرسىنى

سەزمەس ھالغا كەلتۈرۈشۈم كېرەكتەك، شۇنداق قىلمىسام ئۆز ئىرادەمگە خىلاپلىق قىلىپ سالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى... شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، مەن ئىشتىن باش كۆتۈرمەيتتىم، مەيلى ئۇ مۇھىم ئىش ياكى ئادەتتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىش بولسۇن، مەيلى كۆپرەك پۇل تاپقىلى بولىدىغان ۋە مەيلى ھېچقانچە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالمايدىغان ئىش بولسۇن، ھەممىسىنى بىر باشتىن پاك - پاكىز تۈگىتىپ قىلاتتىم... راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ مىليونېر بولۇش ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەيتتى. كېيىنچە، مەن پەقەت پەس قەلبىمنى يېڭىش ئۈچۈنلا جان تىكىپ ئىشلىشۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇندىن ئۈچ يىل بۇرۇن قىزىمنى شەخسىي خىراجىتىم بىلەن لوندونغا ئوقۇشقا چىقاردىم. ئۇ، ئەنگلىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇۋاتىدۇ. خىيالىمدا ئۇ كەلسە ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ھازىر ھال - كۈنىمىز كۆپ ياخشى. 200 مىڭ يۈەنگە ئولتۇراق زېمىن سېتىۋالدۇق، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە ياتلىق بولغان سىڭلىمىزغىمۇ ئىدارىسىدىن يېڭى ئۆي تەقسىملەپ سېتىپ بېرىپتۇ، بىز ئۇنىڭغىمۇ 50 مىڭ يۈەن بەردۇق، قىزىمىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلسە ئەسقاتار دەپ ئۇنىڭ نامىدا 70 مىڭ يۈەنگە زېمىن سېتىۋالدۇق. قولىمىزدا يەنە ھازىر ئۈچ مىليون يۈەندەك پۇلىمىز بار.

بۇ پۇللارنى بىر ئۆمۈر يېتىپ يېسەكمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. لېكىن، بىكار تۇرماي ئىشلەپ كۈنۈپ قاپتۇق، ئىشلىگۈمىزلا كېلىپ تۇرىدۇ.

ئاڭلىساق، بۇ يىل ( 1998 - يىلى ) 8 - ئاينىڭ بېشىدا ئىدارىمىزغا يۇقىرىدىن 120 خىزمەتچى خادىمنى قىسقارتىش ئۇقتۇرۇشى چۈشۈرۈلگەنىكەن، قارىسا مەندەك شتاتىنى ساقلاپ قويۇپ سودا قىلىپ يۈرگەنلەرمۇ مۇشۇ سانغا يېتەي دەپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىدارە پاتگورۇپپىسى مۇشۇلارنىڭ ئۆزىنىلا ئىشتىن قىسقارتىۋەتسەك بولىدىكەن دەپ، ئىشتىن قىسقارتىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپتۇدەك. مەن ئىدارەمنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاي دېگەندە، ئىشتىن قىسقارتىلدىم. بۇ ماڭا ئېغىر كېلىش تۈگەل ئەكسىچە خۇش قىلدى. چۈنكى، مەن ئىدارىگە ئوشۇق - تۈشۈك پۇل تاپشۇرىمەن دەپمۇ ئاۋارە بولمايمەن، ئۇلارنىڭ بەزى مۇھىم يىغىنلىرىغا ياكى يىغىلىشلىرىغا چاقىرتىلىپمۇ يۈرمەيمەن. ئەگەر، مەن ئىدارىمىزنىڭ قىسقارتىشىنى كۈتۈپ مۇشۇ كۈنگىچە سۈكۈت قىلغان بولسام، خىزمەتتىن قىسقىراش باشقىلاردەك ماڭىمۇ ئېغىر كەلگەن، بېشىمغا تاغ يىقىلغان بولاتتى... بۇنى ئويلىسام، ئىدارىدىن بالدۇرراق چىقىپ كېتىشىمگە سەۋەبچى بولغان ھېلىقى شاللاق جىڭلىرىمىزغا رەھمەت ئېيتىمەن.

**قىستۇرما:** كىمدۇر بىرى تۇرمۇشنى جەڭ مەيدانىغا ئوخشاتقانىكەن. دەرۋەقە تۇرمۇش بىر جەڭ مەيدانى، ئۇنىڭدا ھەرۋاقىت جەڭ مارشى ياڭراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا قۇربان بېرىش، بەدەل تۆلەش بولۇپ تۇرىدۇ. ئىس - تۈتەكلەر تارقاپ زەپەر سىگنالى چېلىنىدىغان، تەنتەنىگە چۆمۈلىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولىدۇ. بۇ تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى. ئەنە شۇ تۇرمۇشتىن ئىبارەت جەڭ مەيدانىدا ھەركىم ئۆز يولىنى تاللاشقا ئىنتىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خىل ئىنتىلىشنىڭ مەقسىتى تىنچلىق، خاتىرجەملىك، موھتاجسىزلىقتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەمما بۇ گۈزەل مەقسەت ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ.

نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى قىسقارتىش سىياسىتى جەمئىيەتتە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلماقتا. چۈنكى بۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمما ھازىر بۇ سىياسەت يۈرگۈزۈلمىسە ئەتە، ئۆگۈن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرايدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇرماقتا. ئەگەر بىز بۇ رېئاللىق ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرىمىز دېيدىكەنمىز، ھازىردىن باشلاپ ئۆزىمىزنىڭ چىقىش يولى ئۈستىدە باش قاتۇرىشىمىز لازىم.

سىز يۇقىرىدا ئىش ئورنىدىن قالغان بىرنەچچە كىشىنىڭ قىسقىغىنە كەچۈرمىشلىرى بىلەن تونۇشتىڭىز. بەلكىم ئۇلار سىزنىڭ خىزمەتداشلىرىڭىز، تونۇش - بىلىشلىرىڭىز، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم سىزنىڭ بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىڭىز بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپتۇر. بەلكىم سىز ئۇچراتقان كىشىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىنمۇ مۇرەككەپ، ئەگرى - توقاي، ئېچىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن. ئىش ئورنىدىن قالغان دوستلىرىمىزغا نىسبەتەن سىز ياردەم قولىڭىزنى سۇنسىڭىز، بىز ياردەم قولىمىزنى سۇنساق، ئۇلار ياردەم قولىنى سۇنسا ئۇلارنىڭ غەم - قايغۇسى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىشى مۇمكىن. قولىمىزدىن چوڭ ئىش كەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارغا كۆيۈنەيلى، ئۇلارغا مېھرى - مۇھەببەت يەتكۈزەيلى. ئېسىڭىزدە بولسۇن، دۇنيادا مېھرى - مۇھەببەتتىن قىممەتلىك، مېھرى - مۇھەببەتتىن ئۇلۇغ، مېھرى - مۇھەببەتتىن مۇقەددەس ياردەم يوق. كېلىڭ، سىزنىڭ، بىزنىڭ، ئۇلارنىڭ گۈزەل تۇرمۇشى ئۈچۈن قول تۇتۇشايلى، دۇنيا مۇھەببەتكە تولسۇن!




**تۆلەندىن ئەزىم**

ھەۋەس، قىزىقىش دېگەنلەرمۇ ئەتىيازنىڭ شامىلىدەك ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. مەنمۇ «ئۇۋدى» ماركىلىق ماشىنىنىڭ رولىنى تۇتقان پېرىم يىلدىن بېرى ئىلگىرى تويۇپ كەتكەن شوپۇرلۇق كەسپىمگە ئەمدى باشقىچىلا ھەۋەس بىلەن قىزىقىدىغان بولۇپ قالدىم. ماشىنا دېگەن مانا مۇشۇنداق بولامدۇ، كىشى خۇددى ئانىنىڭ قۇچىقىدا ئەللەيلىنىۋاتقاندەك ھۇزۇرلىنىدۇ. قانداق ئەقىلدار لايىھىلىگەن بولغىيتتىكىن - تاڭ. ئىسىت، «ئازاد» ماركىلىق ئاشۇ ئاپتوموبىل بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن نەچچە يىللىق ئۆمرۈم. بىردەم ئۇ يېرىنى، بىردەم بۇ يېرىنى چۇقچىلاپ مايغا مىلىنىپ جۇلۇقۇم چىقىپ كېتەتتى. ئاۋازىنىڭ سەتلىكىچۇ تېخى، سەللە كۆچەشكە توغرا كەلسە قانجۇقتەك غىڭشىپ ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋتىدۇ. «دۈڭفېڭ» بىلەن قوغلاپ كېلىپ سەت ھېجىيىپ قاراپ ئارقىغا تاشلاپ كېتىدىغانلار ئەمدى مېنىڭ ئۆزلىرىنى قانداق تاشلاپ كېتىدىغىنىمنى كۆرۈپ قويۇشسۇن. شۇ خىياللار بىلەن خوت يۆتكەپ، ماي كلاپىنىنى قاتتىق بېسىشىمدىن ھاسىل بولغان سۈرئەت سىلكىنىش يېنىمدا مۈگدەپ ئولتۇرغان ئالىم ئاكىنى سەل چۆچۈتىۋەتتى بولغاي، كۆزلىرىنى ئېچىپ بىر نەرسە دېمەكچى بولغاندەك كالپۇكىنى مىدىرلىتىپ مەيدىسىنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ قويدى.

ئالىم ئاكا ئەللىك ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، قىرىق ياشقا كىرگەندەك تىمەن كىشى ئىدى. زەڭگەرگە مايىل كۆزلىرى دائىم دېگۈدەك كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ھەرقانچە خاپىلىق ئىش بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئاسان ئاچچىقلانمايتتى. ئوچۇق چىراي، كىچىك پېئىل بۇ كىشى بىرقانچە چوڭ شەھەر ۋە قوشنا دۆلەتلەردە سودا شىركەتلىرى بار كاتتا باي تۇرۇقلۇق ئاددىي - ساددا يۈرەتتى. قولى ئوچۇق، سېخىي ئىدى. خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايتتى. «ئۇۋدى» ماركىلىق مانا مۇشۇ كىچىك ماشىنىغىمۇ شەھەر باشلىقلىرى ئولتۇرماستىن بۇرۇن بۇ ئادەم ئولتۇرغانىدى.

- كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ مەنزىلگە تېزرەك يېتىپ بېرىشنى ئويلىدىڭىز - ھە، ئۇستام، - دېدى ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ. مەن بۇ گەپكە ئۇدۇل جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا:

- بۈگۈن كەم سۆز بولۇپ قاپسىزغۇ ئالىمجان ئاكا؟ - دەپ سۆزنى مەقسەتلىك ھالدا باشقا ياققا بۇرىدىم.

ئالىم ئاكا ئادەتتە خۇش چاقچاق، مۇڭداشقاق ئادەم. ئىككىنچى ئوغلىدەك بولغىنىمغا قارىماي بەزىدە ماڭىمۇ چاقچاق قىلىپ قويىدۇ. بۈگۈن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر گەپ - سۆز قىلماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. مەن ئۈچۈن غەيرىي تۇيۇلغىنى بويىنىدا ئالتۇن زەنجىرلىك مېدالىيون ئېسىقلىق ئىدى. مېدالىيوننىڭ شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكىنى كۆرمىگەن بولسامۇ يۇڭلۇق مەيدىسىنى توسۇپ تۇرغان جىگەررەڭ كۆڭلەك

ئاستىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كىچىك بالىدەك ئۇنى توختىماي سىيلاپ ئويناپ كېلەتتى. «توۋا،- دەيتتىم ئىچىمدە،- نېمە بولدىكىنە بۇگۈن ماۋۇ ئادەمگە، شۇنداق يارىشىملىق بۇرۇتىنى ئويىنماي مېدالىئون ئويناۋاتقىنىنى قارىمامدىغان خوتۇن كىشىدەك» .

- شۇنداق ئۇستام، بەزىدە ئادەم ئۆزگىرىپمۇ قالىدۇ،- دېدى ئالىم ئاكا سوئالىمغا.

- مېدالىئون ئىسىۋالغىنىڭىزغا قارىغاندا سىزمۇ ئۆزگىرىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟- دېدىم پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي چاقچاق قىلىپ.

- ها، ها... بەك يامان نېمە جۇمۇ سىز ئۇستام. مۇشۇنى نەزىرىڭىزدىن ساقىت قىلماپسىز. كۆزىڭىز بۇركۇتنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۇردە سىزنىڭ،- دېدى ئالىم ئاكا تاماكىسىنى ئالغاچ.

- يەڭگەمنىڭمۇ قالتىس ھۇنىرى بار ئىكەن ئالىمجان ئاكا، چوكانلارنىڭ يامان كۆزىدىن، جۇۋانلارنىڭ يامان سۆزىدىن كۇنلەپ مېدالىئونىڭىزغا ئەپسۇن پۇتۇپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟

- بەللى مانا تاپتىڭىز، يەڭگىڭىز مېنى بەك ئاسرايدۇ دەڭا، خۇددى مەن بۇ تۇمارنى ئەتىۋارلاپ ئاسرىغاندەك،- ئالىم ئاكا يەنە سىيلاپ قويدى.

تۇمارنى مېدالىئون دەپ خاتا پەرەز قىلىپ قويغىنىمغا خىجىل بولۇپ بىر ئاز جىمىپ قالدىم - دە، يەنە چاندۇرماي سۆز تاشلىدىم.

- دېمىدىممۇ، مانا مەن دېگەندەك چىقتى. ئۇ تۇمارغا ھەرقاچان سىزنى خېنىملارغا سەت كۆرسىتىدىغان ئايەتلەر پۇتۇلگەن گەپ.

- راست دەيسىز ئۇستام، بۇ ئايەت ئاشۇنداق سېھىرلىك ئايەت. ئەمما خاسىيىتى بەك چوڭ دەڭا، مانا ئاز قالدۇق، دادام ھاشىم مەرگەننىڭ كەچۈرمىشلىرىنىڭ شاھىدى بولغان بۇ خاسىيەتلىك تۇمارنىڭ سىرىنى سىزمۇ بىلىپ قالىدىغان بولدىڭىز،- ئالىم ئاكا شۇنداق دېدى - دە، سول تەرەپكە بۇرۇلۇشۇمنى ئىما قىلدى.

بىز تاشيولدىن چىقىپ ئەگرى - بۈگرى توپىلىق يول بىلەن ئانچە ئۇزاق يۇرمەيلا ساي ئىچىگە جەينەكتەكلا ئۇسۇپ كىرگەن بىر دوقمۇشنىڭ بېشىغا كېلىپ ماشىنىنى توختاتتۇق. قارىغاندا، بۇ خاسىيەتلىك تۇمارنىڭ سىرى مانا مۇشۇ دوقمۇش بىلەن باغلىنىشلىقتەك قىلاتتى.

* *

بۆرە تۇمشۇق دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دوقمۇش يىراقتىن ئىنچىكىلەپ قارىسا تۇمشۇقىنى ئالدى پۇتىغا قويۇپ ياتقان بۆرىنىڭ بېشىغا ئوخشايتتى. قىر ئۇستىدىكى يۇلغۇنلار بۆرىنىڭ يايلىنى ئەسلىتەتتى. سايىنىڭ ئىچى شىۋاق، قومۇشقا ئوخشاش چۆل ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئاخىرى كۆز يەتمەس قويۇق جاڭگاللىقلارغا ئۇلىشىپ كېتەتتى. تۇمشۇقنىڭ ئاستىدا سۇكۇتكە چۆمگەن بۇ دالانىڭ كۆز يېشىدەكلا سىزغىپ چىقىپ تۇرىدىغان بۇلاق بولۇپ، بىرقانچە يۇز مېتىر ئارىلىققا ئېقىپ بېرىپ يەنە يەرگە سىڭىپ كېتەتتى.

ھاشىم مەرگەن ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ دەل چىڭقى چۇش مەزگىلىدە بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا بۇ جاي ئوبدانلا تونۇش ئىدى. ھاشىم ئون يىلنىڭ ئالدىدا بۇ بۇلاققا سۇ ئىچكىلى كەلگەن بىر توپ جەرەنگە دۇچ كەلدى. جەرەنلەر قاچتى، ھاشىم ئات سېلىپ قوغلىدى. ئون مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا ھاشىم ئۈچ جەرەننى يىقىتتى. شۇندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى ھاشىم مەرگەن دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. بۇ نامنى ئۇ ئۆزىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى.

بورتال دەرياسى ئېقىنىنىڭ شىمالىي ۋادىسىدا قەد كۆتۈرگەن بۇ يېڭى شەھەر، ئۇ چاغلاردا بىرنەچچە يۇزلا ئائىلىسى بار كىچىك بازار ئىدى. دەريا ياقىلاپ جايلاشقان كەنت، قورۇقلار توپىلىق چىغىر يوللار بىلەن تۇتىشاتتى. ئۈچ تەرىپى قارىغايلىق ئېگىز تاغلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بۇ كەڭ دالا غەربتىن شەرققە تەدرىجىي پەسىيىپ، پەسەيگەنسېرى كەڭرىپ ئاخىر ئېبنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرى ئارقىلىق جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ. تاغ ئېتەكلىرى پايانسىز ئوتلاقلار، سايلىرى رەخت ئۇستىگە چېكىلگەن گۇلدەك سۇزۇك بۇلاقلار بىلەن گىرەلەشكەن. دەريا ياقىلاپ سوزۇلغان بۇك تاللىقلار، سازلىقلىرىدا تۇتاش كەتكەن قومۇشلۇقلار، سۇسىز دالالىرى يۇلغۇن، سۆكسۆك، توغراقلار

www.uyghurkitap.com

بىلەن قاپلانغان.

هاشىم مەرگەن دەسلەپتە يۇنۇس باينىڭ ئۆيىدە ياللىنىپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئىشچان، سەممىيلىكى، ياش ھەم بەقۇۋۋەتلىكى يۇنۇس بايغا ياراپ قالدى. ئۇ دەسلەپتە ئېكىنزارلىقنىڭ ئېغىر ئىشلىرىنى قىلدى. كېيىنرەك ئېكىنزارلىقنى باشقۇرۇش، چارۋىچىلارنىڭ كەم - كۈتىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىشتەك ئىشلارنى ئۈستىگە ئالدى. بۈگۈنمۇ ئۇ قوزىلارنىڭ ئەي بولۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىگەچ چارۋىچىلارغا تۇز ئېلىپ ماڭغانىدى.

بۆرە تۇمشۇققا يېتىپ كەلگەن ھاشىم مەرگەن تۇز ئارتىپ كەلگەن ئۈچ ئېشەكنىڭ يۈكىنى چۈشۈرمەيلا ئۆزى مىنىپ ماڭغان ئېشەكنىڭ توقۇمىنى يېشىۋېلىپ ئېشەكلەرنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. تاڭ يورۇماستىنلا يولغا چىققان ئېشەكلەر دالا چۆپلىرىنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنى ئىشتىھا بىلەن ھىدلاپ تۇمشۇقلىرىنى يەرگە تىرىدى. ھاشىم مەرگەن توقۇمنى بىر قۇرام تاشنىڭ يېنىغا يايدى. ئاندىن قورسىقىنى ئەستەرلىۋېلىش ئۈچۈن بۇلاق سۈيىدىن قانغىچە ئىچىپ، خورجۇندىن گىردىسىنى ئالدى - دە، توقۇم ئۈستىدە يانپاشلىدى.

كۈن پاتقىچە مەنزىلگە يېتىمەن دەپ ئويلىغان مەرگەن ناننى چاينىغاچ، ئۇنىڭ خىيالىدا: گۈلسۈمخاننىڭ ئۆزمەي قويۇپ تۇردىغان قىزىق قايماق چىيى، داستىخىنىغا تولدۇرۇپ قويۇلغان بوغۇرساق، ئېرىمچىنىڭ، سېرىقمايلار چايدىن كېيىن سىرىكچاننىڭ يانپاشلاپ يېتىپ سۆزلەيدىغان تۈگىمەس قىزىق گەپلىرى، قازانغا تولدۇرۇپ سېلىنغان گۆش، تاماقتىن كېيىن سورۇپ - سورۇپ قويۇلىۋاتقان قىمىزلار گەۋدىلەندى. بىردىنلا ئۇنىڭ دىمىغىغا پىشقان گۆشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلغاندەك بولدى. قۇرۇق نان ئەمدى گالدىن ئۆتمىدى. قالغان يېرىم گىردىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن خورجۇنغا سالدى. ئېشەكلەرگە قاراپ قويۇپ يەنە بىردەم چۆپ چاينىۋېلىشقا قويۇپ كۆزىنى يۇمدى. دەل شۇ پەيتتە يىراقتىن بىر جۈپ يېشىل نۇر ھاشىم مەرگەن تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

ناھايىتى ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ نەچچە كۈندىن بېرى ئېغىزىغا تۇزۇكرەك بىرەر نەرسە سالمىغان چىشى بۆرە بۇنداق ئامەتنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىمايتتى. چىشى بۆرە سەپەر ئۈستىدە بىرنەچچە قېتىم جەرەنلەر توپىغا يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جانىۋارلار چىشى بۆرىگە تۇتۇق بەرمىدى. بۇ دۆرەم ئەمدى ئېھتىيات قىلماي بولمايتتى، چىشى بۆرە كۆز ئالدىدىكى بۇ ئولجىلاردىن قۇرۇق قالماسلىق ئۈچۈن پەم بىلەن نىشانغا يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئېشەكلەر بۆرە تۇمشۇقنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئوتلاۋاتاتتى. چىشى بۆرە تەسكەي تەرەپتىن بىلەن كېلىپ بۆرە تۇمشۇق ئۈستىدىكى بىر يۇلغۇننىڭ ئارقىسىغا كېلىپ يوشۇرۇندى. نىشان يېقىنلا يەردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چىشى بۆرە ئالدىدىكى نىشانلارنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقىپ، نەزىرى ئۈستىگە يۈك ئارتىلمىغان بىرسىگە كېلىپ توختىدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ھەممىسىنى ئولجىغا ئالالايتتى - ئورنىدىن تۇرۇپ بىرلا ئېتىلسا ئانچە كۈچىمەيلا بۇ مەخلۇقلارنىڭ بويىنىغا ئۆتكۈر چىشىنى پاتۇرۇپ تومۇرىنى ئۈزۈۋېتەتتى. خالىغان يېرىنى يەپ، قېنىنى ئىچىپ ئاشقىنىنى قوزغۇنلارغا تاشلاپ كەتسە بولىۋېرەتتى. بىراق بۇنداق قىلىش بۆرىلەرگە نىسبەتەن تولىمۇ نامەردلىك ئىدى. ياشاش ئۈچۈن قورساقنىڭ تويۇشىغىلا قانائەت قىلىش ئاجىز، قورقۇنچاقلارنىڭ ئىشى. بىرسىنى يېيىش ئۈچۈن ئۈچىرىغىنىنى بوغۇپ، ئۆدۈل كەلگەن يېرىنى تىلىپ تاشلاپ سۈر - توقاي قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچ - ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇشى چۆلنىڭ شىجائەتلىك، جەسۇر ئەركىسى دېگەن نامىنى بۇلغىغانلىق ئىدى. چىشى بۆرە ئىلگىرى نۇرغۇن قېتىملىق ئوۋلارنى ئەنە شۇنداق قىلغانىدى. بۇنداق كۆڭۈللۈك ئوۋلارنى باشقىلار بىلەن - جۈپتى، يايلى قىلىن، بىشى يوغان ئەركەك بۆرە بىلەن ماسلىشىپ ئېلىپ باراتتى. يوغانباش ئاشۇنداق ئوۋلاردا يوشۇرۇن پىستىرمىدا تۇراتتى. تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ جەرەنلەر توپىنى مەلۇم نىشانغا ھەيدەپ بېرەتتى. پۈتۈن كۈچى بىلەن جانى ئېلىپ قېچىۋاتقان جەرەنلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۆرۈپ يېقىتىش، بوغۇپ ئۆلتۈرۈش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - ھە، چىشى بۆرە ئەنە شۇنداق ئوۋلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يوغانباشنى ئەسلەپ قالدى. بۈگۈن ئۆزى يالغۇز

بولسىمۇ يوغانباشنىڭ روھىنى خۇش قىلغىدەك بىر ئوۋ قىلىش كېرەك. بۇ مەخلۇقلارنىڭ قانچە چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قوغلاپ يۈرۈپ ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشى لازىم. قوغلاشمۇ ئۇستۇنلۇك، باتۇرلۇقنىڭ ئىپادىسى... پىلان تۈزۈلۈپ بولدى. ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يۈگۈرسىلا ئېشەكلەر ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە ئۇلارنىڭ ئىسسىق قېنى بۆرىنىڭ ئاغزىدا ئاقىدۇ...

ھاشىم مەرگەن شىلدىرلىغان بىر شەپىنى سەزگەندەك بولدى ۋە ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. ئوتتۇز قەدەمچە ئارىلىقتا بىر بۆرە ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى. ھاشىم مەرگەن ھودۇققىنىدىن يېنىدىكى قورام تاشنىڭ دالدىسىغا قانداق ئۆتىۋالغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى. مىلتىقىنى ئېلىۋالمىغانلىقى ئۇچۇن قاتتىق ئۆكۈندى. بۇنداق جىددىي پەيتتە مىلتىق بولغىنى بىلەنمۇ بەربىر ئىدى. ھاشىم مەرگەن كۆزلىرى چەكچەيگەن پېتى بۆرىگە قاراپ قېتىپ قالدى. ئېشەكلەر ھاڭراپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە چېپىشتى. بىراق بۇ ئىش قانداق تېز يۈز بەرگەن بولسا شۇنداق تېز توختاپ قالدى.

شۇ ئارىلىقتا چىشى بۆرە بۆرە تومشۇقىنىڭ كۈنگەي باغرىغا ئۆلىشىپ بولغانىدى. ئۇ بىرىنچى سەكرەشتە يۇلغۇن يېنىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ھاشىم مەرگەننى كۆرۈش بىلەن بىر جۈپ تونۇش كۆز قادىلىپ تۇرغاندەك ئۈچىنچى قەدەمنى ئېلىش ئارىلىقىدا قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. تىزىنى يەرگە تىرەپ سوڭگىچى ئارقىلىق خېلى يەرگىچە سۈركىلىپ بېرىپ زوڭ ئولتۇرغان بىر تونۇش چىرايىنىڭ ئالدىدا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئاياغلىرىدىن ئۇچۇپ چىققان شېغىللار بۆرە تومشۇقىنىڭ ئاستىغىچە دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

بۆرە ھېچقاچان بىرەر نەرسىنى خاتا تونۇپ باقمىغانىدى. ئۆزى ئازابلىنىۋاتقان ئاشۇ چاغدىكى تونۇش چىراي، ئالدىدىكى قورام تاشنىڭ دالدىسىدا خۇددى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆزىگە ئوخشاش قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدا بىر جۈپ قارا تۆشۈكى بار ئۇزۇن قارا نەرسە بار ئىدى. بېشىغا، بەدىنىگە قوي تېرىسىدىن قىلىنغان نەرسىلەرنى ئارتىۋالغانىدى. كۆزىدىن ئىچ ئاغرىتىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ھېسسىيات چىقىپ تۇراتتى. ئاغزىنىڭ ئۈستىدە قىرو باسقان تۈكلەر دىڭگىيىپ تۇراتتى. ھازىر ئۇ قىياپەتلەر ئۆز ئەينى بولمىسىمۇ، ئەمما ئاغزىنىڭ ئۈستىدىكى تۈكلەر، دەسلەپتە ياۋۇز، كېيىن مېھرىلىك تۇيۇلغان كۆزلەر يەنە شۇ ئىدى. چىشى بۆرە ئاسمانغا قاراپ ئاچچىق ھۇۋلىۋەتتى-دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ تېزلا غايىب بولدى.

ھاشىم مەرگەننىڭ پىيالىدەك چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرى قايتىدىن ھەرىكەتكە كەلدى. يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈردى، قولىدىكى تاياقنى سىقىمدىغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ: «يا پەرۋەردىگار، شۇ پەيلى بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن بولسا - ھە! گەپ يوق تۈگەشكەن بولاتتىم، بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ ئامانلىق ئاتا قىلغان ئاللا ئىگەمگە مىڭ قاتلا شۈكۈر» دەۋەتتى.

ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاقتاندەكلا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىدىن كېيىن مەرگەننىڭ ھەرىكەتتىن توختاپ قالغان سەزگۈلىرى قايتىدىن ئويغىنىپ، تونۇشلا بىر جۈپ يېشىل نۇر كاللىسىدىن يالت قىلىپ ئۆتكەندەك بولدى. ئاۋازىمۇ تونۇشلا ئاۋاز - پۈتمەس غەزەپ، ئاچچىق نالە ئارىلاشقان ئاۋاز، ھايات - ماماتلىق پەيتىدىكى ئېلىشىشقا تەييارلىنىش ئاۋازى... بىردىنلا مەرگەننىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋەھىمە بۇلۇتلىرى تارقاپ كۆڭلى پاللىدە ئېچىلىپ كەتتى - دە، يېقىن دوستىدىن دېرەكسىز ئايرىلىپ قالغاندەك «ئايزە» دەپ تۈۋلىۋەتتى.

مەسۇم قارىي ياۋاش، بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلمايدىغان تەقۋادار كىشى ئىدى. ئۇ ھاشىم مەرگەن بىلەن يۇنۇس بايغا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئوتاقچى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ھاشىم مەرگەن يەرگە ساپان سىلىنغاندىن باشلاپ سۇ تۇتۇش، قوناق تۆپىلەش، ئورما ئورۇش، خامان تېپىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە قارىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلەيتتى. خامان ئالىدىغان مەزگىلدە قارىمنىڭ قوشناچىمى گۈلشەن خېنىم چۈشلۈك تاماقنى خامانغا ئېلىپ كېلەتتى. قوشناچىم قارىمنىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەن چۈمبىلىنى چۈشۈرۈۋالاتتى. تاماق يېيىلىپ قايتقىچە چۈمبەل بىلەن ئولتۇرغاچ ھاشىم گۈلشەن خېنىمنىڭ چىرايىنى پەقەت ئۇ تەرلىرىنى

سۈرتكەندىلا چالا - پۇچۇق كۆرۈپ قالاتتى.

بىر كۈنى گۈلشەن خېنىمنىڭ ئىشى چىقىپ قالدى بولغاي، غىزانى ئۇن ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ئېلىپ كەلدى. چۈمبەلسىز، يالاڭ ئاياغ ھالدا بەخىراماان كېلىۋاتقان قىزنى كۆرگەن مەسئۇم قارىينىڭ چىرايى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتتى - دە، قولىدىكى ئارىنى تاشلىۋېتىشىنىمۇ ئۇنتۇپ يۈگۈرگەن پېتى قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى. قارى نېمىلەرنىدۇر دەپ كايىپ قىزنىڭ قولىدىكى تاماق كورسىنى ئالدى - دە، قىزنى شۇ يەردىلا قايتۇرۇۋەتتى.

ھاشىم مەرگەن قىزنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرمىسىمۇ ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى، سىلىق، يەڭگىل قەدەم ئېلىشلىرى، مەسئۇم قارىينىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپ يەرگە قاراپ تۇرۇشلىرىدىن ھۆسنى - خۇلقى جايىدا، ئەخلاقلىق بىر نازىنىننى تەسەۋۋۇر قىلىپ جىسمىنى قىزىق بىر ئېقىم لەرزىگە سالدى. ئۇنىڭ قارىمىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، بىر يىلدىن بېرى مەسئۇم قارىينىڭ ئۆيىگە بىرقانچە قېتىم بېرىپمۇ ئۇنىڭ بۇنچىلىك بويىغا يېتىپ قالغان قىزىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىگە ھەيران بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ھاشىم مەرگەننىڭ قەلبىدە بىر ئوت يوشۇرۇن كۆيۈپ ۋاقىت ئۆزارغانسېرى قىزنىڭ ۋىسالىدا پۇچىلىنىشقا باشلىدى. ھاشىم مەرگەن بىرەر باھانە - سەۋەب تېپىپ قارىمىنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى، قىز بىلەن دىدارلىشىشنى ئىستەيتتى. شۇنداق قىلىپ يىگىرمە ياشتىن ھالقىپ قالغان شوخ ھاشىم ئاخىر قارىمىنىڭ قىزىل گۈلىنى ئۈزىۋالدى. بىر خاسىيەتلىك كۈز كۈنىدە يۇنۇسباي ھاشىم مەرگەنگە ئاتا بولۇپ ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويىدى.

ئاي، يىللار ئۆتۈپ تۇنجى ئوغۇل ئاسىم دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ئەسقاتىدىغان بولۇپ قالدى. چوڭ قىزى ئاسىيەم ئايزىمەدىن تۆشۈك تالىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئىككىنچى قىزى ئايشەم ھەر كۈنى دېگۈدەك ھەدىسىدىن ئۇنى - بۇنى تالىشىپ ئاپىسىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. قوشماقتەكلا چوڭ بولۇۋاتقان بۇ قىزلىرىنى كۆرۈپ زوقلىنىدىغان ھاشىم تۆتىنچى بالىسىنىڭ ئوغۇل بولۇپ ئاسىمغا ھەمراھ بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى. ھەتتا ئۇ بولغۇسى تۆتىنچى پەرزەنتىگە ئاسىمنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش قىلىپ ئالىم دېگەن ئىسىمنىمۇ ئويلىشىپ قويىدى. ئەمما تۆتىنچى پەرزەنتىمۇ قىز تۇغۇلدى. ھاشىم مەرگەن تەڭرىنىڭ بۇ رەھمىتىنىمۇ خۇشال قوبۇل قىلدى ۋە قىزغا ئامىنەم دەپ ئات قويىدى. ئامىنەم تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ھاشىم مەرگەنگە مەڭگۈ يادنامە بولۇپ قالغان، شۇنداقلا ھاياتىدىكى بىرقانچە قېتىملىق خەۋپتىن ئامان قېلىشىنىڭ ۋە ئۆزلۈكسىز كەلگەن ئامەتلەرنىڭ يىلتىزى بولغان بىر ئىش يۈز بەردى.

قويلارنىڭ تۈللەش مەزگىلىگە يېقىن ھاشىم مەرگەن مالچىلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ھەم يۇنۇسباينىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئېلىپ قىشلاققا يول ئالدى. مەرگەن بۇ سەپىردە تاغدا بىرنەچچە كۈن ھايال بولۇپ قالدى. مالچىلار بىلەن ئوۋ قىلىپ قىشنىڭ ئاخىرقى ئوۋ پەيزىنى سۈردى. قايتىشىدا يۇنۇسباينىڭ تاپشۇرۇقىغا جاۋابەن ئۆزىنىڭ مۆلچەرىنى مولجا قىلىپ توغراقلىق جاڭگالغا خېلى ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. يۇنۇسباي كۆزى ئېچىلمىغان بۆرە كۈچۈكىدىن تېپىپ بېقىۋېلىشنى خېلىدىن بېرى ئارزۇلاپ يۈرەتتى. ھاشىم مەرگەننىڭ بۇ ئەتراپتا چىقمىغان تاغ، كىرمىگەن جاڭگاللىرى ئاز بولسىمۇ بۇ نۆۋەت ئىلگىرى قەدىمى يەتمىگەن جايلارغىچە ئىچكىرىلەپ كەتتى. يول ئۈستىدە ئىككى توشقاننىمۇ ئېتىپ غانجۇغىلىۋالدى. ئاخىر ئۇ ئىزدىگەن ئولجىسىنى يولۇقتۇرالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ ئارقىغا قايتتى - دە، چۈش قىيىنلىغاندا بۆرە تۇمشۇققا يېتىپ كەلدى.

مەرگەن ئاتنى چۈشۈۋەتتى، ئاندىن تۇۋرىسىنى بويىنىغا ئېسىپ قويۇپ، مىلتىقىنى دولىسىغا سېلىپ ئەپلىكرەك جاي ئىزدەپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا ئولتۇراي دېگەندە ئاچچىق نالە قىلغان بوش بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى. تازا زەن سېلىۋىدى، ئۇنى ھېچنېمىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتالمىدى، ھاشىم مەرگەن مىلتىقىنى ئېلىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئېھتىيات بىلەن قەدەم باستى. ئىككى يۈز مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئاۋاز بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ تېخىمۇ يېقىن بېرىپ قاراپ ئۆز كۆزىگە

ئىشەنمەيلا قالدى. قورام تاشلار ئاستىدىكى كىچىك ئۆڭكۈردە بىر چىشى بۆرە بېشىنى ئىنىدىن چىقىرىپ غىڭشىۋاتاتتى. ئۇزايىدىن تولىمۇ ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

بۆرىنىڭ ئۆتكۈر سېزىمى قانداقتۇر بىر غەيرىي پۇراقنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاماپ تۇرۇۋاتقان ئاچچىق تولغاق ئازابى ئۇنىڭ قارشىلىق قىلىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. چىشى بۆرە ھاشىمنى كۆرۈپ قورقتى بولغاي، ئىنىنىڭ ئىچىگە ئازراق سۈرۈلدى. بىراق يەنە نېمە ئۈچۈندۇر توختاپ قالدى. بەدىنىدىكى قانلىرى سىرتقا ئېقىپ چىقىۋاتقاندەك ھالسىزلانىدى. ئالدىدا تۇرغان بۇ دۈشمىنىنىڭ رەھىم قىلمايدىغانلىقىنى، قولىدىكى نەرسىنىڭ تولىمۇ رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋە كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان بالىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ دۈشمىنى بىلەن ئېلىشىش قارارىغا كەلدى. ئاچچىق ئاغرىق دەستىدىن بوشاپ كېتىۋاتقان بەدەنلىرىنى زورىغا ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئالدىغا سىلجىدى. ئالدىدىكى دۈشمىنىنى چايناپ پۇركىۋېتىدىغاندەك غەزەپ بىلەن بوش ھۇۋلىۋەتتى. ئۇ يوغانباشنىڭ مۈشۈنداق خەۋپلىك پەيتتە ئۆزىنى يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ ئۇنىڭغا نەپرەتلەندى. ئۆزى ھالاك بولسىمۇ بالىلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بارلىق غەيرىتىنى يىغدى. لېكىن ئۇ ئالدىدىكى بۇ دۈشمىنىگە ئېتىلىپ بارالمايتتى. ئۇ دۈشمىنى يېقىنلاشسىلا ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن پارچە - پارچە قىلىۋېتىشكە تەييارلاندى.

ھاشىم مەرگەن تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى. چىشى بۆرىنىڭ تولغاق ئازابى تارتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. يۇنۇسباي «ئۇچراپ قالغىدەك بولسا بىرەر بۆرە كۈچۈكى تاپقاچ كېلەرسەن» دېگەنىدى. كۈچۈكلەر يەرگە چۈشۈپ بولسىلا چىشى بۆرىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. مەرگەن ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن بۆرىگە بىر ھازا قاراپ تۇردى. بۆرە ئازاب ۋە غەزەپ ئىچىدە تىپىرلايتتى. كۆزلىرىدىن يېنىۋاتقان نۇر ياشقا قوشۇلۇپ ئېقىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

مەرگەن بىردىنلا ئايزەمنى ئەسلىدى.

ئايزەمنىڭ تولغىقى يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىزلا باشلانغانىدى، ئالدىنقى ئۈچ بالا تۇغۇلغاندا ھاشىم مەرگەن تۇغۇت ئۈستىدە بولالمىغانىدى. بۇ نۆۋەت تولغاقنىڭ قانچىلىك ئاچچىق، تۇغۇتنىڭ قانچىلىك قىيىن ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئايزەم تولغاق ئازابىغا چىدىماي ۋارقىرىدى. ئۆزىنى ئۇيان - بۇيانغا تاشلايتتى. پېشانىسىدىن مونچاق - مونچاق سوغۇق تەر قۇيۇلدى. ئۇخلاپ قالغان بالىلار ئويغىنىپ ئۆي ئىچىدە قىيامەت بولغاندەك يىغا - زارە باشلاندى. مەرگەن نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. پەقەت ئايزەمنىڭ «ئاپامنى. . .» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئېسىگە كېلىپ قىشنىڭ كۈنلىرى ئىكەنلىكىنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ يېلىڭ كىيىملىرى بىلەنلا قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە چاپتى. مەرگەن قېينانىسى بىلەن مەھەللىنىڭ تۇغۇت ئانىسىنى باشلاپ ئۆيگە كىرگەندە ئايزەم چىشىنى چىشلەپ، قولىنى قاتتىق تۈگكەن پېتى ئىڭراپ ياتاتتى. بالىلارنىڭ ئۆڭ - سۆلى ئۆچكەن بولۇپ، چوڭ قىزى ئاسىيەم ئانىسىنىڭ يېنىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. ئەنە شۇ كۆرۈنۈش ھاشىم مەرگەننىڭ يۈرىكىنى قاتتىق ئېزىپ، بەدەنلىرىنى جىغىلدىتىۋەتكەنىدى. ئانىلىق مېھرىنىڭ نېمىشقا شۇنچىلا كۈچلۈك ھەم يۇمشاقلىقىنى شۇ ۋاقىتتا تېخىمۇ ئېنىق بىلگەنىدى. شۇلارنى ئەسلەپ ئۇنىڭ بىردىنلا يۇنۇسبايغا ئۆچلۈكى كەلدى. ئۇ ئارقىغا قايتىپ غانجۇغىدىكى ئىككى توشقاننى ئەكىلىپ بۆرىنىڭ ئىنى ئالدىغا قويدى - دە، چىشى بۆرىگە ئېچىنىپ يېقىملىق نەزەر سالغاچ كېتىپ قالدى. بۆرىنىڭ ئازاب ۋە غەزەپ ئارىلاشقان كۆك كۆزلىرى ھاشىم مەرگەننىڭ مېڭىسىدە ئۆچمەس ئىز بولۇپ قالدى. ھاشىم مەرگەن چىشى بۆرىگە ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «ئايزە» دېگەن ئىسمىنى قويۇۋالدى.

ئارىدىن بەش ئاي ئۆتۈپ كەتتى. شۇ يىلى ھاشىم مەرگەننىڭ ئاشلىقى ئوخشىدى، ئورما باشلىنىش ئالدىدا ھاشىم مەرگەن سەھەردىلا ھارۋىنى قوشۇپ چىغ ئەكىلىش ئۈچۈن جاڭگالغا يول ئالدى.

شۇ كۈنى ئايزە يوغانباش بىلەن

كۆچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دالا سەيلىسىگە چىقتى. تۈكلىرى يېتىشىپ پارقىراپ كەتكەن كۆچۈكلەر بىر - بىرى بىلەن ئويىنىشىپ، موللاق ئېتىشىپ بىردە ئايزەنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، بىردە ئارقىدا قېلىپ قانغىچە ئويناشتى. ئالدىغا ئۇچرىغان توشقانلارغا قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ قاراپ ئارقىدىن قوغلاپمۇ قويۇشتى. چۈشكە يېقىن ئايزە بىلەن يوغانباش ئېگىزرەك بىر دۆڭلۈكتىكى چۆپلۈكتە سۇنايلىنىپ يېتىشتى. كۆچۈكلەر بولسا ئويىنىشىپ يىراقلارغا كېتىپ يەنە قايتىپ كېلەتتى. يوغانباش ئۆزىنى تاشلاپ خاتىرجەم ياتاتتى. ئايزە بولسا بالىلىرىنىڭ ئويۇنلىرىغا زوقلىنىپ كۆزىتىپ ياتاتتى.

هاشىم مەرگەن چىغ ئورۇۋېتىپ يېقىنلا يەردە موللاقلىشىپ ئويىنىشىۋاتقان ئىككى كۆچۈكنى كۆرۈپ قالدى. يەنە ئىككىسىنىمۇ كۆردى، كۆچۈكلەر تۆت ئىدى. هاشىم مەرگەن كۆچۈكلەرنىڭ ئوماق، شوخ قىلىقلىرىغا قىزىقىپ خېلىغىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئادەم بولمىغان بۇ چەت جاڭگالدا ئىت كۆچۈكلىرىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن هاشىم مەرگەن ئۇلارنىڭ بۆرە كۆچۈكلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئانا بۆرىنىڭمۇ چوقۇم بىرگە بولىدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئەتراپقا قارىدى.

ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان ئايزە هاشىم مەرگەننى تونۇپ يوغانباشنىڭ ئۇنىڭغا خەۋپ يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن سال سەگەكلەشتى. يوغانباش شۇ ئارىلىقتا ئورنىدىن قوزغىلىپ هاشىم مەرگەننى كۆردى - دە، دەررۇ سەگەكلەشتى. يوغانباشنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن ئايزە: «ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز، ئۆزۈڭنى بېسىۋال» دېگەندەك بوش هوۋلاپ يوغانباشنىڭ مەيدىسىدىن قېقىۋەتتى. ئۇ ئايزەنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيدى ۋە نىيىتىدىن يېنىپ ياۋاشلىق بىلەن ئايزەگە ئەگەشتى. كۆچۈكلەرمۇ ئويناشقان پېتى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالدى. چىغنى سىقىمدىغان پېتى قېتىپ قالغان هاشىم مەرگەن كۆچۈكلەرنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان چوڭ بۆرىلەرنى كۆرۈپ زور خەۋپتىن ئامان قالغىنىغا شۈكۈر قىلدى ۋە ئايزەنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ قالدى.

ئاردىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئايزەمۇ ئىككى قېتىم كۆچۈكلىدى. ئۈچىنچى يىلى باش باھارنىڭ بىر كېچىسى ئايزە كۆچۈكلىرىنى ئىندا قالدۇرۇپ يوغانباشنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا چىقتى. ئۇلار قانچە ساي، قىرلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بىر جىلغىغا كەلگەندە قوي قوتىنىغا يولۇقتى. ئادەت بويىچە يوغانباش بىر تەرەپتىن كېلىپ قويلارنى قوغلاپ چىقىش، قېچىپ چىققان قويلارنى ئايزە بىر ياقتىن چىقىپ بوغۇپ ھۇجۇم قىلىشنى بۆلۈشۇۋالدى. ئايزە پەيتىنى كۈتۈپ ئېگىزرەك بىر جايغا يوشۇرۇندى. يوغانباش قوتانغا يېقىنلىشىۋاتقاندا سەزگۈر ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئادەملەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى جىلغا ئىچىنى قاپلىدى. مالچى مىلتىقىنى ئېلىپ ئىتلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. يوغانباش جىم يېتىۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئىتلارنىڭ ئاۋازى پەسەيدى. ئەمما تەجرىبىلىك مالچى كۆڭلى بىر خەۋپنى تۇيغاندەك، قوتاننىڭ يېنىدىكى ئەپلىك بىر جايغا يوشۇرۇنۇۋالدى - دە، مىلتىقىنى بەتلەپ ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ ياتتى. يوغانباش ۋاراڭ - چۇرۇڭ جىمىققاندىن كېيىن قوتان تەرەپكە يەنە سىلجىدى. هوشيار مالچى بۇ قېتىم يېقىنلىشىۋاتقان نەرسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆردى. دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يوغانباشنى قارىغا ئالدى. يوغانباش قوتان تەرەپكە ئېتىلدى. «پاڭ» قىلغان ئاۋاز سايىنىڭ ئىچىنى زىلزىلىگە سېلىپ يىراقلارغا سىڭىپ كەتتى. ئىتلار قايتىدىن قاۋاپ كەتتى. ئوق يوغانباشنىڭ تۇمشۇقىغا تېگىپ باش سۆڭىكىنى چېقىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئايزە، يوغانباشنىڭ قوتانغا قانداق يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرغاچقا، ئاۋاز بىلەن تەڭ يوغانباشنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە بىر شۇملۇقنى سەزدى. يوغانباشنىڭ يىقىلغان يېرىدە ئادەملەر نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئولجىدىن سۆيۈنگەن مالچى يوغانباشنىڭ تېرىسىنى تولۇمچىلاپ سويۇۋېلىپ قالغىنىنى كۆمۈۋەتتى.

ئايزە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئاچچىق ھۇۋلاپ تاڭ يورۇغىچە ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈردى. يوغانباشنى كۈتتى، قەدىردانىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئېچىنىپ چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ئىنىغا ـ بالىلىرىنىڭ يېنىغا قايتتى.

شۇنداق قىلىپ يوغانباش ئۇلاردىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى.

ياز كېتىپ قىش كەلدى. كۈچۈكلەرمۇ يوغىناپ قالدى. ئايزە يوغانباش يېقىلغان ھېلىقى جايغا نەچچە قېتىم باردى. ئەمما يوغانباشنى، يا قوتاننى ئۇچرىتالمىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۈچۈكلەر چوڭ بولۇپ ئوۋ قىلىشنى، ئۆزلىرى مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگەنگەندى. بىر يىلى كۈزدە كۈچۈكلەر ئۆزلىرىگە جۈپ تېپىشىپ ئايزەنىڭ يېنىدىن غايىب بولدى. ئايزە ئەمدى يالغۇز قالدى. ئۇ تەنھا ھالدا قەيەردە كەچ بولسا شۇ يەردە تۈنەپ، نېمە ئۇچرىسا شۇنى يەپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ يۈردى. ئۇ بەزىدە ئايرىم بولۇپ كەتكەن بالىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپمۇ قالاتتى. ئەمما ئۇلار ياتلىشىپ كەتكەندەك بىرئاز قارىشىپ قويۇپلا يەنە كېتىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئايزە ئازابلىناتتى. يوغانباشنى ئەسلەپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. يوغانباش ھايات چاغدا بەزىدە باشباشتاقلىق قىلىپ ئايزەنىڭ يېنىدىن بىرقانچە كۈن يوقاپ كېتەتتى. قايتىپ كەلگىنىدە ئايزە ئۇنى تونۇمىغان بولۇۋېلىپ قېيداپ يېتىۋالاتتى. يوغانباش ئۇزۇن، يىرىك تىللىرى بىلەن ئۇنىڭ تۇمشۇقىنى يالىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئاچچىقىدىن ياناتتى. ئەنە شۇنداق گۈزەل كەچمىشلەر ئايزەنىڭ چۈشىگە پات - پات كىرىپ قالاتتى، بالىلىرى - تۇنجى قېتىم كۈچۈكلىگەندىن باشلاپ يوغانباش يوقاپ كەتكەنگە قەدەر ئەي قىلىپ چىققان كۈچۈكلىرىنى ئەسلەپ قالاتتى. بالىلىرىنىڭ سۇركىلىپ، غىڭشىپ تۇرۇپ ئەمگەنلىرىنى، تاتلىق قىلىقلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان پۇراق، ئوخشىمىغان بەلگىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزەتتى. ھېچقايسىسىنى ئالماشتۇرۇپ قويمايتتى. ئۇلارنى سېغىناتتى، ئىزدەپ تاپقۇسى، كۆرگۈسى، پۇراپ يالىغۇسى كېلەتتى...

ئايزە چىدىمىدى، دەرد - ئەلەملىرىنى، خاپىلىقلىرىنى، ھەممىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن بىر كۈنى سەھەردە ئويغىنىپلا ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندى.

ئايزە ئېبنۇر كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى قېلىن توغراقلىق جاڭگالدىن يولغا چىقىپ ئاۋۋال شىمالغا قاراپ ماڭدى، ئاندىن ئالاكۆل بويلىرىنى ئايلىنىپ شەرققە بۇرۇلدى. ئۇ يەرلەردىن يەنە جەنۇبقا بۇرۇلۇپ مېڭىپ تەڭرىتېغىغا كەلدى. سەپەر ئۈستىدە سۇغۇر، توشقانغا ئوخشاش ھايۋانلارنىمۇ ئوۋلاپ يەپ ئوۋ ئۇچرىمىسا ئاچ قورساق مېڭىۋەردى. بىرقانچە قېتىم جەرەنلەر توپىغا يولۇققان بولسىمۇ بىكار ئۇرۇنۇشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۇ ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىدىن قايتىپ سايرام كۆلى ئەتراپىدا بىر كېچە تۈنىدى. ئالا تاغ باغرىنى ياقىلاپ بۆرە تۇمشۇقىغا يېتىپ كەلگەندە ـ ئۆزى يالغۇز تۇنجى چوڭ ئوۋنى باشلاش ئالدىدا ـ ھاشىم مەرگەننىڭ ئۈچىنچى قېتىم يولۇقۇشى ئۇنىڭ ئاخىرقى شىجائىتىنى سۇندۇرۇۋەتتى.

ھاشىم مەرگەن ئېسىگە كېلىپ ئايزەنى يادىغا ئالغاندا ئۇ ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئايزەنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان كۆكۈچ نۇر بىر ئىللىق ئېقىمغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ جىسمىنى ئىسسىتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئىككى قېتىملىق خەتەردىن ئامان - ئېسەن قېلىش ھاشىم مەرگەننىڭ ئايزەگە بولغان مېھرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

ھاشىم مەرگەن ئايزەگە تۇنجى قېتىم يولۇققان يىلىدىن باشلاپلا ئۇنىڭ ئىش - ئوقىتى يۈرۈشۈپ ھال - كۈنى ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. يوقسۇزلۇق، ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ ئورنىغا ئامەت، خۇشاللىق ئالمىشىشقا باشلىدى. بەش يىل ئىچىدە يۇنۇسباينىڭ ھويلىسىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىدىن ئۆزى سالدۇرغان ئازادە، يورۇق ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىقتى. ئاشلىقلىرىمۇ يىلسېرى ئوخشاپ، ماللىرى ئوتتۇز تۇياقتىن ئاشتى. ئايزەممۇ كىشىلەرنىڭ ئېشىكىگە دوقۇرۇپ سۈت تىلەشتىن قۇتۇلۇپ ئۆزى ئىنەك سېغىپ سۈت، قايماق قىلىدىغان بولدى. ئۇ ھامىلدار بولۇپ ھاشىم مەرگەنگە بەشىنچى ئوغۇلنى تۇغۇپ بەردى. بۇنىڭلىق بىلەن ھاشىم مەرگەننىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى. ھاشىم مەرگەن بۇ كۈنلەرگە شۈكۈر قىلىپ بىرپەس دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئېشەكلىرىنى يېغىپ كېلىپ مەنزىلگە يۈرۈپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ ھاشىم مەرگەن يەنە بۆرە تۇمشۇقتا تۆتىنچى قېتىم شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم ئايزە بىلەن ئۇچراشتى. بىراق بۇ ئۇچرىشىش ھاشىم مەرگەننىڭ يۈرىكىگە ئازابلىق پۈچەكلىنىش، چەكسىز ھەسرەت بولۇپ قانغا چىلانغان مۆھۈردەك بېسىلىپ قالدى.

شۇ كۈنى ھاشىم مەرگەن ئاتلىق تاغدىن كېلىۋاتاتتى. بۆرە تۇمشۇققا كەلگەندە ئات

www.uyghurkitap.com

ئۈركۈپ مەرگەننى تاشلىۋەتكىلى تاس - تاس قالدى. مەرگەن ئاتنى تەستە توختىتىپ ئالدىغا قارىۋىدى، بۆرە تۇمشۇق ئۈستىدە بىر نەرسىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئاتنى دالدا بىر يەرگە باغلاپ قويۇپ بۆرە تۇمشۇق ئۈستىگە چىقتى. چىقتى - يۇ، تېنى جۇغۇلداپ ئاچچىق ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا قورسىقى يېرىلىپ ئۈچەي - باغرى سىرتقا چىقىپ قالغان، بىر پۇتى ئوشۇقىدىن ئۈزۈلۈپ پايخان بولغان ئايزە قانغا مىلىنىپ ياتاتتى.

هاشىم مەرگەن ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئېسىنى يىغىپ ئايزەنىڭ ئۈچەيلىرىنى ئىچىگە سېلىپ قورسىقىنى يۇلغۇن ياغىچى بىلەن تىكىپ قويدى. كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوشۇقىنى يالداما سۆپىتىدە چىقىرىۋېلىپ ياغلىقىغا ئوراپ قوينىغا سالدى. ئوت - چۆپلەر بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويۇپ قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن ئايزەگە يەنە بىر قېتىم قارىۋېتىپ كېتىپ قالدى.

هاشىم مەرگەن شۇ كېچىسى هەرقانداق قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. كۆز ئالدىدىن ئايزەنىڭ كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان غەزەپلىك كۆزلىرى، ئېچىنىشلىق قىياپىتى زادى نېرى بولمىدى. هاشىم مەرگەن بۇلارنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتىشكە، ئۇنتۇپ كېتىشكە زورۇقاتتى. ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلەتتى. ئۇ ئاخىر بامدات نامىزىغا يېقىن بىر چاغدا كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

ئايزە بۆرە تۇمشۇققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يوغانباشنى قايتىدىن ئەسلەپ قالدى. نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئاچلىق ئايزەنى هالسىزلاندۇرۇپ، نېرۋىلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ تۈنۈگۈن كېچە يوغانباشنى يەنە چۈشەپ قالدى:

ئايزە هېلىقى جىلغىدىكى قوي قوتىنىنىڭ يۇقىرىسىدا يوشۇرۇنۇپ، يوغانباشنىڭ قويلارنى تېزرەك سۈرۈپ چىقىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ياتاتتى. بىر چاغدا بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۈلۈپ چىققان تولۇنئاي كەينىدىن بىر پارچە قىزىل ئوت ئۈچۈپ چىقىپ يەرگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئايزە هەيرانلىق هەم قورقۇنچ ئىچىدە ئۈچۈپ چۈشۈۋاتقان ئوتقا قارىدى. ئۇ بىردەم ئۈچۈۋاتقاندەك، بىردەم يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئايزە ئۇنىڭ هەرىكىتىنى يوغانباشنىڭ هەرىكىتىگە ئوخشىتىپ بېشىنى كۆتۈردى. هېلىقى قىزىل ئوت راستىنلا يوغانباش ئىدى. ئۇ ئايزەگە يېقىنلاپ كېلىپ:

«ئايزە، قېنى ئەمدى تەييارلان، مەن سېنى نائۇمىد قالدۇرمايمەن: مانا هازىرلا قويلارنى قوتاندىن قوغلاپ چىقىمەن، سېنىڭ ئۇ ئولجىلارنى قانداق بوغۇپ، يىقىتىشىڭنى بىر تاماشا قىلاي، مەن ئاتلاندىم ئەمىسە!» ئوت شۇنداق دەۋېتىپ قوي قوتىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە سۈرۈلدى. ئايزە ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىغانىدى، ئۇ بىر پارچە قىپقىزىل ئوت بولۇپ كۆرۈندى، يەنە بىر قارىۋىدى، يوغانباشقا ئوخشاپ قالدى. بېشىنى قايتا - قايتا سىلكىۋېتىپ قايتا قارىغانىدى، قان تامچىلاپ تۇرغان بىر پارچە قىزىل گۆشنى كۆردى. ئايزە بۇنىڭدىن هەيران بولۇپ تۇرىۋىدى، ئۇ سىلىق ئۈچۈپ كېلىپ يامغۇر سۈيى يالاپ كەتكەن بىر ئېقىن بويىغا چۈشتى:

- هوشىيار بول ئايزە، مانا قوغلىدىم!

يوغانباش قوي قوتىنى تەرەپكە ئېتىلدى. ئېتىلدى - يۇ، ئورنىغا دومىلاپ چۈشتى. . .

ئايزە چۈشىدىن ئويغىنىپ يۈرىكى دۈكۈلدەپ سېلىپ كەتتى، ئەتراپقا ئۈمىدلىك قارىدى. ئۆزى تۇرغان دائىرىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. هەربىر ئېقىن، هەربىر جىلغىنى هوشىيارلىق بىلەن پۇراپ مېڭىپ كۆز باغلىنىشقا يېقىن يوغانباشنى يوقىتىپ قويغان هېلىقى جىلغىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يىراقتىنلا يوغانباشنى تونۇدى. يوغانباش ئېگىز بىر خادىغا تۇمشۇقىدىن ئېسىقلىق تۇراتتى. يوغانباشنىڭ بۇ پاجىئەلىك هالىتىنى كۆرگەن ئايزەنىڭ قانلىرى غەزەپتىن ئۆركەشلەپ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا يوغانباش بىلەن ئوۋغا كېلىپ يوغانباش دەل مۇشۇ جىلغا، مۇشۇ قوتاندا غايىب بولغانىدى. ئايزەنىڭ كۆزىگە قان تولۇپ چىشلىرى كاراسلاپ تىترەپ كەتتى. هەممىنى ئۇنتۇپ بۇ يەردىكى جىمى مەخلۇقنى بوغۇپ تاشلاپ يوغانباشنى قۇتقۇزۇپ چىقىشقا ئاتلاندى.

ئىتلار قاۋاشقا باشلىدى. ئەتراپنى قىقاس - چۇقان قاپلىدى. ئايزەنىڭ كۆزىگە يوغانباش ئېسىقلىق هالەتتە تىپىرلاۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. . .

ئايزە يۈگۈرگەن پېتى ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئەڭ يېقىن يەردىكى هەيۋە كۆرسىتىۋاتقان قارا ئىتنى كانىيىدىن ئېلىپلا بوغۇۋەتتى. بۇنى كۆرگەن باشقا ئىتلارنىڭ ئاۋازى ئۆچتى. ئايزە ئارقىدىنلا پىتىراپ يۈرگەن قويلارنىڭ ئۇدۇل كەلگىنىنىڭ قارنىنى يېرىۋەتتى. ئۇنىڭ يېقىنلا يەردە مىلتىق تۇتۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان

مالچىغا كۆزى چۈشۈشى بىلەن قولىدىكى رەھىمسىز نەرسىسى بىلەن قوشۇپ مالچىنى چاپىناپ يۈرەكبۇيتىش ئۆچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېتىلدى. دەل شۇ پەيتتە پاك قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئايزەنىڭ ئاچ بېقىنىنى ئىسسىق بىر ئېقىم تىلىپ ئۆتكەندەك بىلىنىپ ئۇلتۇرۇپلا قالدى. ئەمما ئايزە شۇ هامان ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. ئاغرىق ئازابىنى ئۇنتۇپ ئىككىنچى قېتىم يەنە ئېتىلغاندا يەنە شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوڭ پۇتىنىڭ ئوشۇقىغا قاتتىق بىر نەرسە زەرب بىلەن ئۇرۇلغاندەك كەينىگە نەچچە مېتىر قاڭقىپ چۈشتى. ئۇ يەنە زورۇقۇپ باقتى - يۇ، بىراق بەدىنى بارغانسېرى بوشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ پۇتىنى سۆرەپ ئېقىن ياقىلاپ ئارقىغا قايتتى. خىلى يەرگىچە ئاقساپ بېرىپ بىر سۆكسۆكنىڭ دالدىسىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئاخىرقى ئۈمىد بىلەن يوغانباشقا يەنە قارىدى. ئۇ يەنىلا شۇ يەردە ئېسىقلىق تۇراتتى. ئەتراپتا ۋارقىرىغان ئاۋازلار تېخىچە بېسىقمىغانىدى. ئايزە جاندىن ئۆتۈۋاتقان ئاغرىق ئازابى ۋە قىساس ئىچىدە بۆرە تۇمشۇقىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە پەقەت ئاشۇ بىرلا ئادەم ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلاتتى. ئۆلۈك ئىككى توشقان كۆزىگە كۆرۈندى. ئۇ ئادەمنىڭ بۆرە تۇمشۇقى يېنىدىكى تاشنىڭ دالدىسىدا چەكچىيىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كۆرۈنۈشى نامايان بولدى. ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ گاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، گاھ يىقىلىپ بۆرە تۇمشۇقىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى. . .

بۆرە تۇمشۇق ئۈستىدە ئۈچەيلىرى چۇۋۇلۇپ قانغا مىلىنىپ ياتقان ئايزەنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى تونۇش چىراي پەيدا بولغاندەك بولدى. ئۇ كۆزىنى يۇمدى. يىراقتىن بىر زەڭگەر نۇر ئېقىپ كېلىپ، جەسەت ئەتراپىدا بىرقانچە قېتىم ئايلىنىۋېتىپ يەنە يىراقلارغا ئۇزاپ كەتتى. . .

«يا پەرۋەردىگار، ئەجەب ئېغىر ئۇخلاپ كېتىپتىمىنا.» هاشىم مەرگەن ئاشۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشىدە ئايزەگە ئايلىنىپ قالغىنىدىن ھەيرانۇ ھەس بولۇپ ياقىسىنى چىشلىۋەتتى.

ئايزەنىڭ يالدامىسى بۆشۈكنىڭ بېشىغا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئەمدىلا ئۈچ ئايلىق بولغان ئوغلى ئالىم خۇددى بىر نەرسە دېمەكچى بولغاندەك، دادىسىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ جىمجىت ياتاتتى. هاشىم مەرگەننىڭ تېنى تۇيۇقسىز يېنىك جۇغۇلداپ كەتتى.

هاشىم مەرگەن ئايزەنىڭ ئۆلۈكىنى كۆمۈۋەتمەي ئاي دالاغا تاشلاپ قويغىنىنى يادىغا يەتتى. ئۇ ئالدىراپ تەرەت ئالدى - دە، بامدات نامىزىغا مەسچىتكە بېرىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي لازىملىق سايمانلارنى غانجۇغىلاپ ئۇزەڭگىگە پۇت قويدى.

ئايزەنىڭ ئۆلۈكى ئەسلىدىكى ئورنىدا تۇراتتى. هاشىم مەرگەن ئۇنى ئۆزى يىقىلغان ئورنىغىلا كۆمۈشنى قارار قىلىپ كەتمەننى يەرگە كۈچەپ چاپتى. مەرگەن ئورەكنى يېرىم مېتىردەك كولىغاندا، كەتمەن تاڭ قىلىپلا بىر نەرسىگە تېگىپ قاڭقىپ كەتتى. ئۇ ھەيران بولغىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يەنە ئازراق كولىۋىدى، قولىغا بۆرە بېشى چوڭلۇقتىكى بىر كومزەك چىقتى. هاشىم مەرگەن تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن كومزەكنىڭ ئاغزىنى ئېچىپلا يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. كومزەكتە ۋاللىداپ تۇرغان جاۋاھىراتلار بارئىدى. . .

هاشىم مەرگەن ئايزەنىڭ جەسىتىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆمدى. سايدىن بىر قارا تاشنى ئەكىلىپ قەبرە بېشىغا تىكلەپ ئايزە ئۈچۈن ئابىدە تۇرغۇزدى. ئاندىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر يىلى شۇ كۈن كەلگەندە بۆرە تۇمشۇققا كېلىپ، ئايزەنىڭ ئابىدىسى ئالدىدا ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىش هاشىم مەرگەننىڭ ئادىتىگە ئايلاندى.

* *

بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ بۇلاق بېشىدا تەرەت ئېلىپ بۆرە تۇمشۇق ئۈستىگە چىقتۇق. تۇمشۇق ئۈستىدە غوللىرى شاخ ئايرىغان باراقسان بىر توپ قېرى يۇلغۇننىڭ يېنىدا راست دېگەندەك يامغۇر ۋە شامال سىيلاپ سىلىقلىنىپ كەتكەن قارا تاش قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئالىم ئاكا تاش يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بوينىدىن خاسىيەتلىك تۇمارنى ئالدى. بۇ تۇمار راستتىنلا يۈرەك شەكلىدە ناھايىتى نەپىس قىلىپ ئىشلەنگەن بىر تال ئۆرۈك چوڭلىقىچىلىك ئالتۇن مېدالىيون ئىدى.

ئالىم ئاكا مېدالىيوننى ئېچىپ بىر بۇرجىكى پۇچۇق پارقىراپ تۇرغان ئوشۇقنى ئېلىپ تاش ئۈستىگە قويدى - دە، مۇڭلۇق ئاۋازدا قىرائەت باشلىدى. . .



# ئۈششۈك

## (ھېكايە)

رەپقەت غازى

1

مەن ئىشىككە ئۈچىنچى قېتىم قول ئۇزىتىپ يەنە توختاپ قالدىم. شۇنىڭغىچىمۇ ۋاقىت خېلىلا ئۆتكەن بولۇشى كېرەك. لېكىن شۇ تاپتا ۋاقىتنى ئىدراك قىلغۇدەكمۇ ھەپىلەم قالمىغانىدى. مېنىڭ سىرتقا چىقىشىم بەربىر! مەن ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ئۆز - ئۆزۈمگە ئەنە شۇنداق خىتاب قىلدىم. ياتاقنىڭ ئىچىدە مەقسەتسىز چۆرگىلەۋېرىپ پۇتلىرىم قاتتىق تېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق بىر مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتمايتتىم. لېكىن ئۆزۈمنى زادىلا باسالماي قالغانىدىم. ئىچىمنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدا ئاجايىپ ئېغىر تەسىرات پەيدا بولۇپ مېنى ھەدەپ ھەرىكەت قىلىشقا قۇترىتاتتى. مەن ئەنە شۇنداق غەزەپلىك ۋە يەنە كېلىپ بىچارە ھالدا توختىماي چۆرگىلەيتتىم. ئىشىكتىن چىققاندىمۇ بىرەر مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى ناتايىن. مەن ئەڭ زور قىزغىنلىقىم بىلەن ئىنتىلگەن مۇھەببەتمۇ كۆز ئالدىمدا ئۇچۇقتىن - ئۇچۇقلا بەربات بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇدۇلۇمدىكى ئۆگزىدە كۆرۈمسىز، ئىسلىشىپ كەتكەن بىرنەچچە ئاق قۇشقاچ چۇۋۇرلىشىۋاتاتتى. ئۇلار گويا قەپەستىكى قۇشتەك جىملىقنى بۇزۇپ، ئېتىلىپ تۇراتتى. مەن مەھەللىمىزدىكى ھازىدار ئاياللارنى ئويلاپ قالدىم. ئۇلار ھازا ئاچسا مېنى چىدىغۇسىز سۇر بېسىپ كېتەتتى. بۇنىڭغا كىچىكىمدە دادامنىڭ كېچىسى ۋاڭىلدىتىپ ئوقۇيدىغان سۈرە - ياسىنى سەۋەبچى ئىدى. يۈرەك ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش كەتكەن سانسىز تومۇر بىر - بىرلەپ سوقماقتا. ۋاقىت ئېچىنارلىق ھالدا قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئۆتمەكتە. نۇر بىلەن قاراڭغۇلۇق خام خىيالدەكلا ياتاقنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تولغان. تام - تورۇس دەرد - ھەسرىتىنى پىنھان تۆكۈپ بەرمەكچىدەك ئېگىشىپ، چاپلىشىپ تۇردۇ. مەن ئېغىر كەيپىياتتا. چۈنكى ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ شامنى پۈۋلىگەندىكى يۇمىلاقلىقىنى ئويلىسامىلا يۈرىكىم ئېغىپ كېتىدۇ. ئۇ ئاشۇ كۈنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنىدى. مەن بۇنى ئۇنىڭ «بۇ شەھەردە يۇلتۇزلار ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ» دېگىنىدىن ھېس قىلغانىدىم. مەن دائىملا ئۇنىڭ مۇزلىغان جەستىنى يولدىن تېپىۋېلىشتىن ئەندىشە قىلاتتىم. ئاخىر ئۇ مەندىن ئايرىلىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە مۇنداق دېيىشمۇ بىمەنە. ھېچكىم بىزنى باغلاپ قويمىغانىدى. كارىۋاتنىڭ تۆمۈرىمۇ ھۆل چىۋىقتەك ئېگىلىپ كېتىۋاتاتتى. يوتقاننى قايرىپ ئېچىپ ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولىمەن، لېكىن يوتقان شۇنچىلىك ئېغىر، قولۇم بىلەن ئېچىۋاتىمەن. بىراق قولۇم ئۆزى كۆرۈنمەيدۇ. بېشىمنىڭ ئۈستىدىلا ئۇزۇن بىر تور گويا مېنىڭ تەقدىرىمنى بىر يولىلا ئۇياق - بۇياق قىلىۋەتمەكچىدەك سۇس تەۋرەپ تۇرىدۇ. مەن زورۇقۇپ تۇرۇپ ئويلايمەن. ناۋادا مۇشۇ ياتقىنىمچە ئىككىنچىلەپ تۇرمىسام ھەپتە ئۆتۈپ قوشنام بايقىغىچە مەشەدە قالارمەنمۇ؟ ئۈنۈمنىڭ بېرىچە ۋارقىرىدىم، لېكىن چىۋىن قانىتى ۋىڭىلدىغاندەكلا ئاۋاز ئاڭلاندى. ياق، تۇرۇش كېرەك. تۇرمۇش قانداق بولغۇسى كەلسە شۇنداق بولىۋېرىدۇ. ياتاقتىن چىقماسلىق، ھېچ ئىش قىلماسلىقمۇ بەربىر.

ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئۆزۈمگە زېرىكمەي ۋەدە قىلىشقا باشلايمەن. مەن بۇ كۈننى كۆڭۈللۈك باشلاشنى نىيەت قىلىۋاتقىنىمدا ئىشىك سىڭا بارمىقىمنى قىسىۋالدى. مەن شۇنىڭغا قەدەر كىتابىي يوسۇندا ياشاپ كېلىۋاتاتتىم. دەل شۇ مىنۇتتا «18 ياشتا ئوغلۇم بولغان بولسا، شۇ تاپتا ئىككىمىز مۇڭداشقۇدەك بولۇپ قالاتتۇق...»

دېگەنلەر يالتىدە خىيالىمدىن ئۆتۈپ، ئىچىم مۇزدەك بولۇپ قالدى. ئاندىن كۈتۈپخانىدىكى ھېلىقى ئايالنى ئەسكە ئالدىم. ئۇ ماڭا تولىمۇ مېھرىبانلىق قىلىدۇ. ئۇ بالىسىدىن ئەنسىرىمەي كۈن ئۆتكۈزەلمەيدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۆتمۈش ۋە كېلەچەكنىڭ داۋاملىشىشى دەپ قارايدۇ. بىرنەچچەيلەن «道» (داۋ) خېتىنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشماقتا. سەھەردىكى يامغۇر بىر خىل تەسەللى، شۇنداق، قىزلار داۋاملىق چوڭ بولىدۇ. ھاراق ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئۇلار ئۆپكىدەك قىزىرىپ، ھۆرپىيىشىپ، كەسكىن، كۆڭۈلسىز ۋارقىراشماقتا. بىرسى ياتاقنىڭ ئارقىسىدىكى ئېگىز، قويۇق ئورماننى كۆرسىتىپ شۇنداق دېدى:

- بۇ دەرەخنى نېمىشقا كېسىۋەتمەيدۇ؟ باللار قاراڭغۇدا قورقۇپ ئوينىيالمايدۇ. بۇنداق زىچ ئورمانلىقتا ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ئۇقمىغۇدەك.

دەرەخلەر كېسىلىپ تۈرۈۋاتىدۇ، دەرەخلەر ئۆزلىرىنى قوغداشقا ئامالسىز. بۇنىڭسىزمۇ ئادەملەر خالىغاندا بىر - بىرىنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. بۇ شەھەرمۇ مېنى قوغداپ قېلىشقا ئامالسىز.

- نېمىدەپ ئۇنى ياخشى كۆرگەن؟
- بۇ مېنىڭ زور خاتالىقىم.
- بىر ئادەم ئۈچۈن مۇھىمى نېمە؟
- قىزغىنلىق... ئاغزى يوغان ئاياللار ئەرلىرىنى باقالايدۇ، - مېنىڭ بۇ پاينەكۋاش ئاغىنەم توختىماي سۆزلەيدۇ. ئۇ بىر كۈنى ماڭا: «ياشلىق قىزغىنلىقى سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ» دېگەنىدى.
- چاي ئىچەمسىز؟
- ياق.

ئۇدۇلۇمدا ماڭا چېكەتكىدەك قاراپ ئولتۇرغان قىز قېلىن كەلگەن ئاستىنقى لېۋىنى يىمىرىپ نەمدەپ قويدى. بۇ ماڭا قاتتىق ھار كەلدى. مەن مۇنچىغا كىرىۋېلىپ ئۆزۈمگە ناھايىتى رەھىمسىزلىك قىلغانلىقىمنى ئويلاپ يېتىمەن. ئەمدى مېنى ھېچنېمە توسۇپ قالالمايدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوڭ كوچىدىكى تەنھا روھىم بىلەن بۇياققا نەزەر سالىمەن. ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ ئاخىر بىرلا مۆجىزە. بەلكىم ئەتە تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەرمەن. ئاشۇ سىڭا بارمىقىمنى دو تىكىپ ئولتۇرۇۋېتىشىنىمۇ قايتا - قايتا ھېس قىلىمەن. مەن ھېلىلا بىچارە چاقلار ئاستىدا بەتبەشىرە جەسەت بولۇپ كۆزگە تاشلىنىشىم، بۇ ئارقىلىق ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشىنى قوزغاپ قويۇشۇم مۇمكىن. مەن ناھايىتى قىزغىن ئادەملەرنى كۆرگەن، ئازاب ھېلىقى بىر كۆزلۈك ئادەمنىڭ نەزەرىدە دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل نەرسە، چىرايلىق قوشنامنىڭ نېمىشقا ئېرىدىن زېرىككەنلىكىنى بىر خۇدا بىلىدۇ. جوزامدىكى چاي ئىستاكىنىم ھامان بىر كۈنى چېقىلىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ دۇنيادا يەنىلا بەختلىك ئادەملەر بار. شۇڭا ئۇنى ئانچە ئاۋايلاپ كەتمەيمەن. ئۇ چېقىلغان. دېمەك چېقىلىش بىلەن ساق تۇرۇشمۇ ئوخشاشلا. چېقىلىش - ئۇ مىخ دېگەن سۆز بىلەن باراۋەر. مىخ قولغا قېقىلغان مىخ! مەن ھېچنېمىنى ئۈمىد قىلماسلىققا ئۆزۈمنى كۆندۈرسەم دەيمەن. ئۈمىدنىڭ بولۇش - بولماسلىقىمۇ بەربىر. مېنىڭ ئۇلارغا، ئاشۇ بەختلىك ياشاۋاتقانلارغا ئېچىنغۇم كېلىدۇ. كۆزەينەكلىك ئاداش تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ چۈشەندۈرمەكتە:

- ئۇكا، سەن تېخى بىر سويما، قارا، مەن ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق تىرىشقان. لېكىن ئۇلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ. ئويلاپ باقسام بۇ مىللەت ئۈچۈن مەن نورمىدىن ئارتۇق كۈچەپ كېتىپتىمەن. پۇل تاپىمەن، پۇل! تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ قالسا مۇزىكانتلارنى يىغىۋېلىپ بېشىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ چالغۇزىمەن. سىمفونىيە ئىشلەيمەن!
- توغرا، پالۋانغا مەيدان كېرەك!
- نام چىقىرىمەنلا دەيدىكەنمەن، ئىككى - ئۈچ ئاي ئىچىدىلا يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە ھەممىسى مېنى تونۇپ كېتىدۇ. لېكىن مەن خالىمايمەن. مەن ناھايىتى ئادەتتىكىدەك ياشىسام، ماڭا ھېچكىم ھەتتا قوشناممۇ دىققەت قىلمىسا، كىملىكىمنىمۇ بىلمەي قالسا دەيمەن.

كوچىدىلا يىغلاپ كەتكەن كىشى بىر سەرگەردان. ياق، ئۇ مېنىڭ دادام بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن ئۇ كىشىگە مەڭگۈ ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. چۈنكى مېنىڭ يىغلاش ئىقتىدارىم يوق. يىغلاپ بىر پەستىلا ئىچىم تامامەن بوشاپ ئۇيقۇ بېسىشقا باشلايدۇ. مەن بۇنىڭدىن دائىم كۆپ قىينىلىپ كېتىمەن. مېنىڭمۇ قالتىس تەسىرلەنگەن چاغلىرىم بولغان. ئىشەنچ بىردىنبىر مۇناسىۋەت تۇيغۇسى. دېرىزە تەكچىسىدە بىرنەچچە تەشتەك گۈل ئۆستۈرۈشمۇ كىشىنى يەڭگىللىتەلمەيدۇ. دېڭىز مېنىڭ نەزەرىمدە تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىز...

## 2

بىز توپتوغرا بەشەيلەن بىر - بىرىمىزگە

قارشىپ ئولتۇراتتۇق. بىز تۈرك توخۇسى يېيىش ئۈچۈن ئولتۇراتتۇق. ئەگەر بۇنى زىياپەت دېيىلغان بولسا تولىمۇ كۈلكىلىك گەپ بولاتتى. بىز ھېچقايسىمىز كۈلمىدۇق. جىمجىت بۇرۇقتۇرمىچىلىق جېنىمىزغا تېگەتتى. بىز مۇشۇنداقلا ئولتۇرۇۋېرىدىغان بولساق ۋارقىرىۋېتىشتىن، يا ئۈستەلنى مۇشتلاپ پاچاقلىۋېتىشتىن ساقلىنالمايدىغاندەك قىلاتتۇق. دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋالدىم. چارلاشقا چىققان ئۈچ ئەسكەر رەتلىك مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارغا ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى. باللارمۇ سۇ تاپانچىسى بىلەن سۇ چېچىپ چوڭلارنى تېرىكتۈرۈپ ئوينىۋاتاتتى. ھەممىلا يەردە دېگۈدەك ئىسلانغان توخۇ سېتىلاتتى. ئۇنىڭدىن پۇرۇخنىڭكىگە ئوخشاش ئۆتكۈر پۇراق تارقىلاتتى. بېكەتتىكى ئادەملەر جان - جەھلى بىلەن ئاپتوبۇس كۈتۈشەتتى. بۇ يەردە يەنە ئاللىقانداق غەلىتە خىياللارنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايتتى. بۇ ئىشلارغا ناھايىتى ئۇزۇن بولغانىدى. مېنى غەشلىك قاپلىۋالدى. ئەتىگەندە خامۇش ھالدا ئۈستەلدىن بېشىمنى كۆتەرگەندىلا شۇنداق ئويلاشقا باشلىغاندىم. ئۈستەلدىكى تېلېفون، چاي ئىستاكىنى، كالىنداردىكى «30 - ماي» دېگەن رەقەم، سىياھ قۇتىسى سوت مەيدانىدەك جىمجىت، ئېغىر تۇيۇلاتتى. 14 تال تاماكىنى چېكىپ بولۇش ئۈچۈنمۇ زور تىرىشچانلىق كېرەك. سائەت 12 دىن 39 مىنۇت ئۆتكەندە مەلۇم بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدىكى ئولتۇرىدىكى ئۆينىڭ ئىشىكى تۇۋىگە بىر دەستە ئەتىرگۈل قويۇپ خوشلىشىش ھېچقاچان ئەخمەقلىق ئەمەس.

ئادەم ئۈزىنىش تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىش. لېكىن پويىز ئىستانسىسى ئادەمنى بىردىنبىر ئەڭ ھاياجانلىق تەسىراتقا ئىگە قىلغۇچى جاي. ئۇ گويا قايغۇسى يېنىكلەپ قالىدىغاندەك ۋە بىردىنلا ئۈزىنىڭ داۋاملىق ياخشى ياشىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ بۇ شەھەردىن كېتىپ قالدى. خۇددى شۇنىڭغا ئەگىشىپلا دېگەندەك ھېلىقى قەپەستىكى تۆت قۇشقىچنىڭ بىرسى ئۇچۇپ كەتتى. قىزنىڭ دادىسى كېيىن باققان بىر تورغىيى ئۇسسۇلۇقتىن ئۆلدى.

- ئۇچۇپ كەتكەن بىلەن جېنىنى باقالمايدۇ.

ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن نە ئېچىنىش، نە پەرۋاسىزلىقنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن قەپەسنىڭ سىرتىدا جان بېقىش بەكلا تەسكە توختايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جورىسىدىن ئايرىلىپ يالغۇز يۈرۈش - ئۇ ئۇزۇنغا بارمايلا ئۆلۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ قەپەس ھەشەمەتلىك ئاسما چىراغقا ئوخشايتتى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى رىم تىياتىرخانىسىدىكى يىرتقۇچلار بىلەن ئېلىشقان گىلادىئاتورلارنىڭ جەسۇر قىياپىتى ۋە يول بويى كىرىستقا مىخلانغان قوزغىلاڭچىلار؛ سوغۇق، غۇۋا قىزىللىققا پۈركەنگەن دالا بىردىنلا ئىشىككە بۆسۈپ كىردى. ئىشىك ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندەك سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى.

قۇياش جىمجىت، ئېغىر نۇر چېچىپ تۇراتتى. خامۇش ھالدا دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئاشۇ بىرلا ئادەم ئۆتىدىغان يولغا قارىدىم. ھېلىقى كۈنى ئوغرىلىقچە ئۈزۈۋالغان بىر باغلام ئەتىرگۈلنىڭ سولىشىشقا باشلىغانلىقىنى، ئېچىلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ بەربىر ئېچىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۈزمىگەن بولسامۇ بوپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم. مەن گۈلنى ياخشى كۆرىمەن. سەنمۇ بىر گۈل.

كۆكرىكىم، يىلىكلىرىم سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىلگەندەك ئىچىمنىڭ نەقەدەر بوش، قۇپقۇرۇقلىقىنى سەزمەكتىمەن. مەندە چاقناپ تۇرغۇدەك ھېچقانچە خاتىرە قالمىغانىدى. ئەمما مەن قاينام - تاشقىنلىق، شىددەتلىك ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەكلىكىنى تىنماي ھېس قىلاتتىم. مەن ئۆزۈمگە ناھايىتى سوغۇققان، پەرۋاسىز بولۇشقا كۆپلەپ ۋەدە بەرگەنىدىم. ئۆزۈمنى ئەتەي دېگۈدەك ئالداپ كېلىۋاتاتتىم. چۈنكى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىكى ئاشۇ ئۆسمۈرلۈك چېغىمدىلا ئۆزۈمنىڭ بۇ ئورۇندا خاتا ئولتۇرۇپ قالغانلىقىمەنى بىلەتتىم. ئىشىك ئېچىلىشى، مەن خوشلىشىشىم كېرەك ئىدى. يازنىڭ بىر ئەتىگىنى قوشنىمىزنىڭ بالىسى ئۇكىسىنىڭ بىگىز بارمىقىنى چېپىپ ئۈزۈۋەتتى. ئۈزۈلگەن بارماق كەسلەنچۈككە ئوخشاش تاقىلداپ قاچتى. بىز ئاران دېگەندە ئۇنى تۇتۇۋالدۇق. ئەتىسى دادىسى ئۇ بارماقنى قۇمغا ئاپىرىپ كۆمۈپ قويدى. بۇ يەردە يەنە باشقا قەبرىلەرمۇ بار ئىدى. ئەمدى بولسا تېخىمۇ كۆپ قەبرىلەر قوشۇلدى. بۇ قەبرىلەر ئېگىز - پەس، چوڭ - كىچىك بىر توپ يىلقىلاردەك نامايان بولاتتى. ئۆيىمىزنىڭ شىمالىدا يامغۇردىن كېيىن غۇۋا كۆرۈنىدىغان تاقىر تاغلار سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ ئۆي مەندە ئانچە سېغىنىش كەيپىياتى پەيدا قىلالمايتتى (ئۆيدىن ئايرىلغىلى توپتوغرا 10 يىل بولغانىدى.

ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولمىغاندىمۇ سېغىنىشىم ناتايىن ئىدى) . ئۆيگە قايتىش بىلەن باشقا بىر يەرگە بېرىشمۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. مەن بۇنى يالغۇز دەرەخ تۈۋىدە دىمىق ئاسمانغا قاراپ ياتقاندا ھېس قىلغانىدىم. بىرنەچچە يوغان چۈشىن بۇ ئەتراپنىڭ جىمجىتلىقىغا ئۇزلۇكسىز، پۈتۈن ھەرىكىتى بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەكسىچە تېخىمۇ زېرىكىشلىك كەيپىيات پەيدا قىلىپ قويۇۋاتاتتى. نېرىقى گۈللۈكتىن ئىككى بالا كېپىنەك ياكى يىڭناغۇچتەك بىرنېمىلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ يۈرەتتى. ھەر قېتىم سەپەرگە چىققاندا بۇ تاقىر تاغلار مېنى تېخىمۇ يالغۇز قالدۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئېنىقكى، ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ناتونۇش يەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە ئاشۇ مىسكىن تاغلارنىڭ ئېچىنىشلىق مېھرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتىم. مەن نەم چۆپلۈكتە سوزۇلۇپ ياتاتتىم. ئادەمدە ئارتۇقچە ئەسلىمە مەجبۇرىيەت-مۇ، زىيادە خۇشاللىقمۇ بولمىسا بىر تال چۆپ ياكى مۇنۇ دەرەختەك ياشىسا دەپ ئويلايتتىم. بىمالال ئۇخلاۋاتقان قىزنىڭ چاچلىرىنى سىيلىغاچ، بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تېنى ئاق ھەم يۇمران ئىدى. مېنىمۇ بەكلا ئۇيقۇ بېسىپ كېتىۋاتاتتى. قىپقىزىل قان ئاپئاق بەدەننىڭ سىرتىغا، كېيىمىگە بوخسۇپ چىقىۋاتاتتى. مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن قوبۇل قىلماقچى بولغانلىرىممۇ ئەرزىمەس، بىمەنە تۇيۇلاتتى. مەن ناھايىتى ھارغىن، خامۇش ھالدا ئۇزۇن ئۇخلاپ كەتتىم. قان خۇددى مېنىڭ كۆكرىكىمدىن بۆسۈپ چىقىۋاتقاندەك كۆڭلۈم ئوغۇيتتى. بىر خىل بېسىم ئاستىدا ھۇرۇنلۇق بىلەن چۈش داۋام قىلاتتى. قان بىرنەچچە كۈن توختىماي كېلەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

## 3

بەترەڭ يول كېلەڭسىز بىنالارغا، ئاپتاپ چىقىپ تۇرغان سايلىققا، پاسكىنا، خىرە قىمىرلىشىپ تۇرغان بازارغا تەلۋىلەرچە ئۇرۇلۇپ ئېچكىرىلەپ باردۇ. پويىز ئۆتكەلدە ئالتە سائەت توختايدۇ. شۇ ۋاقىتقا بارغاندا يىگىت ئۆزىنىڭ بۇ سەپىرىنىڭ قىزغىنلىقتىن كۆرە نائىلاجلىقتىن، يەنىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ھاقارەت تۈپەيلى بولۇۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم خىيال قىلىدۇ ۋە بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

## 4

سىز چۈشتىسىزكى، بىر ئادەمنىڭ پۈتۈنلەي ئۆز - ئۆزىگە تەۋە بولۇشىنى قالتىس ئامەت دېيىش كېرەك. چۈنكى سىز ھېچبولمىغاندا بىرەرسىنىڭ ئۆكسى بولىشىڭىز ياكى گەپ - سۆزلىرى كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ تاقەت قىلىپ بولمايدىغان بىرەر قۇشقاچ تىللىق بىلەن بىر ئىشخانىدا بىرەر يىل ئىشلەپ قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن. ھەتتا خىيالدىلا ئەمەس، چۈشىمۇ پەقەتلا شۇ ئادەمگە تەۋە بولۇشى ناتايىن. ھېچ بولمىسا مېنىڭ نەزەرىمدە شۇنداق، 42 كۋادرات مېتىر مۇتلەق دائىرە ئىچىدە قانداقتۇر ئىزچىل چەكسىزلىكنى ھېچقانداق كاشىلىسىز، سۈزۈك خىيالنى ۋە گۈزەل بىر چۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟ ئەلەمدىن بوغۇزۇم شۆلگەيسىز غورتۇلدايتتى. تۆت تام، تورۇس، ئىشىك، ئىشىكنىڭ ئاجراپ كېتەي دەپ قالغان تۇتقۇچى ۋە گۈنسىز دېرىزە قورۇلۇپ خۇددى سۈنئىي تالالىق كىيىمدەك بەدىنىمگە سۈركىلىپ چىڭ چاپلىشىپ قېلىۋاتاتتى. تولغىنىپ جان - جەھلىم بىلەن ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتمەكچى بولسامۇ ئاۋازىم چىۋىن قانىتى ۋىڭىلدىغاندەكلا چىقىۋاتقانلىقىنى ئىدراك قىلاتتىم. چۈش رەھىمسىزلەرچە داۋاملاشماقتا. يەنە ھېلىقى قەبرىستانلىق، گۆر ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي قېقىلىپ - قېقىلىپ، تۆكۈلۈپ تۇرغان قىز، پارىلداپ قۇتلۇق نۇر چېچىپ تۇرغان مۇقەددەس قۇياش...

بۇ نۇرنى قاچان ئۇنتۇپ قېلىشىمنى ۋە قاچان توي قىلىشىمنى بىلمەيمەن. مەن بەدەل تۆلەشكە رازى، ئەگەر ئۇ قوبۇل قىلىنىدىغانلا بولسا. بىراق كىم ئۆزىنىڭ نېمىگە بەدەل تۆلىشى لازىملىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ توي تەقەززاسى پەرۋانىنىڭ ئاتەشكە ئۇرۇلغىنىدەكلا ئۆلۈم ھەۋىسىدىن ئىبارەت، خالاس. كۆيگەن قانات،

www.uyghurkitap.com

سۆيۈلگەن لەۋ، ئاققان دەريا كۆكلىمەيدۇ. ئۇزۇن كېچىلەردە خىياللارنىڭ نىرۋىلىرىمغا رەھىمسىز تۇستە زورلۇق قىلىشلىرىنى سۈكۈت قىلىپ ئۆتكۈزىمەن. بىراق بۇ ئۆمۈچۈكنىڭ تور توقۇشىغا ئوخشىمايدۇ. ياتاقنىڭ غول بۇلۇڭىدا بىر ئۆمۈچۈك تورى بار. لېكىن ئۇنىڭغا بىرمۇ چىۋىن چۈشمىدى. مەن دائىم قارايمەن. قارىغانسېرى ھودۇقۇپ كېتىمەن. چۈنكى مەن چىۋىنلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم. مەن ئۆمۈچۈك ئالدىدا كۆپ خىجالەتمەن. ئۇ مېنىڭ بېشىمغا ئۇدۇللاپ ئۇزۇن بىر تور چۈشۈردى. تور توختىماي سۈس تەۋرەپ تۇرىدۇ. تور ئانامنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى بارماقلىرىدەك تىترىمەكتە. تاغام قوغۇنلارنى ئاجايىپ ئوخشىتىدۇ. شەبنەمدە يېرىلىپ كەتكەن قوغۇندىن تازا بىر يەك، بارغانسېرى ئۇيقۇ باسىدۇ. ئاندىن چىۋىنلەر يالىڭاچ، ساغلام بالىلارنىڭ ئىغىز - بۇرۇنلىرىنى ھەتتا بۇرۇن تۆشۈكلىرىنىمۇ ئالا قويماي يالاشقا كىرىشىدۇ. مەن چىدىيالماي قالىمەن. گويا چىۋىن ئۇلارنىڭ يېقىن دوستىدەك. چۈش بىخارامان داۋاملىشىدۇ. ياق! مانا ئەڭ ئاخىرقى بىر چىۋىن پالىقىم ئاستىدا ئۆزىنىڭ خاتىمىسىنى كۈتۈۋالدى. كېرەك يوق، ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك قېنىنى ھازىرلا سۈپۈرۈپ تاشلاپ كەيپىياتىمنى تەڭشىۋالىمەن. بۇ ئۆمۈچۈك چوقۇم خۇدانىڭ ئەڭ يېقىن سەۋرى - تاقەتلىك پەرىشتىسى. مېنىڭ ئۇنى يەنە بەزلىگىم كېلىدۇ. چۈنكى مەن بەزلەشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىمەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ قىزلىقنى يوقاتقانچىلىكمۇ ئىش ئەمەس. قىزلىق قېنى بالىياتقۇغا ئوخشاشلا مۆرەككەپ بىر تۈگۈن. مەن چىۋىنلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ كۆپرەك قان چىقىرىشقا ئۇرۇنىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئەكسىچە مەندىكى بىئاراملىق تۇيغۇسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ.

دېرىزە ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىز غىدىقىمنى كەلتۈرۈۋەتتى. مەن بولۇشىچە ھاراق ئىچتىم. ھاراق ئايالنىڭ بىر تەرىپى. يەنە بىر چىۋىن زېرىكىشلىك گىژىلدىغىلى تۇردى. ئەڭ ئاخىرقى دېرىزىمۇ يۈزىمىزگە يېپىلدى. سائەتنىڭ چىكىلدىشى بىرەر قىزنىڭ ئەجىلى توشۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. كېچە تولماقتا. باش ئاغرىش مەڭگۈلۈك ئىش ئەمەس، ئىسمىڭنى يۆتكىۋەتسەڭلا بولغىنى.

5

پويىز شەرقتىن غەربكە داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇ بۇ ئالتە سائەتلىك بېكەتتە قاراملىق بىلەن چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئاشۇ كۈنى كېيىكتەك شوخ زىل قىزنىڭ ئوقيادەك كىرپىكلىرىنى، مەرمەردەك نۇرلۇق ماڭلىيىنى كۆرگەندە، ئەمدى ئىككى جۈپ تۇمۇچۇق ھەققىدە خىيال قىلىشنىڭمۇ بىھۇدە بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھەردەم قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇشتىن خالى بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندى.

6

كۈن، ئاي، تۆت تام ۋە خىيال تەمكىن، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۇنى غاجىماقتا. دەل شۇ چاغدا بىر پەرۋانە ئەينەككە ئۇرۇلدى. ھاراقنىڭ پەيزى بار جۇمۇ. ئوت كۆيمەكتە. پەرۋانىنىڭ ئۆلمەي قېلىشىنى تىلەش تولىمۇ نومۇسسىزلىق. بۇ كېچىدە ھاراق ئادەمنى مەست قىلالمايدۇ. بۇ يەردە مېڭىنىڭ ساقچى ماشىنىسىغا ئوخشاش غوڭۇلدىشىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىش ھەل قىلىنىۋاتقىنى يوق. مەھەللىدىكى ئىتلار كۈندۈزىمۇ قاۋايدۇ. قوشنام ئەخلەت تۆككىلى ماڭدى. ھەر جۈمە كۈنى تۆتتىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە مۇنچىغا بېرىشقا ئادەتلىنىشىمۇ ئازاب. بوۋاقنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىمۇ ۋاقتى كەلگەندە بىر ئەر ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئارا تۇرالمايدۇ. مەن ئاجايىپ مۇھەببەتلىك ئۆتكەن ياش ئەر - خوتۇنلارنى كۆرگەن. سەھەردە مۇنچىدىن چىققان سۇلار ئارا تامدىن ئۆتۈپ ئىشىك يوچۇقىدىن ياتىقىمغا سىرغىپ كىرىپ مېنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىدۇ. ۋەھىمىلىك بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قىينىلىپ تۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولىمەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئەتىسى ھېچكىم ناشتا قىلمايدۇ. تېخى تۇغۇلمىغان بالىلارمۇ چاچراپ كېتىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ غەش قىلىدۇ...

# ئالتۇن شاخلار

ۋاھىتجان ئوسمان

I

ئېتىقاد جەۋھىرى جۇغلىغان ۋۇجۇد،
روھ قۇشلىرىنىڭ ئالتۇن ئۇۋىسى.
ئىلاھلار لېۋىدىن تېمىپ تۇرغان قۇت،
تەندىن بالقىغان روھ ئۇچۇرمىسى.
ئەسلى بىر ئېقىندا ئاقار كۆك - زېمىن،
بىر دىماغدا نەپەسلىنەر ئىلاھ ۋە ئىنسان.
كۆيۈپ - پىشسىمۇ بىر ئوچاقتا،
بىر سادادىن تارايدۇ ۋەھى ھەم چۇقان.
بىرسى - بىرسىنى دەيدۇ: «مەن ئۇنىڭ پۇشتى،
مەن ئۇنىڭ باغرىدا بولغان تىندۇرما.»
بىرىكىش يوسۇنىدىن نۇر چاقناپ تۇرار،
بىرسى تۇغمىدۇر، بىرسى كولدۇرما.
تەبىئەت، ئىلاھ ھەم ئادەم، ئېتىقاد،
دۇنيانىڭ ھۇلىغا قويۇلغان زور تاش.
قوشۇلغان ئاۋازدىن تۇغۇلار ئۇزلۇق،
بىر - بىرىنى ياسار بوپ ھەيكەلتىراش.

II

بىز كۆكنى سىغىنىپ قىلىمىز نىدا،
لېكىن تەڭرىنىڭ تۇپراقتۇر تۇتىمى.
شۇڭا سىغىنچلار بولۇپ بىر گەۋدە،
گۈزەل تىلغا ئايلانغان دۇنيا ئۇقۇمى.
ياشاپ كەلدۇق تەڭرىنىڭ ئەس ۋە يادىدا،
كۆڭلىگە تويۇندۇرۇپ ياخشى - يامانىنى.
ئۇ، چۇشىدە بىر خىل، ئوڭىدا بىر خىل،
بىزگە بەخش ئېتىپ تۇردى زامانىنى.
زېمىنغا داپنى تۇتۇپ چۇشكەن شامان،
ياخشى - يامان روھنىڭ لىللا قارىسى.

خورلانغىنىغا قىلىدۇ ھىمات،
ئۇنىڭ جىسمى بەخت ۋادىسى.
باغلىغان تۇغنىڭ بىر ئۇچى كۆكتە،
ئاددىي چاغلانمىسۇن تۇغ پەلەك شوتىسى.
تەندىن ئاجرىغان روھ ئەركىن يۇرمەكتە،
ئاق بولۇتنى قىلىپ شايى پوتىسى.
يامان روھ ئايلىنىپ ئالۋاستى-جىنغا،
چېقىندى تاملارنى تۇتماقتا ماكان.
شامان ئۆلگىن①، ئوماي② نى قىلماقتا رازى،
پاك تەنگە پاك روھنى تولۇقلاپ ھامان.
تۇغقا چېگىلگەن ئالمىنىڭ شېخى،
قولىدا ئوينىغان سۆگەتنىڭ تېلى.
كۆزىدىن يانىدۇ سىنچىنىڭ ئوتى،
چېچەك تۇكىدۇ ئەپسۇندا تىلى.
بىر مەركەزدىن كەتمەس يىراقلاپ،
شامال - بوراندەك چۆرگىلەشلىرى.
ئەسلىتەر ئورماندا كۇچ تاپقان شىرنى،
جىمغورلۇق ئۇستىدىن ھۆركىرەشلىرى.
چېشىغا بېسىلغان چوغلانغان كەتمەن،
سەھەر ئۇپۇقىغا ئۆرلىگەن قۇياش.
زۇلمەت جەندىسىدىن يېشىنىپ چىقار،
تۇغ تۇتۇپ، روھى نۇر ئىزلىگەن ياۋاش.
داپ ئەمەس تولۇن ئاي چېكىلگەن قولدا،
زېمىن يۇرىكىنىڭ رىتىم ساداسى.
باغرىغا پاتمىغان شامان ناخشىسى -
ئۆلگىن، ئومايىنىڭ قۇتلۇق نىداسى.
تەپچىگەن بىر تال تەر بىر يۇلتۇز،
شامان ئايلانماقتا سامان يولىغا.
ئادراسمان تۇتۇنى - لەيلىگەن بۇلۇت،
جىسمىنى ئايلاندۇرۇپ بىرەر يامغۇرغا.
ئەي يامغۇر ئىچىكلار ئاغرىدى كىمگە؟

www.uyghurkitap.com

سىلەر ئىلاھلارنىڭ كۆز يېشى.
كۆز ياش بىلەن چۆرگىلەر زامان،
كۆز ياش بىلەن تىرىكتۇر ئىنسان،
كۆز ياش بىلەن ئەسلىنەر شامان.
شامال - بوران - تەڭرى نەپسى،
ئىچىڭلار ئاغرىدى كىمگە؟
قانىتىڭلارنى قىلىپ سۇپۇرگە،
كىرىپ چىقامسىلەر يەكسۇرۇن ئۆيگە.
قۇياش - قۇياش تەڭرى دىدارى،
تەبەسسۇمىڭلارمۇ قىيام نۇر ئاپتاپ؟
سىلەرنى دوراپ - سىلەرنى ئويلاپ،
بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ يۈرەك،
چىقىپ كېتەرمۇ كۆكرەكتىن چاچراپ،
ئۇچۇپ كېتەرمۇ ۋۇجۇدنى تاشلاپ.
ئومايىنىڭ چېھرى - قوتانلىغان ئاي،
شامانغا تىككەن لاتا - پۇرۇچتىن،
تىكىپ بەرسەڭ ماڭا بىر چاپان.
داپ چېلىپ،
تۇغ باغلاپ،
ئىسرىقداپ،
كەتمەن قىزىتىپ، ئۇچۇقدىسام بىر نۆۋەت،
دەس تۇرارمۇ روھى يېقىلغان،
ئويغىنارمۇ ئۆيۈپ ئۇخلىغان.

III

مۇقەددەس بوز تەڭرى ③ نىڭ ئېزىقىدا،
ھۇزۇرلۇق چايىنالغان بىر كاپام تۇپراق.
لايچىدا ياسالغاندەك بىر جۈپ قونچاق،
سەكرەپ چۈشتى يەرگە چۇرۇقلاپ.
بوز تەڭرى ئالدىدا تىزلاندى ئۇلار،
بالىنىڭ دادىغا يەتتى تەزىمى.
مېھىر رىشتىسىدە چېتىلدى يۈرەك،
ۋۇجۇدنى ئېرىتتى سۆيگۈ سېزىمى.
ئىخلاس تويىسىغا ئايلاندى تۇپراق،
تويۇندى تەم بىلەن تۈزى كەم بەدەن.
يەركىندىك قېنىنى باغرىدا ساقلاپ،
بولدى ئادەملەرگە ئەبەدلىك ۋەتەن.
چوقۇنۇش كۈينىڭ شېرىن ئاۋازى،
تىترەتتى تەننى يەنە بىر قەپەس.
كۈي تارانقان ئەمەس كەيۇمارس④،
ئەمەس پرومىتى⑤، نىۋا ⑥ ۋە يەھۋە⑦،
كۈينىڭ مەنبەسى يەر - سۇپ مۇقەددەس.
ئايلاندى يەر تەنگە، تەن ھەم تۇپراققا.
تۇغۇم - ئۆلۈمدىن باشلاندى سەپەر.
بولسا تۇغۇلغان تۇپراققا چۈشكۈن،
يەرلىككە كىرگىنى سانالدى گۆھەر.
كۆك تەڭرى ئىسىدىن چىققاندا بىزلەر،
بەرىكەت قۇۋىقىغا سىلىنغاندا دەم،
بولاقلار كۆز يۇمۇپ، دەريا تىنجىپ.
تۇپراقنىڭ لەۋلىرىدىن قاچقاندا نەم،
مۆكۈلىنىپ ياش تۆكىدۇ جىمى ئادەم.
رەھمەتنىڭ توختاپ كۆكتە يېشىنلىرى.
يېغىشقا باشلىغاندا سىرىق توپا،
تۇپراق جاندىن، جان تۇپراقتىن،
ئىزلەيدۇ چاك - چاك بولۇپ سۆيگۈ - ۋاپا.
شۇ دەمدە خىزىر سۇپەت يۇرت چوڭلىرى،
روھنى پاكلاپ چىقىپ سۇ بېشىغا،
قان قىلار ئات ئۆلتۈرۈپ كۆك تەڭرىگە،
كىشىنىگەن سادا تېگەر ئەس - ھوشىغا.
ئورالغان سۇ يىلىنى ئات كاللىسى،
ياتىدۇ ئېقىن ئىچىدە كۆكتىن تىلەپ.
ئاغزىنى يوغان ئېچىپ يىلان كۆككە،
پىچىرلار بىرنېمىنى تىترەپ - تىترەپ.
ئادەملەر قولىدا بار قان تامغان تاش،
زېمىننى كۆككە ئۇلار سۇرەنلىرى.
يادا تاش سوقار بولۇپ تىرىك يۈرەك،
كۆپىدۇ يەلۋى ⑧ نىڭ گۈرەنلىرى،
ئېچىلار چاقماق چېقىپ كۆك قوۋۇقى،
ئايلىنىپ بۇلۇتلارغا تەڭرى مېھرى.
ئىللىق يەل پۈشقۇرتىدۇ نەپەسلىرى،
سىم - سىملاپ تۆكىلىدۇ مىڭ بىر سېھرى.
مانا بۇ ئىلاھلارنىڭ پاكلىقىدۇر،
مانا بۇ ئېتىقادنىڭ ساپلىقىدۇر.
يادا تاش ئۇنتۇمايلى كۆك تەڭرىنى،
چېقىن ۋە يېغىن بولماي كۆلمەس تۇپراق.
يۇيۇنماي پاكلانمايدۇ ۋۇجۇد ھەم تەن،
بورانىنى سېغىنىدۇ ھامان توغراق.
تىلەكلەر يەتسۇن كۆك ۋە بوز تەڭرىگە،
ئىلاھى قانات بەرسۇن كېرەك ماڭا.
تىلسىمات كۈچىسىغا بىللە كىرىپ،
تىلەكلەر پۈتۈپ چىقاي تۆگەل ساڭا.
يادا تاش تامچە - تامچە قان سېغىنساڭ،
ئىنتائەت زەردىسىدىن ياراي يۈرەك.

بىر يۇلتۇز بۇگۈن چۆكسە يەر ئاستىغا،
ئەتىكى مىڭ يۇلتۇزدىن بېرەر دېرەك.
قولباق ⑨ نىڭ تىنىقىدىن ئالاي نەپەس،
بەرسۇن ئۇ بۆرە سويغان پىچىقىنى.
ياندۇراي بۇ زامانىنىڭ ئەلەس باققان،
ئورنىغا كۆزىدىكى قارىچۇقىنى.

IV

كۆنچىنىڭ بويلىرىدا قۇملار بارخان،
ئاستىدا تىۋىشى بار ئېقىن سۇدەك.
بېلىقى مەيدىسىنى نۇرغا قاقلاپ،
قارنىغا ئالتۇن يىققان غۇژمەك - غۇژمەك.
ئاي كىرىپ تاپىنىدىن، كۈن بېشىدىن،
جاھاننىڭ يۈرىكىدە ياتقانمىدۇر.
ئاي بالىسى، قۇياش چۆككەن قۇم ئاستىغا،
ئۈستىخان چۇشۇپ قېلىپ ياتقانمىدۇر.
ئېچىلغان قەبرىلەردە قۇياش ياتقان،
قەدىمكى يىلتىزدىن مەشئەل كۆكلەپ.
قاچاندا بولغان كۆكتە قەتلە قىلىش،
بۇ يەرگە ئۇنى كىملەر قويغان پۈكلەپ.
بۇ يەردە تۆرەلگەنمۇ قۇياش پۈشتى؟
كەتمىگەن قۇم جىسمىدىن نۇر ھارارەت.
كەتمەندە ئېچىپ بولماس پايانىنى،
تىرەنگە شەھەر سالغان قەۋەت - قەۋەت.
يىلتىزى نۇرنى ئەمگەن چۆل توغرىقى،
قۇرۇتماي چاقنىتىدۇ ئالتۇن شاخنى.
يۇلغۇنلار كۆيەر تىناي قان قاينىتىپ،
مىليون يىل ساقلاش ئۈچۈن روھىي پاكنى.
ئۇۋىدۇر بۇركۇتكە تاغ، قۇشقاچقا باغ،
ئالىپلار - ئالىپلارغا سالار ھىجران.
ھەممىگە خىل - خىلىدا باقار ئەزگۈ،
چىللىگە چېچەك سۇنسا قىلار ۋەيران.
ئاپىللو⑩، مىترا⑪ بىلەن تەڭقۇر بورخان⑫،
تۇغۇلغان ئەمەس يۇنان، نىل بويىدا.
ئۆتكەن، خانتەڭرىنىڭ سىزىكىدە،
تارىمدا تۇغۇلغان ئۇ نۇر قوينىدا.
سەھەرنى ئويغىتىدۇ قۇم يۈرىكى،
قۇياشتەك بالدۇر تۇرۇپ سىلىپ چۇقان.
ئۇخلايدۇ ئېتىقادسىز قان - يېرىڭدا،
شۇڭمۇ قۇتنىڭ ئاڭا باغرى قاتقان.
تىۋىنىش - سېغىنىشنىڭ شولىسىدا،
قۇياشنىڭ تۇرار چاقناپ نۇرى ئۈچمەي.
ئىخلاستا ۋۇجۇد كەتسە دەرمانىدىن،
نۇرلارغا تەركىب بولار روھى ئۆلمەي.
قۇياشقا باققان تۇڭلۇك - ئىشىكلەرنىڭ،
كۆڭلىدە بىر ئۇلۇغلۇق بولغان سىماب.
تويۇنۇش، تاشقىن ياساش بەيگىسىدە،
ئۇزگەنگە يارىشىدۇ ھەممە قىماپ.
كۆڭلىنى تىۋىندۇرغان كۈنگە - ئايغا،
ئېسىلار تۇمار بولۇپ كۆك كۆكسىگە.
بەزىدە بۇلۇت مىنىپ كۆكتە ئۈزسە،
بەزىدە ھېكمەت ئاڭلار تاغ ئۈستىدە.
زۇۋۇلار ئۈزۈپ بەرگەن ئېتىقادنىڭ،
چاڭگىلى ئۈچۈمدىغان بىر توپ ئاچقۇچ.
كەلگەندە گىزى ئاچار لوك - قۇلۇپنى،
ئۇ ئەمەس يىراقتىكى قەدەم باسقۇچ.
ۋايساشلار غاپىلىقتا بېرىپ جۈرئەت،
قۇياشقا ھاقارەتلىك شىلتىلسا قول.
بولمامدۇ ئۆز كۆكسىگە ساداق ئۈزگەن،
يەكسانلىق چاپلاشمامدۇ كېلىپ ئۇدۇل.
نۇر چاچقان قۇياش شەكلى قەبرىلەردە،
نېمىگە ئايلىنىدۇ ياتقان تەنلەر.
قايقانغا چۇشۇرمەمدۇ روھنى ئەپچىل،
تۇتىمنىڭ ھىجرانىدا زار يۈرگەنلەر.
ئۇلۇغلۇق بەدەل بىلەن چۇشەر قولغا،
لېكىنزە كىچىك ئىشتا كېتەر قولدىن.
ئېتىقاد زەردىلەرنى تاۋلار خۇمدان،
يانمايلى قۇياش بەلگە سالغان يولدىن.

V

بويىنغا ئەجدىھانى يۆگەشتۇرۇپ،
بېشىغا ئولتۇرغۇزۇپ يېڭى ئاينى.
ئۈچ بىسلىق نەيزە تۇتۇپ ئاق ئۆكۈزدە،
ئايلانغان شىۋا ⑬ كۈرمىڭ مۇشۇ جاينى.
يېڭى ئاي ئەستىكتۇر ئاسمىنىغا،
ئاي دېسە لەرزە تارار قان - قېنىغا.
بۇ يەرنى يوقلاپ تۇرار شىۋا قەدرى،
تەلەينى چېتىپ قۇتنىڭ ئارقىنىغا.
ئەجدىھا تۇخۇم تاشلاپ قويغان غاردا،
تۆرەلدى بىر مۆجىزات يېرىپ شاكال.
ئەجدىھا بالىق ⑬ ى دەپ ئىسىم قويدى.
تەڭرىقۇت ئەقىلدارى بىر ئاقساقال.
تۇغۇمى - ئۆلۈمىمۇ مۇشۇ جايدا،
ھەم دەردتىن قاسراق تاشلاش، روھنى پاكلاش،
ئەجدىھا جىسمى بىلەن بىر تۇتاشتۇر،
دىلىغا تىۋىنىشتىن ئېقىن باشلاش.

www.uyghurkitap.com

ئىبادەتخانىلارغا ئىسىم بەرگەن،
مۇقەددەس كۆك ئەلچىسى ئەجدىھا دەپ.
ئەجدىھا بالىقىدا تىلەك پۈككەن،
قەلبىگە پىلە قۇرتتەك ئارمان يۆگەپ.
بايتاللار بوغاز بولغان ئەجدىھادىن،
تۇغۇلغان قۇلانلىرى قانات بىلەن.
تىركەشمە جەڭلەر قىلغان ئۇچۇپ يۈرۈپ،
تاغلارنى يارغان ھۆررا - چۇقان - سۈرەن.
تەڭرىقۇت ئۇچقان مىنىپ قاناتلىق ئات،
قوندۇرۇپ ئاي، قۇياشنى جۈپ قاناتقا.
يارەنلەر كارامەتكە ياقا تۇتسا،
ھەسەتخور ياش تولدۇرغان كۆز-چاناققا.
تۇتىمى ئەجدىھا دەپ ئەلگە تاراپ،
ياشىغان بولۇپ ئۇلار ئۇزاق ئەركە.
بار ئىسمى تارىخ پۈككەن ۋاراقلاردا،
دۇنيانىڭ پاتىسىغا بولغاچ سەركە.
قايسى كۈن كۈپۈرلۇقتا مەست بولدى روھ،
ئەجدىھا ئۇچۇپ كەتتى باشقا غارغا.
پۇشايمان ساقاللارغا ئېپ باردى قول،
كەلمىدى يىغلاش-قاقشاش ھەرگىز كارغا.
چىلىلىساڭ كەلمەس ئەمدى ئۇ بۇ يەرگە،
ھەممىگە خېرىدارلىق زىيانلىقتۇر.
ئۆتمۈشنى قارىسىغا كۆمۈپ قويۇپ،
چاقناتماي سۆزلەپ يۈرۈش گۇناھلىقتۇر.
ئېتىقاد يەڭگۈشلەشكە خۇمار ئەجداد،
ئاخىرى ئايلاندۇردى كىمنى خارغا؟!
بىلىپ قوي بىباھا نەرسەڭ يوتسە،
تېپىلماس ھەرگىز كىرمەس ھەم بازارغا.

VI

پۈت - قولى چانالغان ئون ياشلىق بالا،
قانسىراپ ياتقاندا تاشنىڭ ئۈستىدە.
ئاسماندىن تامغاندەك، يەردىن ئۈنگەندەك،
ھىماتچى روھ كەلدى بۆرە تۇسىدە.
بالىنى ئاپاردى يۇدۇپ ئۆڭكۈرگە،
ياندۇردى ئۇ يەرنى «ئانا» قىلىقى.
بېشىدا ئولتۇردى قىرىق تۈن - كۈندۈز،
باشقىدىن نۇرلاندى ھايات چىرىغى.
بالىنىڭ ئوزۇقى بۆرە ئوغۇزى،
غەلياننىڭ ئوتى بار قاننىڭ تەپتىدە.
چاقنىدى ئەجدادلار بەردەم سىماسى،
بىر پۇشتىنى ساقلىغان بالا ئەپتىدە.
«ئانا» دەپ باش قويدى كۆپكۆك يايلىغا،
كۆز - كۆزگە تاشلىدى تاشتەك ئۇيۇللۇق.
تومۇردا ساپ قاندىن بولسا بىر تامچە،
جىگەردىن بالقىيدۇ ساپلىق - غۇرۇرلۇق.
ئۆڭكۈرگە پاتمىغان بالا خىيالى،
لەيلىدى ئۆتكەن، ئالتاي ئۈستىدە،
بالىنىڭ رەغدىنى پەملىگەن «ئانا».
نۇرلىنىپ يوقىدى جىمجىت كېچىدە.
ئۇ بېرىپ ئۆلگىن ۋە ئۇماي قېشىغا،
بىر - بىرلەپ سۆزلىدى ئەتمىش - كەچمىشنى.
ئۆلگىن، ئۇمايىنىڭ باغرى ئېزىلىپ،
چاقتانراق يوقسۇن دېدى تەشۋىشنى.
ئاسماندىن ساقىدى بىر ساھىبجامال،
ئۆزىنى تاشلىدى بالا باغرىغا.
بىر جۈپ تەن لەرزىگە كەلدى بىر قەپەس،
سۆيگۈ چۈكىسىنى ئۇرۇپ ناغرىغا.
كۈن ئۆتتى، ئاي ئۆتتى، يىللارمۇ ئۆتتى،
ئۇلۇغلۇق دەرىخى ئاچتى ئۇز چېچەك.
كۆك مەلىكىسىنىڭ كۆزى يورىدى،
ئۇلاندى بۇرۇنغا يەنە كېلەچەك.
قىسسىچى ھەر دائىم سۆزلەيدۇ شۇنى:
ياۋلاردىن خالىراق ياشاشنى ئىزلەپ،
ئۇلار ئورۇن تۇتقانمىش ئەگىرنە قوندىن.
تۆت يۈز يىلنى ئۆتكۈزۈپ خۇشال،
غالىب كەلگەنمىش نۇرغۇن توسقۇندىن.
ئۇلارنى پات - پاتلا يوقلارمىش بۆرە،
قالدۇرۇپ كەتكەنمىش كۆپكۆك يايلىدىن.
بېشىغا كۈن چۈشسە كۆيدۈرۈپ ئۈنى،
ئۈستۈن كەلگەنمىش رەقىب پەيلىدىن.
بۆرە تېرىسىنى قىلىپ يېپىنچا،
چوغلىنىپ ئۆتكەنمىش زىمىستانلاردىن.
بۆرە ئوشۇقىنى ساقلاپ يېنىدا،
دۇنيانى ئۇتقانمىش شاھ - سۇلتانلاردىن.
بۆرە باشلاپ ماڭغان يول بىلەن،
كەتكەنمىش ئۇزاققا تىنچ - خىرامان.
قىئاتنىڭ باغرىغا سانجىپ نەيزىنى،
يولۋاسنىڭ پوستىغا تىققانمىش سامان.
خىيالغا سىغقانلا يەرلەرگە بېرىپ،
تىكلەپ قويغانمىش ئەلەم - تۇغىنى.
بىر كۈنى غاپىللىقنى ئۇماي قاغىشلاپ،
باغرىغا سالغانمىش ھەسرەت دېغىنى.
ئىلاھى قولدىكى شانۇ - شەۋكەتنى،
بىر خاقان بۆلۈپ بېرىپ بەش بالىسىغا.
پارچىلىغانمىش سىرلىق گۆھەرنى،
كېلەچەكنى مۆلچەرلەپ قارىسىغا.
بۆرىنى قالدۇرۇپ قىردا يېگانە،
يېنىپ كەلگەنمىش مەھەللىسىگە.
ئەرگىنە قوندىن تېشىپ چىقىشى،
ئايلانمىش تارىخنىڭ پەللىسىگە.

VII

بىز كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق،
ئىلاھى كۈچكە تولغان يىلتىزىمىز.
كۆكلىدۇق، قۇربىدۇق، يەنە كۆكلىدۇق،
يىلتىزلىق تارىختا قالدى ئىزىمىز.
ئېتىقاد دەرىخىدە ئېچىلدى چېچەك.
ئايلاندى غولىمىز ئالتۇن شاخلارغا،
ئويلاپ كۆرسەك ئوخشايمىز ئەينى.

دەۋر - دەۋرگە ئاتقان ئوق - ساداقلارغا.
بىز يەنە كۆكلەيمىز ئالتۇن شاخلاردا،
ئېتىقاد مۆگىسىگە تۈگۈپ مېۋىلەر.
يىمىرىلىش – ئۇخلىساق چۈشكىمۇ كىرمەس،
جۇغلانغان روھلاردىن قاچار دېۋىلەر.
ئەسلەپ تۇرايلى ئۆتكەن كۈنلەرنى،
قۇرۇتماي تۇرايلى چاپان - چورىنى.
ئالتۇن شاخلاردىكى ئالتۇن ياپراقلار،
سۆزلەپ تۇرسۇن ئار غورۇرنى.

---

## ئىزاھات

① ئۆلگىن – تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادى بولغان ئالتاي شامانلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك تەڭرىسى قاراخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۆلگىن سۆزىنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى مەنىسى «بۈيۈك»، «ئۇلۇغ» دىن ئىبارەت. ئۇ ئاي بىلەن قۇياشنىڭ ئارىلىقىدا يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدە ياشايدىغان تەڭرى، كۆكتىن چۈشكەن يامغۇر ئۇنىڭ ئاغزىدىن چۈشكەن شال ئىكەن دېگەن ئەپسانە تارقالغان.

② ئۇماي – شامان دىنىدىكى ئايال تەڭرى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئالەمنىڭ ئۈستى ياراتقۇچى تەڭرىنىڭ ماكانى بولۇپ، ئۇ پارلاق ماكاندۇر. ئۇماي پارلاق ماكان بىلەن ئاستىنقى زۇلمەت ماكانىنىڭ ئارىسىدا ياشاپ، ئىنسانلارغا تۇپراق ۋە سۇ مەنبەلىرىنى ئاتا قىلىدىغان بەخت ئىلاھىدۇر.

③ بوز تەڭرى – تۇپراق تەڭرىسى. تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بۈيۈك تەڭرىلەرنىڭ بىرى. ئەپسانىدە: «ئۆتكەن تېغىدىن 500 يول يىراقلىقتا بىر ئېگىز تاغ بار، ئۈستى تاقىر بولۇپ بۇنى ‹بوز تەڭرى› دەيدۇ» دېيىلگەن.

④ كەيىۇ مارس – «تۇپراقشاھ»، «گىلشاھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دا: تۇنجى ئادەم كەيىۇ مارسىنىڭ تۇپراقتىن قۇدرەتلىك بولۇپ يارالغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

⑤ پرومتى – قەدىمكى گرېك ئەپسانىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئىلاھ بولۇپ، ئۇ لايدىن ھايۋانلارنى ياساپ، يەنە ئىلاھلارنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن ئادەم قىلىپ ياراتقان.

⑥ نۈۋا – خەنزۇ ئەپسانىلىرىدىكى ئايال ئىلاھ. ئۇنىڭ سېرىق توپىدىن ئادەم ياساپ، قومۇش كۆلى بىلەن توپان بالاسىنى توسۇپ قالغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن بايانلار تارقالغان.

⑦ يەھۋى – يەۋرىيلەرنىڭ خۇداسى. «تەۋراتتا» يەھۋەنىڭ تۇپراقتىن ئادەم ياراتقانلىقى توغرىسىدا ئەپسانە بار.

⑧ يەلۋى: – سېھرىگەر. بۇرۇنقى زاماندىكى كىشىلەر ئۇنى تەڭرىنىڭ ئاشكارا كۆرۈنۈشى دەپ ئېتىقاد قىلىپ، تۇغۇلۇش، قېرىش، ئاغرىش، ئۆلۈش، يارىشىش - ئۇرۇشۇش قاتارلىقلارنى يەلۋىگە باغلىغان.

⑨ قولباق – كارامەت كۆرسىتىدىغان ئەۋلىيا. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «قولباق – تۈركلەردىن بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى، ئۇ، بالاساغۇت تاغلىرىدا ياشايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ قاراتاشقا تەڭرى قۇلى قولباق دەپ يازسا، ئاق بولۇپ چىقىدىكەن. ئاق تاشقا يازسا قارا بولۇپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئىزلىرى تاھازىرغىچە بار ئىكەن» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم.) دەپ مەلۇمات بەرگەن.

⑩ ئاپىللۇ – قۇياش ئىلاھى. ئۇ يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئىنسانلارغا يورۇقلۇق ۋە بەخت ئاتا قىلغۇچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

⑪ مىترا – ئىران ئەپسانىلىرىدىكى ئىنسانلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى تەڭرى.

⑫ بورخان – يورۇقلۇق تەڭرىسى. تۈركىي مىللەتلەردە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە بۇ تەڭرىنىڭ ئىسمى «تەڭرى بورخان» دەپ ئاتالغان. مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە «تەڭرى مانى بورخان» دەپ ئاتالغان. قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە بولسۇن، بۇلار ئىنسانلارغا شولا چېچىپ قۇت ئاتا قىلىدۇ دەپ ئۇلۇغلانغان.

⑬ شىۋا – جۇڭگو رىۋايەتلىرىدىكى «شى ۋاڭمۇ»، ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىكى «ئۇما» بولۇپ، ئۇنى تەتقىق قىلىپ يەكۈن چىقارغۇچىلار تۈرك رىۋايەتلىرىدىكى «ئۇماي» بىلەن بىر دەپ قارايدۇ. شىۋا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بۈگۈندىن 5000 يىل بۇرۇن ھىندىستانغا بارغان قورۇم تاغ رايونىدا ياشىغۇچى ئارىيانلار ئارىسىدا پەيدا بولغان.

⑭ ئەجدىھا بالىق – (لوڭ چېڭ) – ھۇنلار دەۋرىدە ياسالغان شەھەر بولۇپ، خەننامە: ھۇنلار تەزكىرىسىدە: «ھەرىيلى بىرىنچى ئايدا ھۇنلارنىڭ باشلىقلىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىدا كىچىك مەرىكە ئۆتكۈزۈپ نەزىر - چىراق قىلاتتى. 5- ئايدا ئەجدىھا بالىق (لوڭ چېڭ) شەھىرىدە چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ ئەجدادلىرىغا، يەر - ئاسمان ۋە روھ - ئەرۋاھلارغا نەزىر - چىراق قىلاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش باسقۇچىغا كىرگەندە ئەجدىھاغا چوقۇنۇش مۇكەممەللەشكەن. ئەينى دەۋرنىڭ قىياپىتىنى پاكىتلار بىلەن تولۇق تەمىنلەيدىغان ماددىي پاكىتلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن: مايتىر بودداغا ئەگەشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەجدىھا ھەيكىلى ياسىتىپ، رەسىملىرىنى سىزغۇزۇپ ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىش، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلغاندا جەسەت كۆلى قاچىلانغان كومزەكلەر ياكى ساندۇققا ئەجدىھا رەسىمىنى سىزىش قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مېنىڭ قۇياشىم①

(ھېكايە)

## ئەركىنجان ئەمەت



**مۇھەررىردىن:** ئەركىنجان ئەمەت 1965 - يىلى 12 - ئاپرېل ئاتۇشتا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ كېيىن خىزمەتكە قاتناشقان. 1985 - يىلدىن تا ھازىرغا قەدەر ئاتۇش شەھەرلىك سودا - سانائەت بانكىسىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئەركىنجان ئەمەت 1989 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 7 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «قايتا ئۇچراشقاندا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا «مازار چاشقىنى»، «ئۆگزىدىكى زەدەك»، «باقىنىڭ كۆنلىرى»، «ئۇ خەلقلەر»، «سەن يەنە كېلىسەن»، «بۇرۇقتۇرما كېچە» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

بىز ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ چوڭ نەتىجە تىلەپ ئوقۇرمەنلەرگە بىر پارچە ھېكايىسىنى سۇندۇق.

بالا كىيىملىرى لاي ھەم يىرتىق ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا مەغرۇر تۇراتتى. قولىدا يىلى چىقىپ كەتكەن توپ. ئەتىگەن تېخى يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ قاتتىق خاپا بولغان بولسىمۇ بىراق بالىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ بوشىشىپ كەتتى. قولىنى ئىختىيارسىز ئەستايىدىل بىر ھەرىكەتتە مەيدىسىگە قويۇپ:

- ھەي، ھارام تاماق، بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟ - دېدى.

- نىمە كارىڭىز؟ - دەپ ياندى بالىسى.

ئاۋاز ئۇنىڭغا بەك چىڭ ئاڭلىنىپ كەتتى. ئازار يېگەندەك بىئارام بولۇپ تولغىنىپ كەتتى. يەنە گەپ قىلاي دەپ بىردىنلا نىيىتىدىن ياندى. بالىسى ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ ئارقىچىلاپ مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. ئۇ دائىم ئاشۇنداق قىلاتتى. پۇتى بىلەن ئىشىكنى ئاچتى، ئۇ ئاشۇنداق بولۇۋالدى. ھەرقانداق ئىشنى پۇتىدا قىلىشقا ئۇرۇناتتى.

- ئانا، ئاپلا يەنە ئانا دەپ سالدىم ئانا... - دەپلا ئىشىكنى چىڭ يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئىشىك يېپىلغان ئاۋاز قاتتىق بولغاچ ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن يەنە لاسسىدە بوشىشىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بىزارلىق، زېرىكىش تويغۇسىنىڭمۇ ئايالىنىڭكىگە ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىدىن بەك ئەنسىرىدى. ئۆز ھەرىكەتلىرىنى ئۆزىمۇ بىلمەي ئايالىنىڭ خۇلق - مىجەزىگە ئوخشىتىشقا تەبىئىيلا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئۆزىمۇ تۇسالمىدى. بالىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى كەچۈرۈش نىيىتىگە كەلدى. «ئۇنىڭ ھەرقانداق قوپاللىقىنى كۆتۈرۈشۈم كېرەك» دەپ ئۆزىنى بەزلىدى. ئۇ ئايالىنى ئويلاپ قالدى. ئايالى ئۆزىنى زاڭلىق قىلىپ ئاتايىن نازۇك بىر ھەرىكەتلەرنى دورايتتى. ئاۋازىنى ئىنچىكە چىقىرىپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى تەكرارلايتتى. ئۇنىڭ

① ئىتالىيە يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى پاۋاروتتىنىڭ ئەڭ داڭلىق ناخشىسىنىڭ ئىسمى.

قىلىقلىرىنى بەك ئېغىر ئالسىمۇ توسۇشقا ئامالسىزلىقىنى ھېس قىلدى. بالا تېخى كىچىك. ئانىسىنىڭ قاتتىق تاپىقىمۇ ئۇنىڭغا كار قىلماس بولۇپ كەتتى. ئايالىمۇ خۇددى بالىنى تۇغۇش، بېقىپ چوڭ قىلىش جەريانىدىكى بارلىق دەردىنى ئۇرۇپ ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆتكەندە بالىنىڭ كەينىدىن جان يېرىگە بىرنى تېپىۋەتتى. ئىششىق يانماي بالىنى ياتاقتا ياتقۇزغانىدى. خاپا بولۇپ:

— ئوغۇل بالىنىڭ شۇ يېرىگىمۇ تېپەمسەن؟ بالا تۇغماس بولۇپ قالسا قانداق قىلاتتىڭ! — دەپ ئايالىنى ئەيىبلىگەنىدى. ئايالى:

— سەندەك بىرنېمە تۇغۇلغىچە تۇغماس بولسا تېخى ياخشى ئەمەسمۇ! — دەپ قاتتىق زەردە قىلغانىدى.

ئايالى ھازىر ئاشۇنداق ھېيىقماس بولۇۋالدى. خۇشى تۇتسا بىرەر ئايال دوستى بىلەن مۇڭداشقاندەك ھەممىنى دەۋېتىدۇ. مىجەزى غەلىتە. ھېيىز كېلىش مەزگىلى سەۋەبىدىنمىكىن دەپ ئويلىسا ئۇنداق ئەمەس. ئۇ دائىم ئانىسىنىڭ ئاتمىش ياشتىمۇ ھېيىز كېسىلمىگەنلىكىنى دەپ كۆز - كۆز قىلاتتى. بۇنداق گەپنى ئاڭلىغاندا ئۇ قاتتىق بوشىشىپ كېتەتتى. «بالدۇرراق بولسا بېسىقىشقا چۈشەرمىكىن» دېگەن ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىناتتى. ھازىر ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئادىمىمۇ، ئەمەس؟ دەپ ئويلىدى. ناۋادا مۇشۇنى ئائىلە دېگىلى بولسا، ئايالى بەزىدە كىمنىڭ ئۆزىگە قانداق ئىش - پەش تارتقانلىقى، كىمنىڭ قانداقراق ئىكەنلىكىدىن تارتىپ ھەممىنى دەيتتى. ئۇرۇشۇپلا قالسا قاتتىق ئازار بېرەتتى. ھازىر ئايالىنىڭ قىيناشلىرىغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. بۇ ھەقىقەتەن بىر ئاپەت بولدى.

ئوغلىنى ئويلاپ كۆزىگە ياش ئالدى. چوڭ ئوغلى ئوقۇشقا بىر كېتىپ بۇ تەرەپلەرگە زادىلا ئاياغ باسمىدى. ئۇ بۇنى دائىم ئايالىدىن كۆرەتتى. ئۇنى چوڭ بولۇپ قالغاندىمۇ ئۇراتتى. قاتتىق ھاقارەتلەيتتى. ئادەم بار - يوق دېمەي زىتىغا تېگەتتى.

ھاۋا تۇتۇق بىر كۈنى ئىدى. ئۇ بالىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى - بۇنى ئويلاپ قاتتىق ئازابلاندى. «ئەسلى ئۇلارنىڭ — شۇ كىشىلەرنىڭ ئورنىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسام بۇ كۈنگىمۇ قالماس ئىدىم» دەپ ئويلىدى. راست، ئۇلار ئۆلۈپ كەتتى. بالىلىرى قالدى. ئۇ تۇيۇقسىز ئايالىنىڭ خۇلقىنى ئويلاپ قالدى. بىر تۇرۇپ ئايالىنىڭ خۇلقىنىڭ پاساھەتلىكى تۈپەيلىدىن ساق قالدىم دەپ ئويلايتتى. ئايالى پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ غەمزە قىلىدىغان بولسا ئۇ ئەقلى - ھوشىنى يوقىتىۋېتەتتى. ھازىر ئۆزىنىڭ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىشتىن باش تارتقانلىقىغا ئىشەندى. لېكىن شۇ سەۋەبلىك ئەرشكە چىقمىدى. ئەكسىچە بالىلىرىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى. ئەمدى ئويلاپ ئۆزىنى كونا، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچى دەپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرگەنلىكىدىنمۇ خىجىل بولدى. ئايالى ئۇخلاپ يېتىپ باشقىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ غەمزە قىلىدىغان بولدى. بىر تۇرۇپ كىچىك بالا ئەركىلەتكەندەك قىلاتتى. بەزىلەر: «ياش بالىلارغا ئامراق بولۇپ قالدى» دەپ يۈرۈشكەنىدى. ئۇ بۇلارنى ئويلىغانسېرى يۈرەكلىرى پۈچۈلىنىپ كەتتى. ئۆزىنى قاتتىق ھاقارەتلەنگەندەك، ئازار تارتقاندەك ھېس قىلدى.

ئۇ قۇتۇلۇشنى ئويلىغان، ھازىر بىردىنبىر ئۈمىدى پېنسىيىگە چىقىشتا قالدى. ئۇ «پېنسىيىگە چىقىپلا شۇ ۋەيرانە يۇرتۇمغا كېتىمەن» دەپ ئويلىدى. لېكىن بۇرۇن ئەمىلىم ئۆسسە تۆۋەندە ئىشلەي دەپلا كېتىۋالىمەن دەپ يۈرگەنلىكى ئېسىگە كەلدى. يەنە بوشىشىپ كەتتى. مانا ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى. ئۇ ئىرادىسىدىن قاتتىق گۇمانلاندى. ئەمدى ئۇ: «پېنسىيىگە چىقىشنى كۈتۈشمۇ خەتەرلىك ئىكەن» دېگەن يەرگە كەلدى. نەچچە قېتىم ئايالىنى قويۇۋېتىشكە نىيەت قىلغان. بىرنەچچە تونۇش - بىلىشى خوتۇنلىرىنى يېتەرلىك سەۋەب بىلەن قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، قايتا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشقا قۇربى يەتمەي، يەنە يارىشىۋالغانىدى. ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق قىلىپ سېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەسلى كۆڭۈل تۇرمۇش يامان. ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆزىنى پاتقاققا چوڭقۇر چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. تېنى شۈركىنىپ كەتتى. بەلكى بۇ خىل قاتماللىقتىن قانداق قۇتۇلۇشنى زادىلا ئويلاپ تاپالمىدى.

مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتى، قىلىقلىرى باشقىچە بولۇپ قېلىۋاتاتتى. دىققىتىنى ھەرقانچە يىغىپ، كۆچىنىپ زورۇقۇپمۇ قۇتۇلالمىدى. كۆز ئالدىغا ئايالىنىڭ تولغان جەزىبىلىك تۇرقى كەلدى. ئۇ «خۇلق دېگەن بىر سەنئەت دېگەنىدى» . ئەمدى ئويلاپ،

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ نېمىشقا شۇ قېتىم ئاسان بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى شۇنىڭغا ئارتتى. بىراق شۇ چاغ خۇددى ئاشۇلاردەك يول تۇتۇشقا قادىر ئىدىغۇ؟

شۇ چاغ، بۇنىڭغىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. ئۆزىمۇ باش بولغان، پىلانلىغان. لېكىن ئىشلار ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي قالدى. ئۇلار - سەپداشلىرى كۆزلىرى يۇمۇلماي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەتىسى قېرىنداشلىرى كەلگىچە يۇمۇلماي تۇرۇپتۇ. «ئۆلىشىۋالغان چىۋىنلار كەچتە كېتەمدىغاندۇ ياكى تاكى قورۇۋەتمىگۈچە تۇرامدىغاندۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئۆزى ئازابلانغان بىلەن ياشاۋەردى. ئايالى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى. لېكىن بۇمۇ ۋاقىتلىق ئىدى. كۆپ قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خىيالىغا كەلدى. لېكىن «ئۆلۈۋېلىش قاتتىق گۇناھ» دەپ ئاڭلىغان. شۇڭا يالتايغانىدى. ئويلاپ بۇنىڭمۇ باھانە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئايالى ئۆيدە يوق ئىدى. بالىسى سىرتتا باشقا بىر بالا بىلەن سەت تىللىشىۋاتاتتى. «مۇشۇنداق دىمىق، تەلەتى سۆرۈن ھاۋا بولغان كۈنىمۇ ئۆلتۈرۈش بولغان نېمىسى» دەپ ئويلىدى. ئايالى بىر يەردىكى ئۆلتۈرۈشقا كەتكەن. ئۇ چوقۇم تولغان ساغرىسىنى لىغىرلىتىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ. قىزىق، ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى خەت تارتقان خام سويمىلارغا ئامراق، ياكى يېڭى توي قىلغان ياش بالىلار. شۇلار بىلەن قاتار ئولتۇرۇش ئوينايدۇ. ئۆزى تەشكىللەيدۇ. ئۇنىڭ قىلىقى شۇ ئوخشايدۇ. ئۇ دائىم «دەرستە يېتىشەلمىدى» دەپ يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆيىگە، ئىشخانىلىرىغا ئېلىپ كىرىۋالاتتى. ئۆي تامىقى كۆرمىگەن بۇ بالىلار ئۇنىڭ مەززىلىك تامىقىغا بەك ئامراق ئىدى. نېمە دېسە بىجانىدىل ئورۇنلايتتى. ئادەم بولمىسىلا قۇچىقىغا ئېلىۋالاتتى. بۇنى بىرى دەپ قويغان. شۇمۇ قويۇپ بېرىشكە يېتىپ ئاشاتتى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى نەم، ئۇ ئۆزىنىڭ بوشاڭلىقىنى يەنە نەم ھاۋاغا ئارتماقچى بولغانلىقىدىن ھەيران قالدى. «نېمە ئامال، ھەي ئىست» دەپ ئاۋازىنى چىقىرىپ «ئۇھ» تارتتى. ئۇ شۇ بىر ئۇھ بىلەن يېنىكلەپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. بىر تۇرۇپ كۈلۈپ سالدى. ئايالىنىڭ ئىشلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى پىلانلىغان ئىشتەك ئوڭۇشلۇق كېتىپ باراتتى.

ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. كاللىسى تولا خىيال قىلىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك تۇراتتى. توپا ياغقان ھاۋا ھەم دىمىق، ھەم نەم ئىدى. يامغۇر ياغمىغاچ ھاۋادىن توپا - توزان ئۇچۇپ تۇراتتى. خۇددى توپان بالاسى بېسىققاندىن كېيىنكى ھاۋادەك. ئۇلار ئېتىلغاندا مۇشۇنداق ھاۋا بولغان. شۇڭا ھەر قېتىم مۇشۇنداق ھاۋا بولغاندا قاتتىق بىئارام بولاتتى. ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايتتى. ئۇلاردىن ئېتىلىش ئالدىدا: «نېمە تەلەپىڭلار بار» دەپ سورىسا، قاراڭغۇ كامىردا ئۇزۇن يېتىۋەرگەن بولغاچ: «كۈننى بىر كۆرۈۋالساق» دەپتۇ. لېكىن ھاۋا تۇتۇق، توپا ياغقان، كۈن چىقمىغاچ ئوخشاشلا ئەپچىقىپ ئېتىۋېتىپتۇ. شۇلارنى ئويلاپ كۈننى ئىزلەشتۇردى. كۈننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭمۇ خۇددى ھازىر قۇياشنى بىر كۆرۈۋالغۇسى كەلدى. ئۆزىچە ئۇدۇلدىكى بىر بىنانى توسۇۋالغان چېغى دەپ ئويلاپ، بىنانى ئايلىنىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ماڭدى. بىرەر تونۇش - بىلىش ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالدى. يول بويىدىكى ھەر خىل ئالا - يېشىل ئېلانلارغىمۇ قارىمىدى. ئىتتىك ماڭدى. دىققەت قىلالماي بىرى بىلەن سوقۇلۇپ كەتتى.

- ھەي ئادەم، كۆزىڭىز بارمۇ، يوقمۇ! - دەپ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن ئۇ چۆچۈپ كەتتى. مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

- ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن. دۇنيادىن كۆزۈڭ كور، زۇۋانىڭ تۇتۇق ئۆتۈپ كېتىدىغان نېمە ئوخشىمامسەن!

«بۇ كىشى مېنى بىلەمدىغاندۇ» دېگەن خىيال كېلىپ پۇت - قولى تىترەپ كەتتى.

- ئۆيدىكى ئىشنى ئاز دېگەندەك، نېمانداق ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالىدىغاندۇ؟ - دەپ سالدى. ئەسلى گەپ قىلماي تىكىلىۋېتەي دېگەن. ئاغزىدىن گەپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدە بىرمۇنچە ئادەم ئولىشىپ بولۇپتۇ. بىرى قاپىقىنى تۈرۈۋېلىپ قاتتىق ئازار يېگەندەك ئاغزىنى بۇزۇۋاتاتتى.

- ھەي مۇناپىق، ئائىلەڭدىن نېسىۋەڭنى يېسەڭ سىرتقا چىقىپ بىرىنى ئۇسسۇپ دەردىڭنى ئالامسەن! مۇنداق قىينالغۇچە ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ؟ - دېدى شالىنى چاچرىتىپ.

- ھەجەپ بىزار قىلدى. نېمە دېسەم زۇۋانىڭنى يىغىشتۇرارسەن؟ - دېدى.

- دۇرۇس ئادەم بولساڭ بۇ چاغقىچە ئۆلمەي ياشامتىڭ قېرى ھېجىقىز! . . .

يەنە نېمە گەپ چىقىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ ئامالسىز كىشىلەر ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىدىغاندەك تۇراتتى. «قارىغاندا ئۇنىڭمۇ ئالالمىغان دەردى بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىپ سەل پەسكويغا چۈشتى. قانچە ئويلىسىمۇ ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك ئەمەس ئىدى. زەھەرلىك تىلىدىن خۇددى بىلىدىغاندەك. ئۆزى يېقىندىن بېرى «باشقىلارمۇ ئۇنتۇپ كەتتى» دەپ ئويلاپ يۈرەتتى. قارىغاندا ئۇنتۇش تەس ئوخشايدۇ. مەيدىسى تاتىلىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ يۈرىكىنى تىنىدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇپ بىردەم تۇردى. ئۇ شۇتاپ ئۆزىنى چالما - كېسەك قىلىنىش ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدى. كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ بىنانىڭ ئارقا تەرىپىگە بېرىشى كېرەك.

شۇ چاغدا، «كەڭچىلىك» قىلىنىپ قويۇپ بېرىلدى. لېكىن شۇندىن كېيىن ھېچ كىم ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. ئۆزى ئۆلگەن بولسا باشقىلار قۇتۇلۇپ قالارمىدى؟ ھاۋامۇ دەل مۇشۇنداق تۇتۇق بولارمىدى؟ بايىقى ئادەم بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەن ئۇنى كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلاپ كوچىغا تاشلىۋەتكەندەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئايالىنىڭ تىلى ئالدىدا بۇ خىل يالىڭاچلىق ياخشى ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چاچراپ چىققان تۈكۈرۈك ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىشتۇردى.

ئۇ شۇ دىشۋارچىلىقتا يول ياقىسىغا چىقىپ ئاۋايلاپ ماڭدى. لېكىن كۈنىنى توسۇۋالغان بىنانىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بىنالارنىڭ ئايىغى چىقاي دېمەيۋاتاتتى.

بىر كوچىدىن بىر توپ جامائەت چىقىپ قالدى. ئۇ «ھەببەللى» دەپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ ماڭدى. ئۇلار ئۇنى مويسىپىت كىشى دەپ قالدىمۇ، يول بوشىتىپ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى. ئەمدى ئۆزىنىڭ مەيلىچە ماڭالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر قورۇ ئۇچراپ جامائەت شۇ يەرگە باشلاپ ماڭدى. قاتار قول قوشتۇرۇپ تۇرغان جامائەت بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىگە شۈبھى بىلەن قاراۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇلار كۆرۈشكەندە ئادەمنىڭ قولىنى ھەر خىل ئاتاتتى. بىرى ئېگىزگە، بىرى پەسكە، بىرى يانغا. قارىغاندا ھەر يۇرت، ھەر يەرنىڭ ئادەملىرى بولسا كېرەك. كەيپىيات ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. باشلىغان ئۆيگە كىردى. دۇئاغا قول كۆتۈرگەندىن كېيىن جامائەت سالاملىشىۋالدى. ھازىدار بىرەر ئادەم كۆرۈنمىدى. بىر تۇرۇپ قاتار تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھازىداردەك. يېنىدا ئولتۇرغانلار «خوش، تەقسىر» دەپ قالدى. ئۇ دەماللىققا نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى خەتمىقۇرئان قىلىشقا تەكلىپ قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ بىردىن قارا تەر بېسىپ كەتتى. ئۆزى كىچىكىدە قارىيلىقتا ئوقۇغان، لېكىن شۇندىن كېيىن يەپ كەتتى. ئۇ ئەپلەپ بىرنەچچە ئۇششاق سۈرىنى ئوقۇدى. خىيالىغا لاتىنچە ئۆزى بىلىدىغان خىمىيە ئاتالغۇلىرى كېلىۋېلىپ كۆپ قىينالدى. ئۆزىنىڭ قىيىن - قىستاققا ئېلىنغاندىمۇ مۇنداق قىينالمىغانلىقىنى ئويلىدى. ئالدىراپ ئاخىرىنى چۈشۈرۈپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. بايا ئۆزىنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ چىقىرىپ قويغانلارنىڭ تىزىغا قويغان قوللىرى تۈگۈلۈپ كېتىپ باراتتى. يەر تېگىدىن گۆلىيىپ قاراۋاتاتتى. ئۇ سۈرە ئارىلىقىدا خېلى تۇرۇپ قالغانىدى. ياكى خاتا ئوقۇغاندۇ. جامائەت ئۇپۇل - تۇپۇل پەگاھغا چۈشۈپ ئالدىراش ئاياغلىرىنى كىيىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇ ئۇيۇشۇپ قالغان پۇتىنى ئەستە ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ پەگاھغا قارىسا ئايىغى يوق. ئورنىغا بىر جۈپ كونا يىرتىق ئاياغ قاپتۇ. كىيىپ باقسا پۇتىغا پاتمىدى. ئەسلى ئىگىسىمۇ پۇتىغا پاتماي سوڭىغا دەسسەپ كىيگەندەك تۇراتتى. ئۇ ئەپلەپ پۇتىنىڭ ئۇچىغا ئىلىۋېلىپ تالاغا چىقتى. ئۇنى بىرسىمۇ ئۇزىتىپ قويمىدى. ئارقىسىدىن نۇرغۇن كۆز ئالىيىپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ياكى تونۇپ قالغاندىمۇ؟

تالاغا چىقىپ تۇپا يېغىۋاتقان ھاۋادىن چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى. ئاسمانغا قارىدى. قۇياش يەنىلا كۆرۈنمەيۋاتاتتى. بىردىن پاۋرودى[1] ئېسىگە كېلىپ قالدى. «مېنىڭ قۇياشىم» نى نېمىشقا شۇنچە كۆچەپ ئېيتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالدى. ۋاقىتنىڭ قايسى چاغ بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقالمىدى. ھاۋانىڭ سەتلىكى خۇددى قومۇلۇقنىڭ قارا قۇيۇنى قۇملارنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ چىقىپ پەسكە قۇيۇۋاتقاندەك. خۇددى بىر چىنە سۇغا بىر چىنە تۇز ئارىلاشتۇرغاندەك،

---

[1] پاۋرودى - ئىتالىيىدىكى يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى.

www.uyghurkitap.com

قانچىلىك ھاۋا بولسا شۇنچىلىك توپا - توزان بارىدەك ئىدى. ئۇ ئوق ئاۋازىنىڭ مۇنداق ئىگىز ھاۋادا يىراققا بارالمايدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئارقىدىن بۇنىڭ يەنە نېمە ھاجىتى دېگەن يەرگە كەلدى.

ئاياغ پۇتىنى ئاغرىتىپ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ قويدى. يول بويىدىكى ئېگىز بىنالار ھالقىغىلى بولماس ھەم يات كۆرۈنەتتى. بىر يەرگە كەلگەندە، قورسىقى ئاغرىپ تەرىتى قىستاپ ئالدىراپ قالدى. پۇتى بوغۇلغان ئادەمدەك قەدەملىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆز ئىشلىرىغا ئالدىراش كېتىۋاتقان كىشىلەر ئەزەلدىن تەرەت قىلمايدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بىرەرسىدىن سوراي دەپ شۇنچە تەلمۈرسە بىرسىمۇ قاراپ قويمىدى. «بىزدەكلەرنىڭ نېمىشقا ئىناۋىتى يوق؟» ئەتراپقا ئالاق - جالاق قارايتتى. كەلگەن نىشانىنىمۇ يوقىتىپ قويدى. ئىشتانغا چىقىرىۋېتىشكە ئازلا قالدى. تەلىيىگە بىر بىنانىڭ قىسىلچىقى ئۇچراپ قالدى. قىسىلچاققا كىرىپ كەينىنى يول بويىغا قارىتىپ ئولتۇردى. تار يەردىن قورقۇش كېسىلىنىڭ بولۇشىغا قارىماي ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. مۇشۇنداق ناچار ھاۋا شارائىتى، بىر تار، قىسىلچاقتا ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

- ھەي قوپە! قانداق نومۇس قىلمايدىغان نېمە بۇ! ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن!

ئۇنىڭ قولىقىغا سەت بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بىردەم بولسىمۇ جىم ئولتۇرۇۋالغۇسى بار ئىدى. ئۇ ئادەم سۆزلەۋەردى. تەرەت تۈگىگەندىن كېيىن بىر كېرىلىۋالاي دېۋىدى، ئورۇن بەك تار بولغاچ كېرىلەلمىدى. كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىسا نەچچە بىكارچى تاماشا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان ئاقۋاش، ئاق ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر قېرى ئالىيىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئايغىنى قولىغا ئېلىۋالغانىدى. ئۇ چىقىشتىن قورقۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلار خۇددى ئۇرىدىغاندەك ئەلپازدا تۇراتتى. بايىقى ھوزۇرلۇق كەيپىياتىمۇ يوقاپ كەتتى. بەك ئوسال بولدى. يوشۇرۇنىدىغان يەرمۇ يوق ئىدى. ئاقۋاش ھەدەپ پوپوزا قىلىپ ۋارقىراۋاتاتتى. تەرىتى خۇددى ئۇنىڭ يارىسىدەك، ياق، قورقۇنچاق يۈرىكىدەك لىغىرلاپ تۇراتتى. قارىغانسېرى ئۇنىڭغا يوغىناۋېرىپ يوشۇرغۇسىز بولۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. بىر قارىسا يۆگىشىۋالغان يىلاندەك تۇراتتى. ئۇ ئىتتىك بېشىدىن شلەپىسىنى ئېلىپ گەندىسىگە يېپىپ قويدى.

- ھەي، ئاپلا ماۋۇ كىسپۇرۇچنى، ئىست شلەپە! - دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئاقۋاش ۋە تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنى ھەيدىۋەتتى.

- قارا، مايەرگە چىق، يېشىڭ خېلى چوڭ نېمىدەك قىلىسەن، كىچىك بالىدەك نېمە قىلغىنىڭ. ھەي، بىر ئوبدان شلەپىنى. . . - دەپ سۆزلەپ كەتتى.

ئۇ قورقۇپ چىقالمىدى.

- ماڭا قارا، مەنمۇ مەست بولسام كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تەرەت قىلىۋېرىمەن. كىچىكى بولسا بەزىدە ئۆرە تۇرۇپمۇ قىلىۋېرىمەن. . . - دېدى. تەلەپپۇزى سەل يۇمشاپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇ بىر كۈن ئىچىدە ئاڭلىغان يۇمشاقراق گەپ شۇ بولدىمۇ يۈزىنى پەلتوسىغا ئوراپ ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى. قانچىلىك يىغلىدى، بىلمىدى. ئۇ ئاقۋاشنى خىجىل قىلىپ قويغاندەك تۇراتتى. يىغىدىن توختاپ ياش - ماڭقىلىرىنى سۈرتۈۋەتتى. باشقىلارنىڭ گەندىلىرىدىن ئاۋايلاپ ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

- مەن سىزگە دېسەم، مەن ئارام ئېلىشقا چىققاندىن بېرى مۇشۇ ئەتراپقا نازارەتچىلىك، ياق جېسەكچىلىك قىلىۋاتىمەن. شۇڭا مەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان ئادەم. جەرىمانە تۆلىمىسىڭىز بولمايدۇ. لېكىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ بەرسىڭىز ئۇنى ئۆزۈم تەرەت قىلغانغا چىقىرىۋېتىمەن، قانداق؟ - دېدى.

ئۇ قارىغاندا مەست بولسا كېرەك، تىنىقىدىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى. ئۇ ئېگىز بوي ھەم ئېگىز قونجىلىق ئۆتۈك، گەلەپى شىم كىيىۋاپتۇ. خۇددى بىر قېرى كازاك ئوفىتسېرىنىڭ رولىنى ئېلىپ كوچىغا قېچىپ چىقىۋالغاندەك. ئۇ ئادەم يەنە باشقا گەپلەرنى قىلىپ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. بىر كۈن ئىچىدە بىرەر ئېغىز كۆڭۈللۈك سۆز ئىچكۈدەك گەپ ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. كونا ئاياغ گۆرۈگە ئېلىنغاندەك ئۇنىڭ قولتۇقىدا تۇراتتى. مېڭىپ بىر بىنانىڭ يەر ئاستى ئۆيىنى دۇكان قىلغان قاراڭغۇ بوتكىغا چۈشتى. چۈشۈپلا ئىچىدىن چىقىۋاتقان زەي ئارىلاش سېسىق پۇراقتىن شۈركىنىپ كەتتى. كىرىپ بولۇتلىرى

تىنىلىپ كەتكەن بىر كرېسلوغا كېلىپ ئولتۇردى. بىر تەرەپتە ئىككى ياش ئەرزان باھالىق ھاراق ئىچىۋاتاتتى. ئۇلار دېمىسىمۇ دۇكاندار بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ كەلدى.

— بىزنىڭ بۇ يەردە دېموكراتىيە بار. ھەركىم ئۆزىنىڭ زوقىغا لايىق قۇيۇپ ئىچىۋالىدۇ،— دەپ كوركىرىتىپ قۇيۇپ بىر ئىستاكان ئىچىۋالدى. ئاندىن تامغا بېشىنى يۆلەپ، كۆزىنى يۇمۇپ ھاراقنىڭ مەززىسىنى سۈرگەندەك جىم تۇردى. قورساقلىرىنى سىلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئايىغىنى شىرەگە قويۇپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن:

— ھە، ئۇكام، ئەمدى ئىمانىمغا كېلىشۋالدىم. دېگىنە، پېنسىيىگە چىقىۋالدىڭمۇ؟ راست، دەيدىغان گېپىڭ بولسا دە. دوست دېگەن شۇنداق بولىدۇ،— دېدى. ئىشتىنىنىڭ ئېغى يىرتىق ئىكەن ئۇقماي ھاڭۋېقىپ قاراۋېرىپتۇ،— ھەي، نېمانداق قاراۋېرىسەن. مۇشۇ كەمدە گەلەپى شىم كىيىپ يۈرىدىغانلارمۇ يوق ھەم تىكىدىغانلارمۇ يوق. شۇڭا كىيىۋەردىم،— دېدى.

ئۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ قانداق رەزگى ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئويلىدى. بۇنىمۇ بىر ئۆزىدىكى غىلجىڭلىقنىڭ تەسىرىدىن دەپ قارىدى. قارىغاندىمۇ ھاڭۋېقىپ قاراۋەرگەن ئوخشايدۇ. ياندا ئولتۇرغان ئىككى ياش گەپ قىلىپ قالدى. دىققەت قىلسا: «ماۋۇ ئىككى قېرى ھېجىقىزنىڭ نېمە دەردىگە ھاراق ئىچىدىغاندۇ» دېگەندەك گەپلىرى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ ھاراق ئىچمىگەنلىكى ئېسىگە كېلىپ لىق بىر ئىستاكان قۇيۇپلا كۆتۈرىۋەتتى. ئۆزى دوختۇر كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزۈن بولغان ھاراق ئىچىپ باقمىغىلى.

— ھەببەللى، ئەسلى ياش ۋاقتىڭدا مەندەك يىگىت ئىكەنسەن! ئىچە،— دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى. بېشىنى چاتىرىقىغا ساڭگىلىتىپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. بوغۇق ئاۋازدا: «راست يىگىت ئىدىم» دەپ تېخىمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىدى. ئۇ كىشى: «بولدى قىل، سەۋرى قىل» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ باقتى، بولمىدى. ئاخىرى ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ئاقۋاشمۇ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئېسەدەپ ھەم بىردەم كۇلۇپ تېلىقىپ كەتكەندەك يىغلايتتى. پات - پات بۇرنىنى تارتىپ قوياتتى. «بىزمۇ يىگىت ئىدۇق» دەپ بوغۇق ئاۋازدا بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى. دېگەنسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنچە بۇزۇلدى. بىردەم «ئىست، ئىست» دەيتتى. بىردەم «خەپ» دەيتتى. ياندىكى ئىككىسى كۇلۇپ تېلىقىپ كېتىۋاتاتتى. دۇكاندار ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇكسىز يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇراتتى. تاماكىنى ئۆزۈلدۈرمەي چېكىپ تۇراتتى.

بىر چاغدا قېرى ئاقۋاش ناھايىتى ھاردۇقى چىققاندەك «ئۇھ» دەپ كېرىلدى. خۇددى ئۇ بايا تەرەت قىلىپ بولۇپ كېرىلگەندەك.

— بولدى، ماڭا قارا ئۇكام، جەرىمانىمۇ ئالمايدىغان بولدۇم. ئەمدى ھاراقنىڭ پۇلىنىمۇ مەن تۆلىۋېتەي، ئەمدىغۇ كۆڭلۈڭ بۇزۇلمايدىغاندۇ؟ بولدى يىگىت، ئەمدى دوست بولۇپ قالدۇق،— دېدى.

ئۇ قۇياشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

— راست، بۈرۈن ئۆزۈن يىل بولدى، مۇشۇنداق توپا ياغقان سەت ھاۋا بولغان بىر كۈنى بىرمۇنچە ئادەم ئېتىلغان. شۇ ئىش توغرۇلۇق بىرنەرسە بىلەمسىز؟— دەپ سوراپ قالدى.

— نېمە دەيدىغانسەن، كۆرگەن، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنى دەپ نېمە قىلىسەن. بولدى، ساڭا راستىنى دېسەم، سەن تۇتۇلۇپ قالغان قىسىلچاق بىر قاپقان. ئانچە - مۇنچە تۇتۇلۇپ قالغانلارغا ھاراق ئالدۇرۇپ ئىچىمەن. ئەسلى ئېتىۋەتسەملا بولاتتى. ساڭا دېسەم قالپىقىڭنى مەن يۇيۇپلا كىيىۋالىمەن. بۇ چاغقىچە نەچچىسى ئېلىپ قاراپ بېقىپ تاشلاپ قويدى،— دېدى.

ئۇ نېمە دەپ سالغانلىقىنى ئويلىدى. قارىغاندا ئاقۋاش ئۇقمايدىغان ئوخشايدۇ دېگەن يەرگە كەلدى.

— بۈگۈن كۈن چىقارمۇ؟— دەپ يەنە سوراپ سالدى.

— ماڭا قارا، ساڭا كۈننىڭ نېمە لازىمى بولۇپ قالدى؟ قارا ماۋۇ ئۆتۈككە، بىر پاي ئۇق تاپىنىغا تېگىپ تېشىۋەتەلمىگەن. شۇڭا ئاياپ كىيىمەن. باشقا ئۆتۈك بولىدىغان بولسا... ئۇ چاغدا مەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ تۇيماي قاپتىمەن.

— ئالدىمىزدىكى بىنا كۈننى توسۇۋالغاندەك تۇرىدۇ. بايا شۇ بىنانىڭ ئارقىسىغا كىرىپ باراتتىم.

— ئوغۇل بالا بولساڭ يۇلۇپ ئېلىۋەت. سەن قاپقانغا چۈشكەن. ئايىغىڭ مەندە گۆرۈدە. ئۇققانسەن. تېخى يىگىتمىش. قېچىپ كېتىشىڭ، خۇددى قاپقانغا چۈشكەن تۈلكە قىسىلغان پۇتىنى ئۆزى يەپ قېچىپ كەتكەندەك قېچىشىڭ كېرەك...

ئاقۋاش جىسەكچى بىردىنلا مەست

www.uyghurkitap.com

بولۇۋالدى. يوغان تۇكلۇك قولىدا شىرەنى بىر قويدى. شىرە پەنەركە بولغاچ هاراق قاڭقىپ كېتىپ ئۇنىڭ پۇتىغا چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى. تىلى سەمرىپ گېپىنىمۇ راۋان قىلالمىدى. قوپۇپ ئاران مېڭىپ چىقىپ كەتتى. دۇكاندار بېشىنى بۇراپ قاراپمۇ قويمىدى. هاراقنىڭ سېسىق پۇرىقى بوتكا ئىچىنى چاڭ چىقىرىۋەتتى. هاراققا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتەي دەپ يەنە يالتىيىپ قالدى.

شۇ چاغ بۇنىڭدىنمۇ سەت توپا ياغقان هاۋا بولغان بولغىيمىدى؟ شۇ چاغ بىرى نەق مەيداننى كۆرۈپتىكەن. تېخى يېقىندا سۆزلەپ بەردى. پاكار بىرى كۆپ قىينىلىپ كېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ قېنىدا تېپىچەكلەپ كۆپ ئېغىناپتۇ. تاپىنى بىلەن يەرنى تولا تىرەجەپ يەرنى تېپىپ ئايىغى يىرتىلىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ دىيىشىچە، ئوقنىڭ ئۇچىنى ئىكەك بىلەن تۈز قىلىۋەتكەچكە شۇنداق بولغانىكەن. شۇنچە قاقاس جاڭگالدا بىردەمدە نۇرغۇن چىۋىنلەر پەيدا بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئېتىنى كۆپ ئويلاپ تاپالمىغانىدى. هازىر ئويلاپمۇ تاپالمىدى. ئېگىز بوي بىرى تولا لەپەڭلەپ يىقىلماپتۇ. ئاققان قان چوڭ كەلگەن ئۆتۈككە توشۇپ، ئۆتۈكنىڭ قونجىسىنى بويلاپ يەرگە ئاققاندىن كېيىن تېيىلىپ يىقىلىپتۇ. يىقىلغاندىن كېيىن ئۇ ئېگىز يىگىت كېيىپ بولۇپ يەرگە ئۇزارتىپ يېيىپ قويغان كىيىمدەك نېپىزلەپ كېتىپتۇ.

ئۇ، يەردىكى سېسىق پۇراپ تۇرغان هاراققا قاراپ شۇلارنى ئويلىدى. بىر سىلكىنىپ كەتتى. دۇكاندار بۇ يەردە هېچ ئىش بولمىغانلىقىنىڭ گۇۋاهچىسىدەك ئۇنسىز تاماكىسىنى چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

- خوجايىن مەن پۇلنى تۆلىۋېتەي، بىرنەرسە تېپىپ بەرسىڭىز ئادالىۋەتسەممۇ بولىدۇ،- دېدى. دۇكاندار قارىغان بىلەن قارىمىغانىنىڭ ئارىلىقىدا ئۇنىڭغا بىر نەزەر سالدى. ئۇنىڭ قارشىدىن شۈركىنىپ كەتتى. نەزەرگە ئاجايىپ بىر مەنىستىمەسلىك يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى.

- ئۇ كىشى ئۆزى تۆلەيدۇ. ئۇنىڭ ماڭا گۆرۈگە قويغان بىر كونا قىلىچى بار. سەن يولۇڭغا مېڭىۋەرسەڭ بولىدۇ،- دەپ ئۆز خىيالىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ قىزىقىپ:

- ماڭا قاراڭ، ئۇنىڭ نەچچە پۇلى قەرز بولسا مەن بېرەي، قىلىچىنى ماڭا بەرسىڭىز. مەن ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بەرسەم،- دەپ ئىلتىماس قىلدى. خوجايىن قاشسىز قاپىقىنى مىتىلدىتىپ كەتتىر ئاستىدىن سوكنو رەختكە ئورالغان ئۇزۇن بىرنەرسىنى ئالدى ۋە:

- خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ! يۇز يۇەن،- دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا زەردە بىلەن قويدى. يۇمشاق نەرسە بىلەن ئوراقلىق بولغاچ ئاۋازى چىقمىدى. ئۇ ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ چىگىلگەن يەرلىرىنى يەشتى. ئۈچ يەردىن چىگىكلىك ئىكەن. سوكنو رەخت ئىچىدە يەنە بىر قەۋەت مەخمەل بار ئىكەن. لېكىن ئۇنى قايتا چەگمەپتۇ. «بۇ قېرى راستتىن ئاسراپتىكەن» دېگەن خىيال بىلەن مەخمەل رەختنى ئاچتى. تۇپتۇز، ئۇزۇن چەۋەندازلار قىلىچى ئىكەن. قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشىگە بوتكا ئىچى «ۋال - ۋۇل» قىلىپ چاقناپ كەتتى. دۇكاندار بۇرۇن ئېچىپ قاراپ باقمىغانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قىلىچنىڭ نۇرى ئۆزىنىڭ كۆزىگە چۈشۈشى بىلەن ئوتلۇق بىر ئېقىم كۆزىدىن كىرىپ پۈتۈن بەدىنىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئۇنىڭغا كېسەللىكتىن بولغان روهسىزلىق، سۇلغۇنلۇق بىردىنلا يوقاپ كەتكەندەك بىلىندى.

- ياخشى قىلىچ ئىكەن،- دەپ جايىغا ئولتۇردى دۇكاندار.

ئۇنىڭ قېنى قىزىپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىر ئىستەك بېشىدىن كۆتۈرۈپ بىر پىرقىرىتىپ قويدى. دۇكاندار چۆچۈپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. بايىقى مەنىستىمەسلىك بىردىن يوقاپ، ئۇركۇپ كەتكەن كۇچۇكتەك كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالدى. بولمىسا ئۇنىڭ شۇ نەزەرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى خېلى تىلغىغان بولاتتى. ئۇ هاراقنىڭ تەسىرىدىنمۇ بىردىن غالىبلاردەك هېسسىياتقا كېلىپ قالدى. پۇلنى ئالدىغا قويۇپ يەنە ئازراق قوشۇپ بېرىپ يۇقىرى ئۆرلەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنى قايتىدىن پۇختىلاپ تىڭىۋالغانىدى.

تالادا ئاللىبۇرۇن قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغانىدى. دېمەك كۈن ئولتۇرۇپ بولغان. ئۇ قاتتىق ئەپسۇسلاندى. يول چىراغلىرى كوچىلارنى يورۇتۇۋەتكەنىدى. كوچىلار شۇنچە ئاۋات، ئېلان چىراغلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. هاۋا بەك توپا بولغاچ چىراغلارمۇ ئۆز ئەتراپىنى ئاران يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلار دەل مۇشۇنداق كۈنى ئۆلۈكلەرنى تۇغقانلىرىغا بەرگىلى ئۇنىماي دالىدا بىر كېچە ساقلاپتۇ. ياۋا ئىتلارمۇ يېقىن كېلەلمەي تاڭ ئاتقاندا تارقاپتۇ.

ئۇ: «ئۇلار ئۇچۇن بولسىمۇ قۇياشنى بىر كۆرۈۋالالمىدىم» دەپ ئويلىدى. لېكىن بىردىن «راست، بابا قىلىچ شولىسىدىن قۇياش نۇرىنى كۆردۇمغۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى.



(هېكايە)

## ئابدۇقادىر ھەمدۇللا

### 1

چېچىڭ تال - تال بولغۇچە،
قېشىڭ قارا بولسىچۇ.
خەقنىڭ يارى بولغۇچە،
مېنىڭ يارىم بولساڭچۇ.

ئايجامال غۇنچە بوي، كېلىشكەن قىز ئىدى. شېشىدەك سۈزۈك بويلىرىدىن ئىپاردەك خۇشپۇراقلار تارىلىپلا تۇراتتى...

ئۇ قانداقلا بىر كىيىم كىيسە شۇنداق يارىشاتتىكى، بىر تال قىزىل گۈل ھۆپپىدە ئېچىلىپ ئاستا كۆچۈۋاتقاندەك يولدا ئۇچرىغانلا يىگىتلەر ئۇنىڭغا خېلى ئۇزاق كۆز تاشلىماي قالمايتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. بازار كۈنى بولغاچقا، بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرى راسا قىزىغان. ئايجامال سودىلىق ئۈچۈن بازارغا چىققانىدى. ئۇچىسىغا تۇق قىزىل رەڭدىكى گىرىپتىن كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيگەن ئايجامال ئاپئاق پەيدەك يۇمران بىلەكلىرىنى تەكشى سىلىپ ماڭماقتا. كۆڭلىكىنى سەل كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر جۈپ چىرايلىق كۆكسى قەدەملىرىگە ماسلىشىپ دەم - دەملەردە سىھىرلىك تەۋرەنمەكتە. چوڭ گۈزەدە ئالتە - يەتتە يىگىت رىشاتكىغا يۆلىنىپ تاماكىلىرىنى چېكىشكەچ پاراڭ بىلەن تۇرغاندا، ئايجامال ئاسماندىن چۈشكەندەك يەڭگىل قەدەملەر بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. يىگىتلەر ھاڭۋاقىنىچە تۇرۇپلا قېلىشتى.

- پاھ! بىر پارچە ئوتقۇ ئۆزى، مۇشۇنداق چىرايلىق خوتۇن ئاللىسا جەننەتكە كىرىپ نېمە ئىش قىلىدۇ ئادەم دېگەن؟ چىك، چىك، چىك...- شاپ بۇرۇت قويغان بىر يىگىت بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ تامىقىنى چاكىلداتتى. باشقا يىگىتلەرمۇ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشمىدى.

- ئىسىت، ئىسىت، كاساپەتنىڭ قىزى، كىمگىمۇ نېسىپ بولارسەن - ھە؟!...

- ھوي - ھوي ھاشىم، گۈلدەك خوتۇنۇڭلا تۇرۇپ بىزدەك بويتاق باللارنىڭ رىزقىغا كۆزۈڭلىنى قىزارتماڭلا ئەمدى. بىزمۇ ياشايلى...- يىگىتلەر پاراققىدە كۈلۈشتى.

- ماۋۇ ئاداشنىڭ گېپىنى، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېمەڭلا تولا. كىمنىڭ رىزقى كىمگە چۈشكەن بولسا شۇنىڭ ئۇ تۇمۇچۇق...

ئايجامال ئۇلارنىڭ ئالدىدا قانداق پەيدا بولغان بولسا يەنە شۇنداق رەۋىشتە غايىب بولدى. يىگىتلەر ئۇنىڭ كەينىدىن بويۇنداپ كۆزلىرىدىن بىر خىل قىيالماسلىق ۋە ھاياجان ئوتلىرى ياندۇرغىنىچە قاراپ قېلىشتى.

### 2

تاغدىن كەلدى ئاق بېلىق،
سۇدىن چىقتى ئاق بېلىق.
نەدىن كەلدى بۇ لايىق،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

ئايجامال ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئوقۇشتىن

توختىتىۋالدى. ئايجامال بىرنەچچە يىلدەك ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولدى. ئۇن يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭغا ئەلچىلەر ئۆزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. ئەمما ئاتا - ئانىسى ئەلچىلەرنى «قىزىمىز تېخى كىچىك، كېيىنچە بىر گەپ بولار» دېگەندەك ئۆزرە سۆزلىرى بىلەن قايتۇردى. ئايجامالنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن قۇدىلىشىشنى ئويلايتتى.

ئايجامالنىڭ ئۆيى شەھەرگە يېقىن يېزىدىكى تۆگمەنبويى مەھەللىسىدە ئىدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىشىك ئالدىدا بىر جىپ ماشىنا توختىدى - دە، سالاپەتلىك ئىككى مويسىپىت بىلەن يوغان داستىخان كۆتۈرگەن ئەللىك ياشلاردىكى بىر ئايال ماشىنىدىن چۈشتى... ئايجامالنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بۇ كۈن بۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى. ئالسىلا، باقسىلا دېگەندەك تەكەللۇپلار بىلە داستىخاننى تۈرلۈك يېمىش، مەززەلەر تولدۇرۇۋەتتى. ساھىبخان مېھمانلارنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇن خەۋەر تاپقاچقا داستىخان ناھايىتى مول بولدى.

بىر ۋاقىتتىن كېيىن ساقىلىغا ئاندا - ساندا ئاق كىرگەن سالاپەتلىك بىر ئادەم ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ گەپ باشلىدى.

- ساۋۇت ئاخۇن، بىز تۇرسۇن قارىنىڭ ئوغلى مەنسۇر ئاخۇنغا قىزلىرى ئايجامالنى سوراپ كېلىشۇدۇق. مەنسۇرئاخۇن قولى گۈل، ئۆزى ياۋاش خۇدانىڭ مۆمىنى دېگۈدەك ئوبدان بالا بولدى. ئاللا تائالا نېسىپ قىلغان بولسا نىكاھ غايىب، قېنى ھەرقايسىلىرى نېمە دەيلىكىن؟- ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى قىرائەت قىلىۋاتقاندەك ئاجايىپ يېقىملىق ۋەزمىن بىر ئاھاڭدا دېيىلدىكى، ئايجامالنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭۈللىرى شامدەك ئېرىپ، چىرايلىرى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى.

- بىز رازى ھاجىم... ئۆزلىرى بۇنى لايىق تاپقان بولسىلا دېگەنلىرىدەك بولسۇن... - دېدى ساھىبخانلار ئېگىلىپ تۇرۇپ تىترەڭگۈ ئاۋازدا. ھاجىمنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ۋە مۆڭلۈق ئاۋازدا قىرائەت باشلىدى.

## 3

مەن كىچىك، نادان چېغىمدا،
خوتۇن دەپلا ئاپتىمەن.
چوڭ بولۇپ ئەقلىمگە كەلسەم،
بىر بالاغا قاپتىمەن.

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئايجامال بىلەن مەنسۇر توي قىلىپ بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىن بالىلىق بولدى. مانا بالىلارنىڭ چوڭى گۈلشەن ئالتە ياشقا، ئوغلى نۇرشات تۆت ياشقا كىردى. پۈتۈن ئائىلىنىڭ خۇشاللىقى مۇشۇ ئىككى بالا بىلەن ئىدى. مەنسۇر ئۇستام سەھەردىلا رېمونتخانىسىغا كېتەتتى. ئايجامال بالىلارغا قارىغاچ ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولاتتى. ئىچى پۇشسىلا پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرماي رەخت سېتىۋېلىپ ئۆزىگە ئەڭ يېڭى پاسوندىكى كىيىملەرنى تىككۈزەتتى. كىيىم پۈتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا گىلدەك ياسىنىپ بازار چۆرگىلەيتتى. تازا تولۇپ ۋايىغا يەتكەن ئايجامال ئۆزىگە ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقان كۆزلەرنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىناتتى، ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولاتتى. دېمىسىمۇ ھېچكىم ئايجامالنى ئىككى بالىغا ئانا بولغان جۇۋان دېمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى ھامان تېتىك، روھلۇق تۇتقاچقىمىكىن، نازلىق تەبەسسۇمى يېغىپ تۇرغان ھۆسن - جامالى يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىپ يوشۇرۇن تۇيغۇلىرىنى ئويغىتاتتى... ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەتىدىن كەچكىچە رېمونتخانىدا ماشىنا، تراكتور، موتسىكلىتلارنى رېمونت قىلىش، كەپشەرلەش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تىنىم تاپمايدىغان مەنسۇر ئۇستام ھامان ئالدىراش ئىدى...

مەنسۇر ئۇستام كەمسۆز، بىرەر ئىشقا ئاسان چېچىلمايدىغان، ئۇشۇق - تۆشۈك گەپ سۆزلەرگە پەقەت مېيىقىدا كۈلۈپلا قويىدىغان ئاق كۆڭۈل، تۈز، ئېغىر - بېسىق يىگىت ئىدى. مەنسۇر ئۇستامنىڭ رېمونتچىلىق دۇكىنى ئېچىلىش بىلەن دۇكان ئالدى بىر بازارغا ئايلىناتتى. ماشىنا، موتسىكلىت، ئېشەك ھارۋىسى دېگەنلەر تولۇپ كېتەتتى. خېرىدارلارنىڭ بەزىلىرى «ۋاي مەنسۇر ئۇستام، ماشىنامنىڭ توك يولىنى كۆرۈپ باقسىڭىز» دېسە، يەنە بەزىلىرى «ۋاي ئۇستام، موتسىكلىتىمنىڭ ماي يولىنى ئوڭشاپ بەرسىڭىز»... دېيىشىپ مەنسۇر ئۇستامنى ئالدىرىتىۋېتەتتى.

مەنسۇر ئۇستام شۇنداق ئالدىراش ئىشلەۋاتـ قاندا توزدەك ياسىنىۋالغان ئايجامال چوشلۇك غىزانى كۆتۈرۈپ مەنسۇر ئۇستامنىڭ يېنىدا

سايىدەك پەيدا بولاتتى - دە:
- بولدى! . . . ئىشنى توختىتىپ تامىقىڭىزنى ئىسسىقىدا يەۋېلىڭ، - دەيتتى يېقىملىق ئاۋازدا.
- ھە، كەلدىڭىزما؟ مانا ھازىر، - دەپلا كۈلۈپ قويۇپ تاماققا ئولتۇراتتى مەنسۇر ئۇستام.
مۇشۇنداق چاغلاردا مەنسۇر ئۇستامنىڭ ھارغىنلىقى نەگىدۇر يوقاپ، پەيدەك يېنىك بولۇپ قالاتتى. ئاخشىمى ئىشتىن يېنىپ كەلگەن مەنسۇر ئۇستام شۇ كۈنى تاپقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئايجامالنىڭ ئالدىغا قويۇپ:
- بۈگۈن مۇشۇنچىلىك تاپاۋەت بوپتۇ، مانا خەجلىسىڭىزمۇ، بانكىغا قويسىڭىزمۇ ئىختىيار. . . - دەيتتى خۇشال ھالدا.
- ئۆزىڭىزدە تۇرسۇن. . .
- بولدى، ئۆي دېگەننى ئايال كىشى تۇتىدۇ، يەنىلا سىزدە تۇرسۇن، - دېگىنىچە ئايالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قوياتتى مەنسۇر ئۇستام.
- بوپتۇ ئەمىسە، مەن ئېلىپ قوياي، - دېگىنىچە ئىللىق كۈلۈمسىرەيتتى ئايجامال.
كۈنلەر ئەنە شۇنداق بىر خىل رەۋىشتە ئۆتمەكتە. ئايجامالنىڭ قولىغا كىرگەن پۇللار ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىغا سەرپ قىلىنغاندىن سىرت، كۆپرەكى ئۇنىڭ ياسىنىشىغا سۇدەك خەجلىنەتتى. . .
شەنبە - يەكشەنبىلەردىكى توي - تۆكۈن، مەرىكىلەر، نەزىر - چىراغلارنىڭ باغاقلىرىمۇ ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. بۇنداق سورۇنلارغا ئايجامال چىرايلىق ياسىنىپ ئۆزىلا قاتنىشاتتى. مەنسۇر ئۇستام بارمىسا بولمايدىغان سورۇنلارغىلا ئاندىن باراتتى. چۈنكى ئۇ تاماكا چەكمەيتتى، ھاراق ئىچمەيتتى، يا بىرەر ئېغىز قىزىق پاراڭ سېلىپ سورۇندىكى ئولپەتلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشنى بىلمەيتتى.
شەنبە كۈنى ئايجامال يەنە بىر خەتنە تويى باغىقىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ ئەمدىلا ئىشتىن قايتىپ كەلگەن مەنسۇر ئۇستامغا:
- خەتنە تويىنىڭ باغىقى كېلىپ قالدى. سىز بارامسىز؟ . . . - دېدى ئېرىگە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.
- بەك ھېرىپ كەتتىم. . . مەن باللارغا قاراپ قالاي، سىزلا بېرىپ كەلسىڭىز. . . - دېدى مەنسۇر ئۇستام ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاۋېتىپ.
ئايجامال ئېرىگە قاراپ قويۇپ ئىچكىرىكى ئۆيدە ياسىنىشقا تۇتۇندى.

## 4

گۈل يارىم، گۈلۈم يارىم،
گۈلنىڭ قېشىدا كىم بار؟
ئۆز يارىنى تاشلاپ،
خەقنىڭ قېشىدا نېمە بار؟

ئايجامال ئاجايىپ مەپتۇنكار جىلۋە بىلەن مەرىكە زالىغا كىرىپ كەلدى. قۇلاقلىرىغا ئاسقان ئالتۇن ھالقىسى، تېگى - تېگىدىن سۈزۈك بويىنىدىكى ئالتۇن زەنجىرى، ئاپئاق بىلەك ۋە بارماقلىرىغا سالغان ئالتۇن بىلەيزۈك، ئۈزۈكلىرى كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى.
ساھىبخان ئايجامالنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ، بوش ئورۇنغا باشلىغىچە ئولتۇرغان ئەر - ئايال مېھمانلارنىڭ باشلىرى ئىختىيارسىز ئايجامال تەرەپكە بۇرۇلدى.
مېھمانلار غىزالىنىپ بولدى. ئوتتۇرىدىكى ئۈستەللەر يىغىشتۇرۇلۇپ كەچكى بەزمە باشلاندى. سازەندىلەر سازلىرىنى تەڭشەپ شوخ ئۇسسۇل پەدىسىنى باشلىۋەتتى. . .

كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن،
كۈندە - كۈندە كەلگىلى.
ئايدا، يىلدا بىر كېلۇرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.
. . . . .
ئايارەي. . . ئايارەي. . .

ساھىبخان ئۇسسۇل ئويناشقا ئايجامالنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى:
- تۇرۇڭ ئايجامال! . . . بىر ئويناپ بېرىڭ! . . . ئايجامالمۇ خېلىدىن بېرى شۇ تەكلىپنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك لىككىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، چىرايلىق بىلەكلىرىنى سوزۇپ يىلاندەك تولغىنىپ ئولتۇرغانلارنى ئۆزىگە قايتىدىن جەلپ قىلدى. ئەرلەرنىڭ كۆزلىرى ئايجامالغا تىكىلىپ ئوت چاقنايتتى.
ئۇسسۇل ئاخىرلىشىپ تانسا مۇزىكىسى باشلىنىش بىلەن تەك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن كېلىشكەن بىر يىگىت ئايجامالنى تانسىغا تارتتى. يىگىت ئايجامال بىلەن كەينى - كەينىدىن تۆت مەيدان تانسا ئوينىدى. يىگىت تانسا ئويناۋېتىپ ئايجامالنىڭ چىرايىدىن زادىلا كۆز ئۈزمەيتتى. بىر چاغدا ئايجامال يىگىتكە لەپپىدە قاراپ قويدى. يىگىت خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئېغىز ئاچتى:

– ئايجامال، مەن سىز بىلەن ئۇچرىشىدىغان مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىشىنى قانچىلىك تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنلىكىمنى بىلەمسىز؟!... بۈگۈن سىز بىلەن ئۇچرىشىپ، خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالمايۋاتىمەن. – ئايجامالنىڭ كۆزلىرى يىگىتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى، يۈزى ۋۇللىدە قىزىرىپ كەتتى.

– مەن ئەرلىك ئايال، كەلسە - كەلمەس خىياللاردا بولماڭ، – دېدى - دە، يەرگە قارىۋالدى.

– مەن ھەممىنى بىلىمەن... تەلپىمنى رەت قىلمىسىڭىز، ئايجامال، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى، ھېلى سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويغاچ دەۋالسام... – دەپ ئۆتۈندى يىگىت. ئايجامال لام - جىم دېمىدى. مۇزىكىمۇ ئاخىرلاشتى...

كەچ كىرىپ قالغان چاغ، ئايجامال ھېلىقى يىگىت بىلەن ياندىشىپ كەلمەكتە. ئۇلار دەسلەپىدە بىر - بىرىدىن يېتىرقاپ قېلىشتى، لېكىن يىگىتنىڭ ئايجامالغا ئېيتقان ھەسرەتلىك سۆزلىرى، ئىلتىجالىرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇزنى ئاستا - ئاستا ئېرىتىشكە باشلىدى.

– ماڭا مۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، مەن دېگەن ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ قالغان ئايال، بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ!... سىزگە تىرناقتا توختىغۇدەك نى - نى چىرايلىق قىزلار چىقىدۇ، شۇلار بىلەن توي قىلىڭ!... مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا مېنى مەجبۇرلىماڭ!... – ئايجامال ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا پەس ئاۋازدا شۇ سۆزلەرنى قىلدى. يىگىت تاققىدە ئايجامالنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتتى.

– ئۇنداق دېمەڭ ئايجامال، مەن سىزنى...

– مېنى قويۇپ بېرىڭ!...

يىگىت ئايجامالنى شۇنداق قاماللاپ تۇتتىكى، ئايجامال قىمىرلىيالمىدى. ئۇنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرى ئايجامالنىڭ لەۋلىرىگە تەگكەندە ئايجامالنىڭ تەنلىرى كۆز ياپرىقىدەك تىترەپ كەتتى. ئۇ يىگىتكە قارشىلىق قىلماقچى بولدى - يۇ، ئەمما تەنلىرى بوشىشىپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا يول چېتىدىكى دەرەخلىككە كىرىپ كەتتى...

5

ئاسماننى يىراق دەيدۇ،
يۇلتۇزنى چىراغ دەيدۇ.
تۈنجى تاللاپ سۆيگۈنۈڭ،
مەڭگۈلۈك پىراق دەيدۇ.

ئايجامال ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ تاتلىققىنە ئۇخلاۋاتقان قىزى بىلەن ئوغلىغا بىردەم تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن، بىر كۈنلۈك ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن چارچىغان، قاتتىق خورەك بىلەن خېمىردەك ئۇخلاۋاتقان ئېرىگە ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىياتتا قاراپ قويدى - دە، خېلىغىچە كاڭنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. باياتىن يۈز بېرىپ ئۆتكەن ئىشلار... يىگىتنىڭ يالقۇنلۇق ھېسسىياتى بىلەن كۈچلۈك سىھىرلىك قوللىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قۇچاقلاپ سۆيۈشلەر... ئايجامالنىڭ يوشۇرۇن، ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان مۇھەببەتنىڭ شامىغا ئوت يېقىپ قەلبىنى ۋاللىدە يورىتىۋەتتى... ئۇنىڭ يۈرىكى ھازىرمۇ ئۆزى ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە شىددەت بىلەن سوقماقتا. توي قىلغان شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇنداق يوشۇرۇن ھېسسىياتنى زادىلا سېزىپ باقمىغان. بۈگۈن ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم كۆتۈلمىگەن بۇ ھادىسە غەلىتىلا بىر ئىشتەك تۇيۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى، كىشىلىك ھاياتىنىڭ بېلىپ بولمايدىغان مۆڭلۈق تارىسىغا زەخمەك ئۇرۇپ، قەلبىدىكى سىرلىق دۇنيانى ئويغىتىپ، ھاياجان ئىچىدە تىپتىنچ ئۇيقۇدا ياتقان تەنلىرىنى قاتتىق لەرزىگە سالدى...

ئايجامال ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئولتۇرغاندا ئۇيقۇدا ياتقان ئوغلىنىڭ چۈشكەپ، چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈشلىرىدىن خىيال يىپلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئايجامال ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئېرىنىڭ يېنىغا سېلىنغان ئورۇنغا كېلىپ يىرىم يېشىنىپ يېتىپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئاللىبۇرۇن قاچقان، بىر خىل رەۋىشتە توختىماي خورەك تارتىۋاتقان، ئاچچىق تەر بىلەن قاتسىق ماي پۇرىقى بىرلىشىپ بىر خىل ئەبجەش پىرگىنىشلىك ھىد ئىچىدە ياتقان ئېرىگە قاراپ سەسكەندى - دە، ئۆرۈلۈپ تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى...

ئايجامال توي قىلغاندىن تارتىپ، ئىككى بالىغا ئانا بولغان بۈگۈنگە قەدەر تۇرمۇشىدا نە خۇشاللىق، نە خاپىلىقمۇ بولمىغان ئىلمان ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسلەشكە باشلىدى...

مەنسۇر ئۇستامنىڭ مىجەزى ئەنە شۇنداق ئېغىر، ئۇ ئائىلىسىدە دەم ئالغان كۈنلىرى ئايجامالنى كەينىگە سېلىپ، باللىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كوچىلارغىمۇ، باغچىلارغىمۇ چىقمايدۇ. ئايجامالنىڭ كۆڭلىگە يارىشا چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ كۆڭۈل ئاۋۇندۇرۇشنىمۇ،

بالىلارنى ئەركىلىتىپ ئويىنىتىشنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى گۈلدەك ھۇنىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا شۇنداق جانسىز، نە ھېسسىيات، خۇشاللىق، خاپىلىقنى بىلگىلى بولمايدىغان چۈشىنىكسىز ئۆزگىچە خاراكتېر. ئۆيدىمۇ، سىرتتىمۇ ئوخشاشلا بىر خىل مىجەز، ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنە شۇنداق مۇزدەك قاتقان، پەقەت قورسىقى تويسىلا، كالىدەك ئىشلىسە، دىۋىدەك خورەك تارتىپ ئۇخلىسىلا بولدى. ناگان - ناگاندا خۇشلۇقى تۇتۇپ ھەلەپكە تويغان بۇقىدەك ئايجامالغا ئېسىلىپ قويسا كۆڭۈل خۇشلۇقى شۇلار بىلەن چەكلىنەتتى، خالاس. مۇھەببەت، سۆيگۈ دېگەنلەردىن ئەسلا ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مەنسۇر ئۇستام بىلەن ئايجامال ئەزەلدىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان ئەمەس، پەقەت چوڭلارنىڭ زورى بىلەن بولغان. بۇ ئائىلىدە بىر - بىرىدىن تاتلىق شۇ ئوماق ئىككى نارسىدە باللار ئەر بىلەن ئايالنىڭ رىشتىنى باغلاپ تۇرغاندەكلا سېزىلەتتى. . .

ئايجامال ئەنە شۇلارنى ئويلاپ، تۇرمۇشنى ئەمدىلا چۈشەنگەندەك، بۇ ھاياتلىق دۇنياسىغا ئەمدىلا كۆز ئاچقاندەك، ھېلىقى يىگىت بىلەن ئېرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى خىل ئۆزگىچىلىك روشەن سېلىشتۇرما سۈپىتىدە ئۇنىڭ ھېسسىياتچان قەلبىدە ئېغىر ئەسلىمە بولۇپ ئۆتتى. . .

ئايجامال ئۆزىن بىر ئۇھ تارتىپ قويدى - دە، ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. . .

## 6

قايىنىمىغان قازاننى،
كۆمۈر قالاپ قايناتتىم.
قارىمىغان يارىمنى،
قاشنى ئېتىپ قاراتتىم.

شۆھرەت ناھىيە بازىرىدا خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش سودىگەر ئىدى. بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ئىش - ئوقىتى يۈرۈشۈپ مەيدىسىگە مۇشتلىيالىغۇدەك بايلاردىن بولۇپ قالدى. پۇلى كۆپەيگەنسېرى ئايالى كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ ئاخىرى ئورۇنسىز بىر سەۋەب بىلەن ئايالىنى قويۇۋەتتى. ئۇ دەسلەپتە ئۆزىنىڭ ئەتراپىنى چۆگىلەپ يۈرگەن نازىنىنلار بىلەن ئىچ پۇشقىنى چىقىرىپ يۈردى، ھېلىقى كۈنى ئايجامالنى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپلا قالدى.

ئايجامال ھېلىقى كۈنى كەچتە يۈز بەرگەن ئىشتىن كېيىن ئۆزىنى خېلى كۈنلەرگىچە ئەيىبلەپ يۈردى. ئەمما ئۇ ئىشنى ئۇنتۇيالمىدى. مەنسۇر ئۇستام بۈگۈنمۇ سەھەردىلا رېمونتخانىغا ماڭدى. ئايجامال چۈشكىچە ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشتى بولغاي، ياسىنىپ - تارىنىپ بازار ئايلانغىلى كوچىغا چىقتى.

مانا، ئايجامال يەنىلا ئاشۇ مەغرۇر قىياپەتتە كوچىدا كەلمەكتە، ئۇ نېمىدۇر بىرنېمىنى ئىزدىگەندەك كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە پات - پات قاراپ قويىدۇ. ئەرلەرنىڭ تىغدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۇنىڭ ئۇستىدە ئوينايدۇ، ئايجامال بۇنىڭدىن ئىچىدە خۇشال بولىدۇ، سۆيۈنىدۇ. . .

تۇيۇقسىز قاتتىق تورمۇزلىنىپ توختىغان موتسىكلىت ئايجامالنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ يېنىغا قاراپ موتسىكلىت ئۇستىدە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان شۆھرەتنى كۆردى.

- ياخشىمۇسىز ئايجامال، - دېدى شۆھرەت خۇشخۇيلۇق بىلەن، - سىزنى قاچان ئۇچرىتارمەنكىن دەپ ھەر كۈنى كوچىدىلا يۈردۈم، مانا، تىلىكىممۇ ئىجاۋەت بولدى.

ئايجامال ھېلىقى كۈندىكى ئىشتىنمۇ ياكى شۆھرەتنىڭ چىرايىغا قاراشتىنمۇ ئەيتاۋۇر چىرايى ھۇپپىدە قىزىرىپ، پۇتى بىلەن يەرنى جىجاشقا باشلىدى.

- مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ ئايجامال، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟

ئايجامال لەپپىدە كەينىگە ئۆرۈلىۋالدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىرنەچچەيلەن ئۆتۈپ كېتىشتى. شۆھرەت سەل توختىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى:

- بىز بۈگۈن ئارامخۇدا بىر مۇڭداشساق بولاتتى. ماقۇلمۇ ئايجامال؟

ئايجامال بېشىنى چايقىدى.

- ئۇنداقتا ئەتە كەچتە بولامدۇ؟ بىر ماقۇل دەۋېتىڭا جېنىم ئايجامال. . . - شۆھرەت ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئايجامال ئۇلۇغ - كىچىك بىر تىنىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

- بەك ياخشى بولدى! . . . ئەتە كەچ سائەت ئالتىدە كوچا دوقمۇشىدا يولىڭىزغا قارايمەن. شۆھرەتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى - دە، موتسىكلىتقا مىنىپ كېتىپ قالدى.

ئايجامال ھاياجانلىنىپ كەتتى، يۈرىكى تېز - تېز سوقۇپ ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراپ قويدى - دە، مەقسەتسىزلا بىر ماگىزىنغا كىرىپ كەتتى.

## 7

تۇرۇپ قاپسىز ئايتۇرۇڭ،
ئەگىم كوچا ئالدىدا.
مېنى سۆيۈپ قويارسىز،
ياشلاپ بارسام دالدىدا.

ئايجامال ئەمدى ئۆيدە ئولتۇرالمايلا قالدى. قانداقتۇر بىر غايىبانە كۈچ ئۇنى يېنىغا تارتىۋاتقاندەك، تالاغا چاقىرىۋاتقاندەك، قويغان - تۇتقانلىرىنى بىلەلمەيلا يۈردى. ئاخىرى شۇ مىنۇتلارمۇ يېتىپ كەلدى.

شۆھرەت بىلەن ئايجامال رېستوراننىڭ چىرايلىق بېزەلگەن ئايرىم خانىسىدا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ ئولتۇراتتى. مۇلازىم قىز خۇشچىراي كىرىپ كەلدى.

- خوجايىن، قېنى قانداق تاماقلارنى كەلتۈرىسىز؟ ...- دېدى ئۇ قورۇما - غىزالار تىزىملىكىنى سۇنۇپ تۇرۇپ. شۆھرەت بۇ يەرنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى. بەزى چاغلاردا رېستوراندىكى چىرايلىق مۇلازىم قىزلارغا سېخىيلىقىنى بىلدۈرۈپ قوياتتى...

شۆھرەت ئىككى ئىستاكان قەھۋە ۋە بىرمۇنچە غىزا - قورۇمىلارنى بۇيرۇتتى. شۆھرەتنىڭ چىرايىدا مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. مۇلازىم قىز چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي ئىككى ئىستاكان قەھۋە ئەكىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى - دە، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

- قېنى مېنىڭ ئايجامالىم ئىلىڭ...- شۆھرەت شۇنداق دېگىنىچە ئىستاكاننى ئېلىپ قەھۋەگە ئازراق شېكەر قوشقاندىن كېيىن ئىلەشتۈرۈپ ئايجامالغا سۇندى. ئايجامال ئالدىدىكى جىگەررەڭ ئىچىملىككە قاراپ سەل ئىككىلىنىپ سورىدى:

- بۇنى قانداق ئىچىدۇ؟... تەمى ئاچچىقمۇ - تاتلىقمۇ؟... ھاراق ئەمەستۇ...

- قېنى ئىچىپ تېتىپ باقماسسىز؟...

- بۇرۇن كۆرۈپمۇ، ئىچىپمۇ باقماپتىكەنمەن...

- بۇ چەت ئەللىكلەر ئىچىدىغان چاي،- دېدى شۆھرەت قاقاقلاپ كۈلۈپ.

شىرەدىكى تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرنى كۆرۈپ ئايجامال ھەيران قالدى. قورداق، كاۋاپ ۋە بىرنەچچە خىل قورۇمىدىن باشقىنى ئايجامال تېخى تېتىپمۇ باقمىغانىدى. شۆھرەت ئايجامالنىڭ تەخسىسىگە پات - پات قورۇمىلاردىن سېلىپ قوياتتى.

ئايجامال بىر - بىرىدىن تەملىك غىزا ۋە قورۇمىلارنى لەززەتلىنىپ چايناشقا باشلىدى. شۆھرەتنىڭ بۇنداق مول داستىخان بىلەن كۈتۈۋېلىشى، مەردلىكى، سۆزمەنلىكى ئايجامالنى قايىل قىلدى، ئۇنىڭ شۆھرەتكە نىسبەتەن قىزىقىشى بارغانسېرى كۈچەيدى. شۆھرەت خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئايجامالنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ يۇمشاق قوللىرىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ سىيلاشقا باشلىدى.

- جېنىم ئايجامال، مەن سىزنى شۇقەدەر ياخشى كۆرۈپ قالدىمكى، سىزسىز ئۆتكەن كۈنلىرىم مەن ئۈچۈن ھارام، مېنىڭچە، سىز تۇرمۇشتا بەختلىك ئەمەس، شۇنداققۇ! ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە مۇناسىپ كېلىمىز ئايجامال... بىز توي قىلايلى، بەختلىك ئائىلە قۇرايلى، قانداق ئايجامال، ماقۇلمۇ؟...- شۆھرەتنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى ئوخچۇپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك ئايجامالنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى.

شۆھرەت شۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ ئايجامالنىڭ بويىنىغا قولىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ ھەرىكەتلەر بارا - بارا كۈچىيىپ ئۇ ئايجامالنى ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى...

- بولدى قىلىڭ!... ھېلى بىرەرسى كېلىپ قالسا سەت بولىدۇ،- دېدى ئايجامال خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن نازلىنىپ تۇرۇپ. شۆھرەت ئايجامالنى قويۇۋېتىپ يانچۇقىدىن بىر كۇرۇپكىنى چىقاردى.

- قېنى سۆيۈملۈكۈم، بۇنى ئېچىپ كۆرۈڭ!... لايىقىڭىزدا بولمىسىمۇ مۇھەببىتىمىزنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىڭ!...- ئايجامال كۇرۇپكىنى ئاۋايلاپ ئاچتى - دە، ئىچىدىن پارقىراپ تۇرغان بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆردى.

شۆھرەت ئايجامالنىڭ ئاپئاق بارمىقىغا ئۈزۈكنى سېلىپ، قولىغا سۆيۈپ قويدى.

- ئەتە ئاخشام بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل بىر جايغا ئاپىرىپ كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ قويىمەن. قېنى، ماڭا ۋەدە بېرىڭ!... مەن يەنە ھېلىقى جايدا سىزنى كۈتىمەن.- ئايجامال ھاياجان ئىچىدە ماقۇللۇق بىلدۈردى...

شۆھرەت كۈتكۈچى قىزنى چاقىردى:

- تاماقنىڭ ھېساباتىنى قىلىڭ!...

- 1 مىڭ 590 يۈەن بولدى.

شۆھرەت چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي كاستۇمىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن پىچىتى بۇزۇلمىغان يوز يۈەنلىك بىر تۇتام پۇلنى كۆتكۈچىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

- ئۆزىڭىز سانىۋېلىڭ.

قىز ھېساباتتىن ئاشقان پۇلنى شۆھرەتكە ئىككى قوللاپ قايتۇرۇپ بەردى. بۇنى كۆرگەن ئايجامال ھەيران قالدى. نېمىدېگەن مەرد، ئوچۇق قول ئادەم - ھە؟ ... ئايال دېگەن مۇشۇنداق ئەركەككە تەگسە ھەسەل كۆپىدە ياشىغاندەك بەختلىك بولمامدۇ - ھە؟... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ.

## 8

مەن يارالدىم بۇ جاھانغا،
كۆرگۈلۈكنى كۆرگىلى.
تەلمۈرۈپ باقتىم يولۇڭغا،
كەلگىن جېنىم بىر سۆيگىلى.

ئايجامال شۆھرەت بىلەن بىرگە بولغان كېچىدىن باشلاپ، ئائىلىسىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى بارغانسېرى سۇسلاپ كەتتى. مەنسۇر ئۇستام بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ كەمسۆز بولۇپ قالدى.

كۈنلەر ئۆتتۈەردى، ئايجامالنىڭ قەلبىدە ئۆز ئېرىگە ھېچقانداق ئورۇن قالمىغاندەك دائىم شۆھرەتنى ئەسلەيدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغۇسى كېلىدىغان، بىرەر كۈن كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان، نومۇس دېگەننى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەيدىغان بولدى.

مانا ئەمدى مەنسۇر ئۇستام رېمونتچىلىق دۇكىنىدا ھېرىپ - ئېچىپ ئىشلىسە چۈشتە ئېرىگە مانتا، لەغمەن، چۆچۈرە دېگەندەك لەززەتلىك تائاملارنى كۆتۈرۈپ يېنىدا پەيدا بولىدىغان ئايالى دۇكانغا دارىپمۇ قويمايدۇ. ھارغان چاغلاردا ھەۋەس بىلەن قاراپ ھاردۇق چىقىرىدىغان ئايالى ئەمدى يوق، ئايجامال ئۆيدە تاماق ئەتكۈسى كەلسە ئېتىدۇ. ئەتكۈسى كەلمىسە ئىككى بالىنى ھويلىغا سولاپ قويۇپ شۆھرەتنىڭ يېنىغا چاپىدۇ. باللار قورسىقى ئاچسا قۇرۇق ناننى غاجاپ ھويلىدا بويىنىنى قىسىپ قالىدۇ، مەنسۇر ئۇستاممۇ، باللارمۇ. ئاش - تاماق يېيەلمەي، ئىسسىقسىز قالىدۇ.

ئايجامال پات - پات «پالانى دوستۇم ئۆيىگە چاقىرىپتۇ، پۇستانى دوستۇم چايغا ئېپتىپتۇ» دېگەندەك يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن ئېرىنى ئالداپ قويۇپ، شۆھرەت بىلەن خالىغان يەرلەردە، رېستۇران، تانسخانا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا مەئىشەتكە تولغان غەمسىز ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ يۈرۈۋېرەتتى. ئاخشاملىرى كەچ قالسا ئۆيىگە قايتماي شۆھرەتنىڭ ھۇجرىسىدا كېچىنى ئۆتكۈزەتتى.

ئايجامالنىڭ ھەدېسە باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ ئۆيىگە كەلمەسلىكى مەنسۇر ئۇستامدا گۇمان پەيدا قىلىپ قويدى.

- ئاتا ئاپام نەگە كەتتى؟ ...- دەيتتى ئىككى بالا،- بىزگە نېمىشقا تاماق ئېتىپ بەرمەيدۇ؟ قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى...

بۇنداق چاغدا ئازابلانغان مەنسۇر ئۇستام باللارنى بەزلەشكە مەجبۇر بولاتتى.

- باللىرىم، ئاپاڭلار مېھمانغا كەتتى. مەن سىلەرگە تۇخۇم پىشۇرۇپ بېرەي - ھە،- دەپلا ئوچاققا ئوت ياقاتتى - يۇ، كاللىسىغا يەنە قانداقتۇر بىر تۈرلۈك خىياللار كىرىۋالاتتى...

ئايجامالنىڭ يېقىندىن بۇيانقى سوغۇق مۇئامىلىلىرى، باللارنىڭ غىزاسىز قېلىشى، ئۇنىڭ ھەدېسىلا سىرتقا قاتراپ يۈرۈشى مەنسۇر ئۇستامغا بىر قىيىن سوئال بولۇپ تۇيۇلاتتى...

كېچىلىرى ئويغىنىپ كېتىپ يېنىدىكى ئايجامالنىڭ بوش ئورنىغا قاراپ خىيالغا پاتقان مەنسۇر ئۇستام ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ «ئايالىم ھەقىقەتەن چىرايلىق، ئەمما مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەن. لېكىنزە، كۈتۈلمىگەندە... ياق... ياق، بۇنداق خىياللار قۇرۇسۇن! ... مەن ئايالىم بىلەن تۇغقان، ئۇ ھەرگىز ئۇنداق يامان نىيەتتە بولمايدۇ...» دېگىنىچە ئۆزىنى بەزلەپ ئۇخلاپ قالاتتى.

## 9

ئاخشام بىر ھارامزادە،
يارىم بىلەن گەپلەشتى.
مېھمان دەپ قويۇپ بەرسەم،
ئوينىپ ھەددىدىن ئاشتى.

مەنسۇر ئۇستام بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ، كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ رېمونتخانىنىڭ ئىشكىنى ئېتەي دەپ تۇرغاندا چوڭ يولدىن بىر موتسىكلىت قۇيۇندەك ئۆتۈپ كەتتى. مەنسۇر ئۇستام ئىختىيارسىز يولغا

www.uyghurkitap.com

قارىۋىدى، موتىسىكلىتنىڭ كەينىدە، موتىسىكلىت ھەيدەۋاتقان يىگىتنىڭ بىلىدىن قۇچاقلاپ ئولتۇرغان ئايجامالنى كۆردى. مەنسۇر ئۇستامنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى.

مەنسۇر ئۇستام ئېغىر قەدەملەرنى ئاستا يۆتكەپ كەلمەكتە. «خوتۇنۇمنى ئېلىپ ماڭغان ئەر زادى كىم؟... بۇ قانداق گەپ؟... ئۇلار نەگە ماڭدى؟... نەچچە ۋاقىتلاردىن بۇيان ھەدېسە سىرتلاردا قونۇپ...» بۇ باش ـ ئايىغى يوق چىگىش سوئاللار مەنسۇر ئۇستامنىڭ كاللىسىنى ئۇچاق قىلىۋەتتى...

مەنسۇر ئۇستام شۇ ئاخشىمى ئايجامالنى ئىزدەپ ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئەمما ھەممىسىلا:

«خېلى كۈنلەر بولدى. كۆرمىدۇق!» دېگەندەك جاۋابلارنى بەردى. مەنسۇر ئۇستام ئۆزىنىڭ قاتتىق خورلانغانلىقىنى ھېس قىلدى. «خەپ توختاپتۇر!... ئەتە سېنىڭ نەگە بارغانلىقىڭنى بىر بىلەيچۇ قېنى؟...» دېگىنىچە غەزەپتىن چىرايى تۈمۈردەك كۆكىرىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى...

ئايجامال ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايتتى. باشقىلاردىنمۇ قىلچە ئەيمەنمەيتتى. ئۇ شۆھرەت ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىدىن كېچىشكە، ھەتتا ھاياتىنىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان قىلىشقىمۇ رازىدەك قىلاتتى.

ئايجامال ئەتىسى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە مەنسۇر ئۇستام دۇكانغا كەتكەنىدى. ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان يۈرىۋەردى. كەچتە مەنسۇر ئۇستام يەنە ئۆزىنى تۇتىۋالدى. ئۇنىڭ تۈنۈگۈن ئاخشامقى ئاچچىقى تېخى يانمىغان بولسىمۇ، ئائىلىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سوغۇق نەزەردە قاراپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەندى. ئايجامال ئېرىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئۆزىنى سەل تۇتىۋالغاندەك قىلدى. ئەمما ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي شۆھرەتنى سېغىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شۆھرەت بىلەن كۆرۈشكىسى، بىرگە بولغۇسى كېلەتتى، نەچچە ۋاقىتلاردىن بۇيانقى كۆڭۈللۈك تاماشىلارنىڭ لەززىتى كاللىسىغا كىرىۋېلىپ زادى ئارام بەرمەيتتى... ئاخىرى بىر كۈنى كەچتە مەنسۇر ئۇستام ئىشتىن چۈشۈپ كېلىشىگە ئۇ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ:

ـ مەن دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي...ـ دېيىشىگە مەنسۇر ئۇستامنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن يىغىلىپ قالغان قورساق كۆپىكى ئاخىرى تېشىپ چىقتى.

ـ قايسى دوستۇڭنىڭ ئۆيىگە بارىسەن؟ نېمە تۈگىمەيدىغان دوستكەن ئۇ؟ سېنىڭ دوستۇڭ زادى كىم؟ گەپ قىلمىسام ئەجەب ھەددىڭدىن ئاشتىڭغۇ؟...

ئايجامال ئېرىدىن تۇنجى قېتىم تىل ئاڭلىدى. ئۇ بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغانىدى. بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىپ، قىلىدەك نازۇكلىشىپ كەتكەن قەلبىگە قاتتىق زەربە بولدى.

ـ نېمە؟... سەن تېخى مەندىن گۇمان قىلىۋاتامسەن؟... كۆڭلۈڭدە ئۇنچىلىك غۇم بولسا مېنى ساقلاپ نېمە قىلىسەن، قويۇپ بەرسەڭ بولمىدىمۇ؟... مەنمۇچۇ مۇنداق ئۆيدىن جاق تويدۇم. ساڭا تېگىپ مەن قانچىلىك راھەت، نەچچىلىك خۇشلۇق كۆردۈم؟... خىيالىڭدا تاپقان تۆت تەڭگە پۇلۇڭنى بېرىپ قويۇپ، ماڭا زورۇڭنى كۆرسىتىپ، نېمە دېسەم غىڭ قىلمايدۇ دەمسەن؟!...ـ ئايجامالنىڭ يامغۇردەك سۆزلىرى مەنسۇر ئۇستامنىڭ كۆڭلىگە تاراسلاپ تەگدى.

ـ مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟... قايسى كۈنى سەن كىمنىڭ موتىسىكلىتىنىڭ كەينىگە مىنىپ ماڭدىڭ!؟... سېنى ھەممە دوستلىرىڭنىڭ يېنىدىن ئىزدىدىم، ئەمما سەن ھېچكىمنىڭ ئۆيىگە بارماپسەن...ـ دېدى مەنسۇر ئۇستام ئەلەم بىلەن.

ئايجامال سەل چۆچىدى. لېكىن ئېرىگە قويرۇقىنى تۇتقۇزغىسى كەلمىدى.

ـ كەينىمدىن پايلاپ يۈردۈڭمۇ ھۇ لالما، چىدىمىساڭ قويۇۋەتمەمسەن قېنى...

«چاڭ» قىلىپ تەگكەن بىر تەستەكتىن ئايجامال بىر يانغا داجىپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن ھۆڭۈرەپ يىغلىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

## 10

يار بولسا تۇزۇك بولسا،
قولىدا ئۈزۈك بولسا.
بىر قاراپ سۆيۈپ قويسا،
ئۇن كۈنلۈك ئۇزۇق بولسا.

ئايجامال مەنسۇر ئۇستام بىلەن ئاجرىشىپ يېرىم ئايدىن كېيىن شۆھرەت بىلەن توي قىلىۋالدى. توي تولىمۇ ھەشەمەت ئۆتكۈزۈلدى.

ناغرا - سۇنايلار چېلىندى. ئۇن نەچچە ماشىنا تىزىلىپ ئاساسلىق يوللارنى ئايلىنىپ چىقتى.

ئايجامال پىكاپ ئىچىدە شۆھرەتكە چاپلاشقىنىچە دېرىزىنى سەلگىنە چۈشۈرۈپ قويۇپ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تويىنى تاماشا قىلىشۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانماقتا. ئۇنىڭ بىر جۈپ شەھلا كۆزى ئادەملەرگە ھاياجان بىلەن تىكىلمەكتە. چىرايلىق لەۋلىرى تىترىمەكتە. . .

ئايجامال توي قىلىپ ئۈچ ئايغىچە ئۆيدىن مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. توي پەتلىرى، ھەر خىل سوۋغىلار بىلەن ئۆيۈشتۈرۈلغان چايلار، مېھماندارچىلىق كۈندە ھېيت - بايرام ئويۇنىغاندەك داۋاملىشىۋەردى. شۇنداق سورۇنلاردا ئايجامال بىلەن شۆھرەت ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايتتى. بولۇپمۇ ئايجامال ئەرلەرنى ئۆزىگە ئاسانلا جەلپ قىلىۋالاتتى. ئايجامال بىلەن بىرەر قول تانسا ئويىنىغان ئەرلەر شۆھرەت بىلەن ئايجامالنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشاتتى.

- بىزنىڭ شۆھرەت بايۋەچچە قالتىس جۇمۇ. . . تىرناقتا توختىغىدەك خوتۇن ئېلىۋالدى!

- ھەي، بۇرۇن زايا كەتكەن خوتۇندە بۇ! . . .

بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئايجامال دەسلەپتە يۈزى قىزىرىپ كېتەتتى، ھازىر بولسا بۇنداق سۆزلەرگە ئانچە ئېرەن قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. . .

ئايجامال كۈندۈزى قىممەت باھالىق رەختلەر بىلەن تولغان ماگىزىندا ئىشلەيتتى. ماگىزىنغا خېرىدارلارمۇ، بازاردىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەر-مۇ، بىكار تەلەپلەرمۇ كېلەتتى. بەزىدە ماگىزىن ئالدىغا يىغىلىپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى. پاراڭ ئارىلىقىدا بىرەر ئېغىز گەپكە ئايجامالنى قىستۇراتتى. بەزىلىرى مەقسەتلىك ھالدا ئايجامالغا كۆز قىسىپ قوياتتى. ئايجامالمۇ چاندۇرماي كۈلۈمسىرەپ قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. گاھىدا پاراڭلارغا ئارىلىشىپمۇ قالاتتى. . . تولا چاغلاردا خېرىدارلاردىن پاراڭچىلار كۆپىيىپ سودا ئانچە يۈرۈشمەيمۇ قالاتتى. . .

شۆھرەت مال ئەكىلىش ئۈچۈن پات - پات سىرتقا چىقىپ كېتەتتى. ئۇنداق چاغلاردا ئۆيىدە ئايال مېھمانلاردىن ئەر مېھمانلارنىڭ سانى كۆپ بولاتتى. ئۇلار ھەرخىل باھانە - سوۋغىلار بىلەن ئۆيىگە كېلەتتى. ئۆي ئىچى قويۇق ئىس - تۈتەك ۋە ھاراق پۇرىقىغا توشۇپ كېتەتتى. مېھمانلار ئۆيىدە شۆھرەت يوق دېمەي تۈن يېرىمىغىچە تۈگىمەس پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇۋالاتتى.

ئايجامال بەزىدە مېھمانلارنىڭ زورى بىلەن بىرەر رومكا ئىچىپمۇ قوياتتى. مېھماندارچىلىقلارغا شۆھرەت ئۆيدە باردىكىدەك ياسىنىپ - تارىنىپ بېرىۋېرەتتى. كېچىلىرى شۆھرەتنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنى بەزىدە ئۆيىگە ئەكىلىپ قويىدىغان بولدى. بۇنداق ئىشلار بارا - بارا شۆھرەتنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ شۆھرەت ئۇنىڭدىن سەل گۇمان قىلىپ قالدى. «مەنمۇ ئويناپ يۈرۈپ قولغا كەلتۈرۈپ ئالدىم بۇ خوتۇننى، باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن مېنى بابلاپ يۈرمىسۇن يەنە» دېگەن خىياللار شۆھرەتنىڭ كاللىسىدىن ئەگىپ يۈرەتتى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئايجامالنىڭ گۈزەللىكى شۆھرەتنى قىزىقتۇرالماس بولۇپ قالدى. شۆھرەتكە ئايجامالنىڭ نازلىنىپ تۇرۇپ قىلغان ئەركىلەشلىرىمۇ، كۈمۈش قوڭغۇراق جىرىڭلىغاندەك يېقىملىق كۈلكىلىرىمۇ خۇشياقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئايجامالنىڭ مۇھەببەتكە تولغان، بىر قاراشتىلا جاننى ئالىدىغان سېھىرلىك كۆزلىرىدىن ئەمدىلىكتە شۈملۈق ئىزدەيتتى. شۆھرەت تۇرمۇشتا خۇددى دوئىلغا چىققان قىمارۋازدەك ئاغىنىلىرى بىلەن باغلىنىشىپ تۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەن، تېپىنچ بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ ئېرىشكەن ئايالىدىن چېنىقىۋاتاتتى.

مال ئالغىلى سىرتقا چىقىپ كەتكەن شۆھرەت بىر كۈنى تۈن نىسپىدە ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ئۆيىگە يېقىنلاپ كەلگەندە ئۆز ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، ھويلا چىرىغى ياندۇرۇلدى - دە، ئايجامال ئىككى ئەرنى ئۇزىتىپ قويدى.

- خوش ئەمىسە، ۋاقتىڭلار يەتسە كېلىپ تۇرۇڭلار. - ھېلىقى ئىككى كىشى ئايجامالنىڭ سۆزىگە چاقچاق بىلەن جاۋاب بەرگەچ، خوشلىشىپ يولغا ماڭدى. شۆھرەت دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئۇلارغا زەن سالدى.

- ئايجامال دېگەن قالتىس خوتۇندە بۇ! كاساپەتنىڭ بەدىنى سەللا مىدىرلاپ كەتسە ئويۇنقان لەڭپۇڭدەك تىترەپ كېتىدۇ. . .

- ھەي، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارساڭچۇ تېخى، تىكىلىشلىرى جاننى ئالىدۇ! . . .

شۆھرەت دېگەن ھۇمسى پۇلغا ئىشىنىپ مەنسۇر دېگەن لاتىدىن بۇ خوتۇننى تارتىۋالدى. . .

- شۇ تاپتا بۇ خوتۇننىڭ پېيىغا چۈشكەنلەر

www.uyghurkitap.com

ئاز ئەمەس. . . .

- كىم بىلىدۇ تېخى، شۆھرەت نوچى خوتۇن ئالدىم دەپ پو ئېتىپ كېرىلىپ يۈرگەن بىلەن بىرەرسى بۇ خوتۇننى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇنى «شوۋا گەدەن» قىلىپ قويامدۇ تېخى؟ . . .- ئىككىلەن تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

شۆھرەت بۇ ئىككىيلەننىڭ ئاۋازىدىن ئۇلارنى تونۇۋالدى. بىرى بازاردا خېلى نام چىقارغان تۇرسۇن قاسساپ، يەنە بىرى سودىدا شۆھرەت بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان ئەمەت ئىدى.

شۆھرەتنىڭ قېنى قايناپ يۈگۈرگەندەك مېڭىپ ھويلىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، دەرۋازىنى مۇشتلاپ، تېپىشكە باشلىدى. ئۆيلەرنى تازىلاۋاتقان ئايجامال قورقۇنچتىن يۈرىكى قالايمىقان سوقۇپ كەتتى ۋە ئۆيدىن ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ چىراغنى ياندۇردى.

- كىم؟!

- مەن! ئىشىكنى ئاچ! . . .

- ھە. . . شۆھرەتمۇسىز؟. . . مانا ھازىر. . .- ئايجامال دەرۋازىنى ئاچتى.

- ئەجەب كەچ قاپسىزغۇ؟. . . يولدا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟. . . جاپا تارتتىڭىزمۇ؟. . .

شۆھرەت ئايجامالغا گەپمۇ قىلماي تېز - تېز مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئايجامال ئۆيگە كىرگەندە شۆھرەت تېخى يىغىشتۇرۇپ بولۇنمىغان شىرەگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. شىرەدە قۇرۇقدالغان بوتۇلكا، ئىككى تەخسە ئېشىپ قالغان قورۇما، بىر تەخسە تەرخەمەك تۇراتتى. ئۆي ئىچى قاڭسىق ھاراق پۇرىقى، قويۇق تاماكا ئىسى بىلەن تولغان.

- ھارغانسىز - ھە؟. . . تاماق ئېتىپ بېرەيمۇ؟. . .- ئايجامال شۇنداق دېيىشىگە شۆھرەتنىڭ قان قۇيۇلغان كۆزلىرى يالت قىلىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

- ئاشناڭغا ئېتىپ بەر، ئاشناڭغا! . . . پاسكىنا قوللىرىڭ بىلەن ئەتكەن يۇنداڭنى كىم ئىچىدۇ؟. . . مەن ئۆيدە يوق چاغدا ئاشنىلىرىڭنى كۈتۈپ، ئۆزۈڭچە ھاراق قۇيۇپ مېھمان قىلىدىكەنسەن - دە. . . ئېيتە، مەن يوق چاغلاردا نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈڭ - ھە؟! . . .

ئايجامال بۇ تىل - ھاقارەتتىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۈرۈپلا قالدى. شۇ چاغدا شۆھرەت يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئايجامالنىڭ چېچىدىن قاماللاپ تۇتقىنىچە تەستىكىگە كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى. ئايجامالنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن ئوقتەك قان كەتتى. شۆھرەت ئايجامالنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە مۇشتلاپ، تېپىپ يەرگە يانقۇزۇۋەتتى.

- ئۆيدىن چىق، يوقال! . . . ھازىرلا خېتىڭنى ئال، ھۇ پاسكىنا. سەن ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغان ئەركەك مەن ئەمەس. مېنىڭ ئىسمىم شۆھرەت، بىلىپ قوي! . . .

شۆھرەت يەردە ئىڭراپ ياتقان ئايجامالنى دارقىرىتىپ سۆرىگەنچە دەرۋازىنىڭ سىرتىغا تاشلىۋەتتى - دە، دەرۋازىنى جاراق - جۇرۇق قۇلۇپلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئايجامال بىر چاغدا ھوشىغا كەلدى. ئەتراپ تىمتاس. ئۇ ئىككى تىزىنى قۇچاقلىغانچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى نەگە بېرىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى، بىر چاغدا باش توخۇنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئايجامال ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تەستە ئورنىدىن تۇردى - دە، ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ شەھەرنىڭ چېتىدىكى دەريا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

* * *

ئايجامال ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا تۇنجى كۆرگىنى مېھرى بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغان مەنسۇر ئۇستام بولدى. كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئىككى بالىسى گۈلشەن بىلەن نۇرشاتلار تەڭلا چۇرقىراشتى:

- ئاپام ھوشىغا كەلدى!

- ئاپام كۆزىنى ئاچتى! . . .

مەنسۇر ئۇستام بالىلارنى جىملىدى:

- گەپ قىلماڭلار بالىلىرىم! . . . ئاپاڭلار ئوبدان ئارام ئالسۇن، تىنچلىنىڭلار.

ئايجامال كۆزىنى يۇمدى. ئەمما ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى. ئازابلىق ۋە پۇشايمان ياشلىرى ئىككى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ كېسەلخانىنىڭ ئاپئاق كىرلىكىنى نەمدەشكە باشلىدى.



# خۇمار

(هېكايه)

ئېزىز نۇر

زالغا لىققىدە ئادەم توشۇپ كەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ يېرىمچىلىق ھېس قىلغان كۆڭلىمۇ ئۇخشاشلا لىققىدە توشاتتى. ھەربىر ئەزا، ھەربىر يىغىن قاتناشچىلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان سان ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرەر - ئىككىسى كەملەپ كەتسىمۇ كۆڭلى غەش بولۇپ قالاتتى - دە، ئۆزىنىڭ ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا سوزۇپ ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلايدىغان كىشىلەر قەستەن يوقالغاندەك، ئۇنىڭ ئورنىنى مەڭگۇ تولدۇرغىلى بولمايدىغاندەك رەللە بولاتتى. شۇ ھالدا يۈزىگە تېپىپ چىققان تاتىراڭغۇلۇقنى يوقىتىشقا تىرىشاتتى. ئۆزىنى تەمكىن، كەڭ قورساق، سالاپەتلىك كۆرسىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بىزار بولۇپ گۇدۇڭشىشلىرىمۇ قانداقتۇر يىغىن ئەھلى ئۇنى ماختاپ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى - دە، بۇنىڭدىن خېلىلا سۆيۈنۈپ قالاتتى. يىغىن ئەھلى چۇرقىراشقان، بىر - بىرىگە قەغەز پارچىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇششاق نەرسىلەرنى ئېتىشقان، گاھىدا بەزىلىرى باشلىرىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىشكەن، خورەك ئاۋازى بىلەن ۋاراڭ - چۇرۇڭلار قوشۇلۇپ، داشقايناق بولغاندىلا مۇدىر ئۆزىنىڭ تەشكىللەش قابىلىيىتىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ:

- تىنچ، تىنچ، ھەممىڭلار بۇياققا قاراڭلار! - دەپ قوياتتى ۋە گاھىدا ئارىلاپ - ئارىلاپ، قوللىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ كونىراپ كەتكەن ھۆججەتلەرنى يۇملاق شىرە ئۈستىگە يېنىش - يېنىشلاپ ئۇرۇپ قوياتتى. كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى دەرھاللا بېسىقاتتى - دە، قانداق تېز بېسىققان بولسا يەنە شۇنداق تېزلا بۇزۇلۇپ، ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىدەك گۇدۇڭشىشلار زالنى كۆتۈرۈپلا كېتەتتى. بۇ گۇدۇڭشىشلاردىن يىغىن قاتناشچىلىرى ئۆزىگە دالدا ئىزلەپ، يەنە مۇگدەككە كىرىپ كېتەتتى. ئۆيلىرىدە ئۇخلىيالماي قالغان ياكى كۆپ خىزمەت قىلىپ چارچىغانلىرى بولسا، ئاشۇ گۇدۇڭشىشلار ئىچىدە، خۇددى بىر رىتىملىق ئۇخلاش مۇزىكىسى ئىچىدە ئارامىغا چۈشۈپ كەتكەندەك لاسسىدە بوشاپ لايدەك ئۇيۇپلا كېتەتتى.

- دىققەت، دىققەت، بۇ ياققا قاراڭلار دەيمەن.

پات - پات تەكرارلىنىپ قالىدىغان، بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ئاۋازى، ئۇيقۇ ئىچىدىكى كىشىلەرنى پەپىلەپ - پەپىلەپلا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئاغزى تېلىپ، ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىستاكاندىكى دورىلىق چاينى پات - پات ئوتلاپ تۇرسىمۇ، لەۋلىرى قۇرۇپ ھاسىراپلا تۇرىدىغان مۇدىر ئۇزاق يۇرۇشتىن كېيىن ھېرىپ بىر جايغا تاشلىنىپ قالغاندەك كۆزلىرى پولتىيىپلا قالاتتى. ئاخىرىدا ئۆزىمۇ ئۇيقۇسىرىغاندەك قىلىن قاپاقلىرى تېخىمۇ ساڭگىلايتتى - دە، كۆزى يېرىم ئوچۇقلا خورەكنى باشلىۋېتەتتى. ئۇ خۇددى ھەربىر كىشىلەرنى تەپسىلىي كۆرۈپ ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇ ئىلگىرىدىنلا «مۇدىر يىغىن ئېچىپ تۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ» دېگەن ئاتاققا قېلىشتىن قورقۇپ، ئەنە شۇنداق كۆزى ئوچۇقلا ئۇخلاپ ئادەتلەنگەنىدى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان كىشىلەر، ئۇنىڭ ئاخىر يالغاندىن ئېچىلىپ تۇرغان كۆز ئىكەنلىكىنى بىلگەندىلا ئاستا - ئاستا سۇغۇرۇلۇپ ئورۇن بوشىتىشاتتى. ئۇيقۇغا ئامراقلىرى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇخلاپ قالاتتى. ئەتىسى زال تازىلايدىغان ئىشچىلار سۈپۈرگە، توبالىرىنى كۆتۈرۈپ كىرگەندىلا ئاندىن مۇدىرنى ئويغىتىۋېتىشكە، قوپۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىنى تازىلاشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ زالدا قۇيقۇرۇق ئورۇندۇقلار تۇرغانلىقىنى، تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ بولسا روھلۇق ھالدا گۇس - گۇس دەسسەپ مېڭىپ، ئۇنى - بۇنى توبالاپ، سۈرتۈپ تۇرغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com



كۆرگەندىن كېيىنلا تۈنۈگۈن يىغىن ئاچقانلىقىنى ئەسكە ئالاتتى. ئاندىن ئېچىنغان هالدا: «خەپ مۇشۇنداق قىلسام، مۇدىرلىقىمدىن ئىستىپا بېرىمەن» دەپ قوياتتى. ئەمما ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆلىنىپ كېلىدىغان يىغىندىلا بۇ ۋەدىلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتەتتى.

هەرقايسى قاتلاملاردىن كېلىپ تۇرىدىغان ئەربابلار ئۈزۈلگەن چاغلاردا بۇ يىغىن خۇمارى مۇدىر هەربىر بۆلۈم ئەزالىرىنى يىغىن زالىغا يىغىپ ئەكىلەتتى - دە، يەنە بىر مەجلىس هالىتىنى شەكىللەندۈرەتتى. ئاندىن ئۆزىنى رۇس تۇتۇپ، يىغىن يوق چاغدا چۈشۈپ كېتىدىغان روهى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزىگە «باشقا هېچنېمە بولمىسىمۇ، يەيدىغان تامىقىلا بولسا، يىغىن دېگەننى هەر سائەتتە، كۈندە نەچچە قېتىملاپ ئېچىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋالسا، ئارمانسىز كېتىدۇ - دە، كىشى» دەپ سۆيۈنەتتى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ قېتىملاپ يىغىن ئاچقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن قانچىلىك سۆيۈنگەنلىكىنى ۋە قولىدىكى ماتېرىيالنى ئۆزىمۇ بىلمەي قانچە قېتىملاپ قايتا - قايتىلاپ ئوقۇغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئەمدى بۈگۈن، يۇقىرىدىن يىغىننى ئاز ئېچىش، ئاز سۆزلەش، ئەمەلىي ئىشنى كۆپرەك قىلىش توغرۇلۇق هۆججەت چۈشۈرۈلدى. ئۇ بۇ هۆججەت يېتىپ كەلگەندە، خۇددى ئۇشتۇمتۇتلا بىر قارا قۇيۇن كېلىپ ئۆزىنى نەچچە پىرقىرىتىپ ئۆرىۋەتكەندەك باشلىرى ئايلىنىپ، دائىم چېكىلىپ ئېچىلىشتىن قىزىرىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ سېرىق تۇمانلار ئارىسىغا يىقىلىپ چۈشكەندەك بولدى. ئۆزىنىڭ بىرەر ئەزاسىدىن توساتتىنلا ئايرىلىپ قالغاندەك، ئاشۇ ئەزالىرىنىڭ ئورنىدىن شۇرۇلداپ قان چىقىۋاتقاندەك يۈرىكى ئېچىشىپ، بەدەنلىرى بوشاپلا كەتتى. نەپەسلىرى تېخىمۇ سىقىلدى.

«هەي، بۇ قانداق گەپ، مەن ئەمدى كەسپىمدىن ئايرىلىپ قالامدىم. بۇ مېنىڭ ئاتا مىراسلىق ئىشىم ئىدىغۇ؟» بۇ راستتىنلا ئۆزى ئېھتىيات بىلەن ئۆملەپ ئۆتۈۋاتقان بىر كۆۋرۈك. ياغاچ غارت قىلىپ سۇنغىنىچە قاتمۇ قات دولقۇنلار يۆگىلىپ ئېقىپ تۇرىدىغان چوڭقۇر هاڭغا شۇڭغۇپ چۈشۈپ كەتكەندەك، قاتتىق ئەندىكىپ بەدەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى ۋە ئەتراپىغا ئىتتىك قارىۋىدى، ئۆزىدىن باشقا هېچكىم بولمىغان قۇرۇق شىرەلەر، قولىدا تېخىچە تۇتۇپ تۇرغان قىزىل تامغىلىق يېڭى هۆججەت كۆرۈندى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ هەممىلا يېرىنى پىچاق بىلەن تىلىۋەتكەندەك ئېچىشىپ قورۇلۇپلا كەتتى. بىرەر يىغىن بىلەن گۈررىدە ئۇلاشقان كىشىلەر، شۇ هۆججەتنى كۆرۈپ ئولتۇرمايلا كېتىپ قېلىشقاندەك سېزىپ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى ۋە: «ئۇلارغا بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىۋالسامچۇ كاشكى!» دەۋەتتى. هۆججەتنىڭ ئالدى - كەينىگە ۋاقىتلىق نىزام بولۇپ قېلىشنى ئۈمىدلەپ قايتا - قارىسىمۇ، يەنىلا شۇ «رەسمىي چارە» دېگەن چوڭ خەتلەر كۆزىگە قادىلىپ تۇراتتى. ئىچىدىن بىرەر ئوخشىمايدىغان ماددىلىرى چىقىپ قالارمىكىن دەپ قايتا - قايتا ۋاراقلاشلار، ئۇنىڭ بارماقلىرىنى كۈندە نەچچە يۈز رەت قولدىن قولغا شىلاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان قارت خۇمارلىرىدەك تالدۇرۇپ قاپارتىپلا قويغانىدى. ئۇ دىمى چۈشۈپ كەتكەن هالدا ئىشخانىدىن سۆرۈلۈپ چىقتى. تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. يېڭى خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئەلچى قوڭغۇراق چالغاندەك ئۇنىڭ يۈرەكلىرىمۇ تەڭلا جۇغۇلداپ كەتتى. هەرقايسى بۆلۈم، قەۋەت - كارىدورلار ئادەمسىز تاشلىنىپ قالغاندەك قىينىلىپلا كەتكەن مۇدىر ئوقۇغۇچىلاردەك ئۈمىدلىنىپلا كەتتى.

- ۋەي، ۋەي،

- هە، مەن، شۇنداق. هە...هە...هە...

تەشكىلات بۆلۈمىدىن كەلگەن بۇ خەۋەر، دېمىسىمۇ ئۇنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، تىللىرى ئويناپ كەتتى. كۆزلىرى شۇ خەۋەر بىلەن تەڭلا ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ هازىرلا «دەرهال كېلىڭ، يىغىن بار» دېگەن ئۈمىدلىك سۆزنى ئاڭلىغان ئىدى. يىغىن دېسىلا جېنى سۆيۈنۈپ، خۇشاللىقىدىن ئۇششاق - ئۇششاق چامداپ، ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ تۇرالماي قالىدىغان بۇ مۇدىر ئۆزىنى چوڭ بىر يىغىن زالىدا كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. بۇ زال ئۇنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ هەشەمەتلىك، چوڭ ۋە كىشىلەر بىلەن لىقمۇ لىق تولغان، تۆۋەندە قاراپ تۇرغان ئۈمىدلىك كۆزلەر سەهنىگە ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن تەلمۈرگەن زال بولاتتى.

چۈنكى، بۇ زال ئۆزى دائىم يىغىن ئېچىپ ئۆز ئۆيىدەكلا بىلىنىدىغان ئاشۇ زالدىن تېخىمۇ هەشەمەتلىك ئىدى. بۇ دېگەن يۇقىرى ئورگاننىڭ زالى - دە!

ئۇنىڭ ئېچىلىپ تۇرىدىغان ئاغزىدىن، ئىختىيارسىز ئېقىپ جاۋغايلىرى ئارىسىدا توختاپ قالغان شۆلگەيلىرى، بىرنەچچە ئاچ كۆز چىۋىنلارنىڭ يەمچۈكى بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ چىۋىنلارنىڭ تۇمشۇقلىرىدا تاتىلاپ

گۈژۈلداشلىرىنىمۇ سەزمەي قېلىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ شۇ هالدا هەشەمەتلىك يىغىن مۇنبىرىگە خىيالىي هالدا ئاغزىنى هەيرانلىق بىلەن كاماردەك ئاچقىنىچە پەلەمپەيلەرگە دەسسەپ - دەسسەپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئاڭلاندى. ئالقانلىرى بىر - بىرىگە تىنىمسىز ئۇرۇلۇپ، شامالدا قىمىرلاپ تۇرىدىغان دەرەخ يوپۇرماقلىرىدەك كۆرۈنىدىغان سان - ساناقسىز قوللار كۆزىگە ئېنىقلا كۆرۈندى. سالاپەتلىك يۇقىرى دەرىجىلىك بىرنەچچە رەهبەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئورۇن بەردى. ئۇ كېلىپ مۇنبەردىكىلەرگە ۋە پەستىكىلەرگە هىجىيىپ قارىدى. شۇ چاغدا قولىغا بىرنەرسە ئېقىپ چۈشكەندەك بولدى. قارىۋىدى، قولىغا تامچىغان شۆلگەي ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ هېلىلا هەشەمەتلىك زالدا كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغاندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇ بۇنىڭ ئۆز خىيالى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يىغىنغا كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىتتىك قەدەم ئېلىپ ماشىنىنى چاقىرتتى - دە، ئۇنى يىغىن زالى ئالدىدا قاتار قويۇلغان ماشىنىلار توپى ئىچىدە قالدۇرۇپ، ئۇدۇللا چوڭ يىغىن زالىغا كىرىپ كەلدى. دېمىسىمۇ كىشىلەر زالغا خېلىلا تولۇپ بولغانىدى. ئۇ خۇددى ئەمدىلا ئايىغى چىققان ۋە خاتىرجەم بولغاندەك كىشىلەر توپىغا قاراپ تولدۇرۇپ ئۇھ دېدى. ئۇ چاغدا يەنە ئۇلاپلا سەهنىدىكى گۈل لوڭقىسى تىزىلغان شىرە ئالدىدا ئورۇن ئېلىشقان باشلىق سۈپەت كىشىلەر كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزى تونۇيدىغان بىر - ئىككىسىلا تۇراتتى. «ئاخىرى ئويۇمدىكىدەك چىقتى - دە» دەۋەتتى ئۇ ئىختىيارسىزلا يىغىن سەهنىسىگە قاراپ كېلىۋېتىپ.

سىلىق پارقىراپ تۇرىدىغان پەلەمپەيلەر، ئۇ تىترەپ تۇرىدىغان ئاجىز پۇتلىرىنى يۆتكىدى. خۇددى توساتتىنلا قىزىقارلىق فىلىم ئۈزۈلۈپ قالغاندەك، زال ئىچى بىردىنلا جىمىپ كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشقانىدى. سەهنىدىكى رەهبەرلەرمۇ ئۇنىڭغا هەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئىچىدە «بۇ ئادەمگە قىبرىلىق يېتىپتۇ - دە، ئەقلىدىن ئازاي دەپ قالدىمۇ - نېمە؟ پەستىكى بوش ئورۇندىن، يىغىن قاتناشچىلىرى ئىچىدىن ئورۇن ئالماي بۇياققا چىقىۋاتىدىغۇ؟» دەپ ئويلىشاتتى. بەلكىم بىرەر جىددىي دوكلاتى بولسا كېرەك دېگەندەك ئۇنىڭ كېلىشىگىمۇ يول قويۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇ ئاخىرى سەهنىدە ئولتۇرغان كىشىلەر قاتارىغا كېلىپ توختىدى. ئەمما هېچكىم ئۇنىڭغا ئورۇن بەرمەيتتى، بەلكى هەيرانلىق بىلەن تىكىلەتتى. ئۇ شۇندىلا تۇتۇپ كەتكەن يىغىن خۇمارى بېسىققاندەك بولۇپ بۇ جايدا ئولتۇرغانلارنىڭ ساپلا غوللۇق رەهبەرلەر ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالىدى. «مەن نېمە بولدۇم، ئەمدى قانداق چۈشۈپ كېتەرمەن بۇ سەهنىدىن» دېگىنىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر پەس مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ تاپتا ئارقىغا يېنىپ پەلەمپەيدىن چۈشىسىلا شۆهرىتى، ئەمىلى ۋە كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن بىراقلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك، چېكىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ ئۇمچەيگەن ئېغىزى تېخىمۇ ئۇچلىنىپ تىترەپ كەتتى. بىر قات تېرىسىمۇ ئاستا سويۇلۇپ پۇتىنىڭ ئايىغىدىن چۈشۈۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

– هەي، بېرىپ ئولتۇرۇڭ، ئورنىڭىز ئاۋۇ تەرەپتە قالدى.

ئۇلار ئارىسىدىن بىرى قولىنى سوزۇپ تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى كۆرسەتتى.

ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۈچىمۇ، ئىنتىلىشىمۇ، ئۈمىدىمۇ بىراقلا تۈگەپ، ئۆزىنى يۆلەپ تۇرىدىغان ۋە تايىنىۋالغۇدەك هېچنەرسە قالمىدى - دە، دەلدۈگۈنۈپ ئارقىغا، پەلەمپەي تەرەپكە سىيرىلدى. بېشى يەڭدەپ پەلەمپەينىڭ ئاخىرقى پەللىسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. زالنىڭ بۇ تەرىپىدىن كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، بىر - ئىككىسى كېلىپلا ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى.

– ئۆزۈمنىڭ مەجلىسخانىسىدىن ئايرىلىپ هەممە ئىشىم سۇغا چىلىشىدىغان ئوخشايدۇ، هەي. . .– دېدى ئۇ خىجىلچىلىق ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ. ئۇ بېشىنى زورۇقۇپ قايتا - قايتا كۆتۈردى، ماڭا سۆزلەش نۆۋىتى كېلەرمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن، ئۇيقۇسىراپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ. نۇتۇق ئەهلى ئۇنىڭغا هېچبىر يوچۇق ۋە نۆۋەت قالدۇرمايدىغاندەك بېرىلىپ سۆزلەيتتى.

«. . . بۇندىن كېيىن يىغىننىمۇ ئاز ئېچىش، ئىمكانقەدەر ئاچماسلىق، يىغىن ۋە زال راسخوتلىرىنى قىسقارتىش. . . ئەمەلىي ئىشلەش، كۈچنى ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە قارىتىش، خىراجەتنى ئەمەلىي ئىشلارغا سەرپ قىلىش. . .» دەپ ئېيتىلىۋاتقان جاراڭلىق سۆزلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كېلىپ كۈچلۈك مۇشتەك يۈزلىرىگە، قۇلاق تۈۋىگە ئۇرۇلىۋاتقاندەك بولدى. بېشى تېخىمۇ ئايلىنىپ ئارانلا «هەي، مېنىڭ ئىشلىرىممۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ» دېگەنىنىلا ئويلىيالىدى. هەممە كىشىلەر تارقالغاندا ئۇ ئاشۇ هالدا يىغىن ئېچىش داۋاسى قىلىۋاتقاندەك

جىممىدىلا بېشىنى قويۇپ يېتىپ قالغانىدى.

شوپۇرى ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا يىغىن زالىمۇ تاقىۋېتىلدى. ئەمدى زال زادىلا ئېچىلمايدىغاندەك، ئۇنىڭ قەلبىمۇ يوغان قارا قۇلۇپ بىلەن مەڭگۈلۈك تاقىۋېتىلگەندەك بولدى.

ئۇ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. دوختۇرخانىدا يېتىپمۇ بىرقانچە قېتىم ئۆزىنى زالدا ۋە كۆرۈپ باقمىغان باشقا جايلاردا خۇشال هالدا يىغىن ئېچىپ چۈش كۆردى. بۇ خىل چۈشلىرىنى ئۇزاقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، كۆزىنى ئاچماي يۇمۇپ ياتقان مۇدىر:

— ئوكۇل سالىمىز، مۇنۇ دورىلارنى يېگەچ تۇرۇڭ،— دېگەن دوختۇرلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا كۆزىنى ئۈمىدسىزلىك بىلەن يېرىپ ئېچىپ قوياتتى ۋە دورا - ئوكۇلدىن ئۈنۈمى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان مۇدىر يەنە شۇ چۈشىنىڭ داۋامىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆزىنى ئاستا يۇماتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن هەرقانچە قىلسىمۇ يىغىن ئاچقان چۈشلىرىنى ئۇلاپ كۆرەلمەيتتى - دە، ئاچچىقىنى دورىدىن چىقارماقچى بولغاندەك چاچراپ قوپۇپلا دورىنى ئاغزىغا سالاتتى. دورىمۇ ئانچە كار قىلمىغانلىقىنى بايقىغان مۇدىر ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە ئىچ پۇشقى ۋە خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن بىمارلارنى ئەتراپىغا يىغىپ بولسىمۇ خۇددى يىغىن ئاچقاندەك، قولىنى شىلتىپ - شىلتىپ سۆزلەپ ئىچىنى خېلىلا بوشىتىۋالاتتى. ئەمدى ئۇ بۈگۈن يالغۇز قالغانىدى. ئاللىبۇرۇن ساقىيىپ چىقىپ كەتكەن بىمارلارنى چاقىرىپ ئەكىلىش مۇمكىن بولسۇنمۇ؟ ئۇنىڭ كۆزىگە ئورۇندۇق، شىرە، كارىۋاتلار، ئورۇق - سېمىز ۋە كېلەڭسىز بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان كىشىلەر كۆرۈنۈپ كەتتى. كۆڭلىدە ئىللىق بىر سېزىم پەيدا بولغان بۇ بىمار، ئەمدىلىكتە ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئورۇندۇق، شىرە، كارىۋاتلارنى يىغىندا قاتار ئولتۇرغان كىشىلەردەك تىزدى. ئۆزى بولسا ئورۇندۇق ئارىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ خۇددى كىشىلەر ئۇز ئەتراپىغا ئولاشقاندەك هېس قىلىپ كېسىلىنىمۇ ئۇنتۇدى -دە، جانلىنىپ سۆزلەپلا كەتتى. ئەمدى ئاشۇ جانسىز نەرسىلەر بىردىنلا جانلىنىپ چاۋاك چېلىپ ۋارقىرىغانچە ئالقىش ياڭرىتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. «ئالقىش، ئالقىش، قېنى ياشىسۇن ئالقىش! » دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ئۇنىڭغا دورا كار قىلدىمۇ ياكى ياغاچ ئورۇندۇقلار، ئىشقىلىپ خېلىلا يەڭگىل بولۇپ قالغان، ئىچىمۇ بوشاپ روهلىنىپ قالغانىدى.

ئاچچىق سېزىملار يوقالغان مەيدىسىنى ئىختىيارسىز سىيلايتتى. ئۇ كاللىسىغا يېڭى بىر يىغىن لايىهىسى كەلگەن هالدا، قولىغا قەلەم ئېلىپ شۇنداق دەپ يازدى:

1 - ماددا: يىغىنلار چوقۇم يىغىنچە بولۇش، يېڭى مەزمۇنلارنى، يېڭى ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش؛

2 - ماددا: يىغىننىڭ شەكلىمۇ يېڭى بولۇش، مۇكاپاتلاش - جازالاش ئېنىق ئايرىلىش؛

3 - ماددا: يىغىن چوقۇم قىسقا بولۇش.

...

ئۇ ئاخىردا بۇندىن كېيىن «يىغىننى چوقۇم قىسقا ئېچىشىم كېرەك، شۇنداق قىلغاندا چوڭ يىغىننى پارچىلاپ قېتىم سانىنى كۆپەيتكىلى بولغۇدەك» دەپ قويدى ۋە سەل ئويلىنىۋېلىپ «بۇمۇ ئاقمىغۇدەك، هېلىقى هۆججەت تۇرسا، ئۆزۈم يىغىننى ئاچالايدىغان ئەمەلىي چارە ئىزلىمىسەم بۇ ئاقمىغۇدەك، چوقۇم بۇندىن كېيىن يىغىننىڭ قىسقا، جانلىق بولۇشىغا كېپىللىك قىلىمەن» دەپ قوشۇپ قويدى. ئەمما ئۇ يېڭى لايىهە تۈزگەن قەغەزنى ئۇزاققىچە ساقلىدى. كىشىلەرگىمۇ كۆرسىتىپ باقتى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا يىغىن ئېچىش پۇرسىتىسىز قېلىۋەردى.

هەي، ئۇنىڭ قىسقا يىغىنلىرى قاچان ئېچىلار - هە!

«هەممە ئىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇمارى بولىدۇ» دېگەندەك، يىغىنىنىڭمۇ خۇمارى خىرۇئىنغا ئوخشاش بەكمۇ كۈچلۈك بولسا كېرەك.

ئۇ شۇ ئارمانسىز قىلىۋاتقان خۇمار ئىچىدە مەست بولۇپ يەنە يېتىپ قالدى. ئۇ بۇ قېتىم بالنىستتا ئەمەس ئۆيىدە ياتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا دوختۇرخانىدا يىغىن ئېچىش ئەمەلىي سورۇنى راستىنلا يوق ئىدى! ئۇ شۇلارنى ئويلىغىنىدا يۈرەكلىرى باشقىدىنلا ئاغرىپ كېتەتتى.

ئۇ خانىمى تەڭشەپ بەرگەن تېلېۋىزور قانىلىدا يىغىن ئېچىۋاتقان بىر خەۋەرنى كۆرگەن هالدا، ئېگىز ياستۇق يۆلەپ بېرىلگەن كارىۋات ئۈستىدە سۈس كۈلۈپ ياتاتتى. مىجىلىپ كەتكەن هېلىقى قەغەز، بوشاۋاتقان قوللار ئارىسىدىن ئاستا - ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈۋاتاتتى.

— هەي دادىسى، نېمە بولدى سىلىگە؟ ۋاي، كۆزلىرىنى ئاچسىلا دەيمەن!— ئۇنىڭ كۆزىمۇ يۇمۇلغانىدى. خانىمىنىڭ ۋارقىرىشى ۋە تېلېۋىزوردىن كېلىۋاتقان ئاۋازلاردىن ئۇنىڭ كۆزى هېچ بىر ئېچىلىدىغاندەك تۇرمايتتى.

هەي، ئۇنىڭ ئارمانى — «قىسقا يىغىن» مەڭگۈ ئېچىلماي كېتىپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ؟!

ئۇنىڭ كىشىلەر ئاغزىدىكى «يىغىن مۇدىرى» دېگەن ئاتىقىمۇ چۈشۈپ كەتتىمۇ ئەمدى؟!

## نەسرلەر

# قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز

### ئەكبەر داۋۇت تەنھايى

قىسمەتنىڭ چەرخى يامغۇر تامچىلىرى ئارىسىدىن مېنىڭ يولۇمنى نامايان قىلدى... ئىككىلىنىش تەشتىكىدە ئېچىلغان ئىنتىلىش گۈللىرى مېنىڭ دەل شۇ چاغدىكى تىنىمسىز ۋە زىددىيەتلىك قەلبىم!

باغدىكى گۈللەر ئاللىبۇرۇنلا باشقىلارنىڭ زوقىغا پورەكلىگەن، شاماللار مېنىڭ سۆيگۈ قەسرىمنىڭ ئىشىكىنى ھىم يېپىۋەتكەن ۋاقىتتا نېچۈن سېنى سېغىندىم؟ مېنىڭ ئاۋات ئەمما غېرىب خانەم سېنىڭ يۇمران شولاڭغا موھتاج ئىدى. ئەمما سەنلا قالدىڭ چېچەك ئاچمىغان، سەنلا قالدىڭ يۇمرانلىقىڭ، پاكلىقىڭنى ساقلىغان...

ھالبۇكى، قەلبىم توختاۋسىز نىدا قىلىپ سۆيگۈ قەسرىمنى تىترىتىدۇ...

سەن بەربىر گۈل بولسەن ياتلار بېغىغا!

شۇنداق، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ھۇشقىتىۋاتقان ئازاب بورىنى قەلبىمنى سەن ھېس قىلمايدىغان دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتكەن مېنىڭ.

قانداق قىلىپ سېنىڭ پاكىز دۇنيايىڭدا مېنىڭ مۇھەببەت يىلتىزلىرىمنىڭ بىخلىنىپ قالغانلىقىغا ھەيرانمەن، مېنىڭ بىخلىرىم سېنىڭ پەرۋىشىڭگە ئەرزىمدۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن، لېكىن بارلىقىم سېنىڭ ھاياتىڭغا ئۇنسىز قول سۇنىدۇ.

ھالبۇكى، مەن قانچىلىك قۇربانلارنى بېرەلەرمەن؟

مۇھەببەت ـ ئۇزۇن يىللىق ھۆرمەتنىڭ سەۋەبىدىنمۇ؟...

* * *

قوللىرىم، تېنىم، باغرىم سېنىڭ جەزبىدار تىۋىشىڭ ئۈچۈن سەزگۈگە ئايلانماقتا...

نۇرسىز كۆزلىرىم، غەملەرگە قەبرىگاھ رۇخسارىم، تەمكىن ئەمما ئاچ روھىم قاپقارا كۆزۈڭنىڭ بېقىشىدا پاچاقلانماقتا...

قىلىقلىرىم، تىنىقلىرىم، خىيابانلىقىم سېنىڭ سېھىرلىك نۇرۇڭدا ئازابلىق ماھىيىتىنى ئاشكارا ئەتمەكتە...

ـ ياخشى كۆرۈش گۇناھمۇ؟

پۇچۇلانغان قەلبىمنى كەچمىشىمنىڭ يىراق چۆلگە قارماق كەبى تاشلاپ «ياق» سۆزىنىڭ ئېلىنىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد بىلەن كۈتىمەن.

سېنىڭ بارلىقىڭنى ماڭا بېغىشلىشىڭ ساختا كىبلەچەكنىڭ باشلىنىشى، بۇ سېنىڭ كەلمىش ھېسلىرىڭنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئاشكارىلانغان قىممەتلىك ھەقىقەت.

مېنىڭ بارلىقىمنى ساڭا بېغىشلىشىم ـ پىنھاندىكى سۆيگۈ چۆلگە مەڭگۈ تۇغۇلۇشۇم!

* * *

سېنىڭ شادلىقىڭ، بەختىڭ ئۈچۈن گۆدەك قەلبىڭگە بۆسۈپ كىرگەن مۇھەببەتلىك دۈشمەنمەن!

مەن ھەقىقىي ھېسسىياتىمىزنى ئاشكارا ئەتكەنلىكىم ئۈچۈن قاناتلىرىمدىن، پەرىشتىلىكىمدىن ئايرىلىپ، بوسۇغاڭغا يىقىلغان قۇشمەن...

* * *

ھەر قېتىملىق خوشلىشىش ـ قەلبىمگە ئازاب داستانلىرىنى پۈتىدۇ.

ھەر قېتىملىق خوشلىشىش ـ قەلبىڭگە سۆيگۈ داغلىرىنى چېكىدۇ.

مەن نېچۈن «سېنى سۆيىمەن» دەپ ئۈنلۈك ئېيتالمايمەن؟!

سېنىڭ ئىرادەڭ، سېنىڭ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشتىكى غەيرىتىڭ مۇدھىش قەلبىمدە پەرىشتىدەك خۇلقىڭنى پارلىتىدۇ.

روھىستانىڭ چاڭ ـ توزانغا مىلەنگەن چىغىر يولىدا سەن ئاستا ـ ئاستا مەسۇملۇقتىن پەرىشتىگە ئايلانغانسەن...

ھالبۇكى، سېنىڭ روھىڭدىكى داغدام يولدا مەن پەرىشتىلىكتىن ئادەملىكىمگە قايتماقتىمەن!

* * *

كۈز غازاڭلىرىدىن لېچەك سالغان مېنىڭ ئانا تۇپرىقىم، قەلبىم ـ سېغىنىش زېمىستانىغا يۈزلەنگەن ۋاقىتتا سېنىڭ قۇچىقىڭ مېنى بەزلەيدۇ... ئۇنىڭ يۇمران ئىزلىرى قالغان قەدىمكى كوچىدىن ئۆتكىنىمدە، يىپەك چاچلاردىن

www.uyghurkitap.com

تارىغان خۇش ھىدىنى پۇرىغان سىياقتا، كۆكسۈمدە قاغجىرىغان ھىجراننى نەمدەيمەن!

بۇ يەردىكى بالىلىق - سەبىيلەرچە ساددا مۇھەببىتى، گۆدەكلەرچە ئازابلىنىشى بىلەن ئۇنتۇلماس! بۇ يەر - تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق تۇزانلىرى قاتقان يۈرىكىمگە، ئۆز دەۋرىگە خاس بولمىغان يولقۇنۇشلارنى ئاتا قىلغان!

بۇ يەر - سىنىڭ بويۇڭنى قۇچاقلىرىم ئارىسىدىن مەڭگۈ ھىدلاتمىغان يەر! بۇ يەر - نەپرەت ۋە مۇھەببىتىمنىڭ ئەسلى ماكانى.

* * *

- خەيرلىك سەھەر!

بىلىمەن، ئاڭلىيالمايسەن بۇ سۆزنى جېنىم!

نامازخانلارنىڭ سەھەردەك سۈزۈك ئايەتلىرى ئىچىدىن بەخت قۇشۇڭ قاناتلانغاي ئىلاھىم!

سادىق مۇخلىسلارنىڭ زىكرى ۋە تىلىكى شاد كۆلكەڭنى سامالارغا چاچقاي، چۈنكى سەن ئۆزۈڭنىڭ پاك تىنى بىلەن، قەلبىڭدىكى پىنھان ۋە مۇستەھكەم ئېتىقاد بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ھەر زامان كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشىسەن. بىلگىنكى، مەندەك لۈكچەكنىڭ بارلىق قىلىقسىزلىقلىرى ئاستىدىكى ئالالنىڭ ھىممىتى سەن ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان...

* * *

سەپىرىڭدىكى يىگانە يەلكىنىم ھاياتىڭ دولقۇنى ئارا داۋالغۇپ تۇرسىمۇ، ھىجران ئىبىڭ جۈت - شۇۋىرغانغا ئۆزىنى پەرۋاسىز نامايان قىلىدۇ، سىغىنچىڭ نۇرلىرى قاراڭغۇ قەلبىمنى يورۇتقان ئاشۇ ۋاقىتتا سىنىڭ ئەندىشەڭ ئۆزرە تۈن زۇلمىتى مىنى باسىدۇ. كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن غەم سۇلكىتى مىنى توختاۋسىز ھالدا ساڭا غايىۋى ھەمراھ بولۇشقا ئۈندەيدۇ...

چاچلىرىڭنى نازۇك رەۋىشتە سىلىكىپ بېشىڭنى كۆتەر؛ بىنالار ئارا كۆرۈنگەن ئاسمان تۇتۇق بولسىمۇ كۈلرەڭ پەردىنىڭ كەينىدىكى چەكسىز سۈزۈكلۈك مىنىڭ سۆيگۈمگە ئوخشايدۇ.

* * *

سىنىڭ قاچانلاردا روھىمغا سىڭىپ كىرگەنلىكىڭنى ئېنىق بىلمەيمەن...

نادامەتلىرىم سىپھرىڭ ئارا تىرىلىش پەيزىنى سۈرگىنىدە مەن ئۆزۈمنىڭ مەنە چاقمىقىدا چېقىلىمەن.

ھالبۇكى، بۇ رىيائاللىقىنىڭ بىمەنىلىكىنى ئازاب ئىلكىدە تۇنجى ھىس قىلغان چېغىڭ.

مەن ئۆزۈمنىڭ شېئىرلاشقان شەكلىنى يىراقتىكى لاتاپىتىڭ ئارقىلىقلا سىزىپ چىقتىم.

يۈرىكىم - ئازاب پەسلى ئارا كۈز غازىڭغا ئايلانغاچ يىللارسىرى تەمتىرىگەن مۈكمەن.

خۇلقۇڭ - ياخشى كۆرۈشنىڭ نىمىلىكىنى تەبرىكلىيەلمىگەن تۈن بولغاچ، تەقدىرىمگە نۇر چاچالمىغان كۈنسەن!

* * *

سايەڭدىكى تەپەككۇر دۇنيارىمدا - مەنىلەر توختاۋسىز ئالمىشىپ، كېڭىيىدۇ...

ياشلىرىڭ - ئىدىقۇتنىڭ ئىقىنى.

كۆزلىرىڭ - ئىدىقۇتنىڭ قۇياشى!

مەدھىيىنىڭ تەكرارلىق رەۋىشىدە ساختا ئۇقۇمغا ئايلىنىشى تۇرغان گەپ. چۈنكى گراماتىكا ۋە لېكسىكا مەن ئۈچۈن بەكمۇ كونا ۋە بەكمۇ ئاز! ئۇ قانداقمۇ كۆڭۈلنىڭ ئەسلىسىنى نامايان قىلالىسۇن، ھىسسىيات - تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى، شۇڭا ئۇنى تەڭرى كەبى ئايان قىلماق مۇمكىنسىز.

مۇجمەللىك ياشىسۇن! چۈنكى «ئۇنىڭ مەنە چېكى يوق». بىز ئىزدەۋاتقان نىمىنىڭ مەنىسىدۇر؟...

* * *

- ياخشىمۇسىز؟ سىز بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن...

توغرا، بىز دائىم خوشلىشىش ئۈچۈن كۆرۈشىمىز، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دائىم ئەسلەيمىز. گۈل ۋە شەپەق نۇرىغا تولغان تەسكەي تاغدىكى چىغىر يولدەك؛ مۇناسىۋىتىمىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە قاراپ سوزۇلسىمۇ...

بىزگە مەنسۇپ بولمىغان مۇھەببەتلا زۇلمەتنى جىلۋە قىلدۇرغان ئاداققى گىرىمسەنلىك...

پاكلىقىڭ روھىڭ ئېتىكاپخانىسىدا ئالتۇن دانلىرىمنى كۈتكەن قۇش! ھەر قېتىم خوشلىشار چاغدا قەترە ياشلىرىم مۇناجات ئۇچقۇنلىرىدا تاۋلىنىدۇ.

* * *

كۈز ئارامىغا چۆمگەن ئانا تۇپراق، گۈللەرگە پۈركەنگەن يېقىملىق غەمكىن شەھەر...

سەھەردە خۇددى قۇياش تىۋىشىدەك يېنىك، ياق، تىۋىشىڭ يېقىنلاپ يۈرىكىمنى ئاستا چېكىدۇ...

چۈشلەر قۇچىقىدىن ئالدىراپ سۇغۇرۇلىمەن - دە، تەبىئەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچىمەن، باراڭدىكى ياماشقاق توپچا گۈل بىلەكلىرىڭنى ئەسلىتىدۇ. دەرەخلەر ئارىسىدىن نازاكىتىڭ كۆزلىرىنى نۇرلاندۇرغىنىدەك بوينۇمنى سوزۇپ يىراقلارغا قارايمەن. كوچامنى قاپلاپ يەلپۈنگەن چاچلار مىنى ئىختىيارسىز ئۆز كوچامدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. ئېرىقتىكى كۆكۈم گۈللىرى شەپەق بىلەن قىزارغىنىدا بۇ شەھەردە سىنىڭ يوقلۇقىڭغا ئىشەنچ قىلىمەن - دە، ھەسرەتلىك كېچىلەرگە خىيال قەلىمىم بىلەن سىنى ئالتۇن رەڭدە سىزىپ چىقىمەن... بۇ دەل رىيائاللىقىمنىڭ ئىككىنچى تەرىپى.

# قىسقا ھېكايىلەر

## ئىككى ھېكايە

ئۆمەر ئابدۇللا

### پاقا

چۈشتىن كېيىن ئېتىزدىن ھېرىپ - ئېچىپ يانغان بىرنەچچەيلەن ئۈستۈبشىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرمايلا، قوللىرىنى ئېرىقتىكى سۇدا چالا - بۇلا يۇيۇپ بولۇپ ئۆيلىرىدە بىر - ئىككى پارچە ناننى ئۆرە تۇرۇپلا دېگۈدەك يېيىشكەندىن كېيىن، قوشنا مەھەللىدىكى ئاغىنىسىنىڭ تويىغا ئالدىراپ مېڭىشتى.

ئۇلار بارغاندا توي تازا ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، نازىركومغا چېلىنغان ناغرا - سۇناي ئاۋازى ھەممەيلەننىڭ بەدەنلىرىنى رىتىملىق قىمىرلىتىۋەتكەنىدى. ئەسكى تامنىڭ كەينىدە بىر - ئىككى پىيالىدىن ئىچىۋېلىشقان بىرنەچچىسى ئوتتۇرىدا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشقان ھالدا ھەر خىل غەلىتە ھەرىكەتلەرنى چىقىرىشىپ نازىركومغا ئويناۋاتاتتى.

ئۇلار داستىخانغا باشلىنىپ پولۇ يېيىشكەندىن كېيىن «باستۇرمىسى كەچتە» دېگەن سۆز بىلەن سىرتقا چىقىپ كەچكىچە ئۇسسۇل كۆردى.

كەچقۇرۇن ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىن تويغا كەلگەن ياش مېھمانلارنى كۈتۈشكە مەسئۇل بولغان مۇشۇ مەھەللىلىك بالا بېلىنى تومپايتىپ كېلىپ: «يۇرۇڭلار، سىلەرنى ئايرىم كۈتىمىز» دەپ مەغرۇر قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى. كەلگەنلەر ئايرىم كۈتۈلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر - بىرىگە ھاياجان بىلەن تىكىلىشىپ، ئۇ بالىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

ئۇلار تۆتىسى دەرەخلىكنىڭ ئىچكىرىسىدەرەك ئېقىۋاتقان بىر ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ توختاشتى.

ساھىبخان ئوت - چۆپ ئۈستىدىلا زوڭزىيىپ، ئۇلارنىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئوت - چۆپ ئۈستىدىكى قاتتىق - يىرىك نەرسىلەرنى پۇتلىرى بىلەن نېرى - بېرى قىلىۋېتىپلا موك چۆكۈشتى.

ساھىبخان بېلىدىكى ھېلىقى نەرسىنى شارتتىدە ئېلىپ، ئوت - چۆپ ئۈستىگە ھەيۋەت بىلەن تىكلىدى. كەلگەنلەرنىڭ كۆزلىرى يېنىپ كەتتى. ئاندىن ساھىبخان قوينىدىن يەنە ئىككى پىيالىنى ئېلىپ ھېلىقى نەرسىنىڭ - ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان، لېكىن بۇ يېزىدىكىلەر ئۈچۈن ئەتىۋارلىق ھەم يېڭى بولغان، ماركىسى ئۇنتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تىلىدا يېڭىدىن «ساقال» دەپ نام قويۇلغان ھاراقنىڭ يېنىغا قويدى.

- تويىمىزغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگىنىڭلارغا رەھمەت، - دېدى ساھىبخان بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ، - ئالدى بىلەن ئانچە - مۇنچە «گىرىم» قىلىۋېلىپ كەچلىك تويىنى بىر قىزىتمىساق بولمايدۇ.

- قىزلارمۇ كەچكىچە بارمۇ؟ - سورىدى بىرى ئالدىراپ.

- بار، شوخراق بىرقانچىسى بار. قىزغا ھەمراھ بولۇپ تۈنەيدۇ، - دېدى ساھىبخان. ئاندىن ھاراقنى يېرىم چىنە قۇيۇپ، يەنە بىر چىنىگە ئېرىقتىكى سۇنى ئېلىپ قۇيدى. «ئۇنداق بولسا سىلكىدىم!①، سوسكا!② » دېدى ئۇلار دوست تارتىشىپ. ساھىبخان ھاراقنى گۈپپىدە ئىچىۋېتىپ پىيالىدىكى سۇنى غورتۇلدىتىپ ئىچىپ ھاراقنىڭ ئاچچىقىنى باستى.

---

① ،② - «خوشە» نىڭ باشقىچە ئاتالمىلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىنە بىرنەچچە ئايلاندى. ئۇلار دەممۇ دەم ئىبرىقتىكى سۇنى ئىچىپ، گرادۇسى تولىمۇ يۇقىرى بولغان بۇ هاراقنىڭ ئاچچىقىنى باساتتى.

- ماڭا سەل جىقلا، - دېدى بەستىلىك بىرسى، - سەل قېلىنلىشىپ قىزلاردىن بىرەرسىگە قاش ئاتمىسام بولمايدۇ.

- هېلىقى قىزلار شوخ بولغان بىلەن چىرايلىقتۇ؟

- ئۇچىسى خېلى بولىدۇ، - دېدى ساهىبخان ئاغزىنى چىكىلدىتىپ، - ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىق بىرسى بار. باش ياغلىقىنى قەستەنگە چېچى بىلەن تەڭ ساڭگىلىتىۋالغان. ئەتىگەننىڭياقى شۇنى پايلاۋاتىمەن. ئۇنىڭغا يېقىن كېلىشمە، قالغانلىرىغا مەيلى.

- ۋاھ، - دېدى بەستىلىك، - بىرسى ماڭا هېساب. چايقىلىپ ساراڭ بولۇپ كەتسەممۇ مۇرەمنى چايقاپ تۇرۇۋالىمەن.

- چىراغنى ئۆچۈرۈپ، ئۇخلاپ كەتكەندە پايلاپ تۇرۇپ بىرەرسىنى هابىبا① قىلىۋالساملا بولدى، - دېدى مەست بولۇشقا باشلىغان بىرى.

شۇ چاغدا سۇدا بىرنەچچە پاقىنىڭ بېشى كۆرۈندى. كەيپى توشۇپ قالغان بىرسى ئازراق هاراق قالغان چىنىنى پاقىلارغا تەڭلىدى:

- قېنى، بىرەرنى ئىچىپ قويامسىلەر؟

- قانداق نېمە ئۇ؟ - دېدى بىر پاقا. ئولتۇرغانلارنىڭ هەممىسى ئىبرىق بويىغا كېلىشتى.

- قانداق نېمە بولماقچى، - دېدى ساهىبخان تىلىنى چايناپ، - ئەركەكلەرنىڭ ئەركىكى ئىچىدىغان نېمە.

- قانداق، ئەركەك تۇكۇڭ بارمۇ؟ - دېدى بەستىلىك مەسخىرە تەلەپپۇزىدا.

- ئەركەك تۇكىمىز بولغاچقا كاككۇكنىمۇ ئەپلىگەندىمىز②، - دېدى ياشراق بىر پاقا هاياسىزلىق بىلەن.

- ئاچچىقمۇ نېمە؟ - دېدى يەنە بىر پاقا سەسكەنگەندەك.

- تاتلىق بولسا بۇنچە ئىچەمدۇ ئۇنى؟ - دېدى بىر مەست زەردە بىلەن، - سىلەر پاقىلار نېمىنى بىلىسىلەر؟

- بىلەرمىز، - دېدى باشتىكى پاقا، - جىگىرى بار ئىچىدۇ، نوچىلار ئىچىدۇ، - ئۇ پاقا شۇنداق دەپ قىرغاققا سەكرەپ چىقتى، - قۇيە هارىقىڭنى!

ساهىبخان ئازراق قۇيدى. پاقا گەپمۇ قىلماي ئىچىۋەتتى.

- بىزگىمۇ يېتەمدۇ؟ - قالغان پاقىلارمۇ ئۆمىلىگىنىچە چىقىپ كېلىشتى. ساهىبخان ئۇلارغا بىر - بىرلەپ هاراق قۇيدى.

پاقىلار كەڭ - كۇشادە پاراڭلاشقاچ، ئۇلارنى ئۇنتۇغاندەك مەززە قىلىپ ئىچىشىپ يايراپ كېتىشتى.

- بۇلار ساراڭكەن، - دېدى چوڭراق پاقا، - ئاچچىق بولغاچقا ئىچمىز دەپ ئىچىپ، ئاچچىقىنى يەنە سۇ بىلەن باسىدىكەن.

- بىزچىلىك ئەقلى يوق، - دېدى كىچىكرەك بىر پاقا ئۆزىنى تېتىكلەشتۈرۈۋەتكەن بۇ سۇيۇقلۇقنىڭ كۈچىگە هەيران بولۇپ، - قىز دېگەننى قاش ئاتقىچە تاش تەڭلەپ قورقۇتۇپ پوككىدىلا باسماي.

- هاي، ئەدەپسىزلىك قىلما! - دېدى ساهىبخان.

- ماڭە لاتا، - دېدى يەنە بىر پاقا ئاخىرقى هاراقنى ئىچىۋېتىپ، - ئەتىگەندىن كەچكىچە بىر قىزنى كەلتۈرەلمەيدىغان هالىڭغا، ئۆزۈڭنى بىل. بولمىسا ئۇ قىزغا قاراپلا قويسام داغدا قالىسەن هېلى بىكار.

- هاراقمۇ تۈگىدى، - دېدى بەستىلىك ئورنىدىن تۇرماق بولۇپ، - قىزلار ئوت بولۇپ كەتكەندۇ شۇ تاپتا. بولدى، پاقىلار، رەهمەت سىلەرگە، ئوبدان ئۇلپەتلىشىپ بەردىڭلار.

- يوقىلىش، - دېدى چوڭ پاقا هۆركىرەپ. ئاندىن هەمراهلىرىغا قاراپ دېدى، - بۇلارنى ئىبرىققا هەيدىۋېتىپ، قىزلىرىنى ئۆزىمىز كەلتۈرەمدۇق - يا!

- شۇنداق قىلايلى!

- يوقىلىش، قەلبى پوقلار!

تويغا كەلگەنلەر ۋە ساهىبخان هولۇقۇشقىنىچە ئىبرىقتىكى سۇغا سەكرەپ، سۇدا ئۈزۈپ كۆزدىن غايىب بولدى.

پاقىلار چوڭ - چوڭ چامداپ، ناخشىنى دۆڭ تۈۋلاپ كەچلىك مەشرەپ ئۈچۈن ئەمدىلا ناغرا - سۇناي ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقان تويغا قاراپ مېڭىشتى:

پاقا دېگەن غالىبتۇر،
مۇهەببەتنى يېڭىدۇ.
ئەر تاللىغان هۆر قىزلار،
ئۆزى كېلىپ تېگىدۇ.

---

① هابىبا - سۆيۈپ قويۇش دېگەن مەنىدە.
② رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە كاككۇك پاقا بىلەنمۇ جۈپلەشكەن.

پاقىلار تويغا بارسا، ئۆيلىرىدىمۇ بېشىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ يۇرۇشكىمۇ جۇرئەت قىلالمايدىغان قىزلار سەھرانىڭ مۇقەددەس توپا - چاڭلىرىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى، ئەمما، پاقىلار شۇنچە ساقلىغان بولسىمۇ نازىركوم ئويناڭلىدى.

## چىۋىن گۇلى

ئۇ ھەر قېتىم چىۋىن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ھەيدەلگەندە، ئۆزىنىڭ كىچىك چېغىدا چىۋىن ئۆلتۈرگىنىنى ئەسلەپ قالاتتى.

ئۇنىڭ كىچىك چېغىدا ئەپچىل ھەم كىچىك پالىقى بار ئىدى. ئۇ ئەنە شۇ پالىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ چىۋىنلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈرەتتى. ئۇ چىۋىندىن 100 نى ئۆلتۈرسە ئاتىسى ئۇنىڭغا بىر موچەن بېرەتتى. يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىدە، چېڭقى چۈشلەردە كىشىلەر سالقىن گەمىلەردە ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىشاتتى. ئاتىسىمۇ ئۇنى چىۋىن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپ قويۇپ خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتەتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ خورەك ئاۋازىنى تىڭشىغاچ ھەربىر چىۋىننى ئۆلتۈرگەندە، ئۆلتۈرمەكچى بولغان چىۋىنلىرىنى «بىر، ئىككى» دەپ ساناپ چىۋىنلەرگە پالاق ئۇراتتى. ئۇ ئىسسىقتا تەرلەپ - پىشىپ بىر چۈشتە 300 دەك چىۋىن ئۆلتۈرەتتى. ئاندىن ئاتىسىنى چاقىراتتى. ئاتىسى ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۆلۈك چىۋىنلەرگە قاراپ قويۇپ ئۇنىڭغا ئۈچ موچەن بېرەتتى.

ئۇ كىچىك چېغىدا سەممىيلىك بىلەن چىۋىن ئۆلتۈرەتتى. بىرىنىمۇ كەم سانىمايتتى. بىرەرى كەم بولۇپ قالسا قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ، سانىنى توشقۇزمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئەمما ئاتىسى بىرەر قېتىم ئۆلتۈرۈلگەن چىۋىنلەرنى ساناپ باقمايتتى.

ئۇ كىچىك چاغلىرىدا ئەنە شۇنداق سەممىيلىك بىلەن چىۋىن ئۆلتۈرەتتى. كىچىك پالىقى چىۋىنلەرگە دەلمۇ دەل تېگەتتى.

ئۇ ئاشۇنداق چىۋىن ئۆلتۈرۈپ چوڭ بولدى. ئۆلتۈرگەن چىۋىنلىرى نۇرغۇن بولۇپ كەتتى. ئاتىسىدىنمۇ نۇرغۇن موچەن ئالدى.

ئۇ ھالسىز تېنىنى سۆرەپ ئولتۇرۇپ ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ قالدى ۋە شۇ ھامان كۈچلەندى. شۇنىڭ بىلەن قايتا غەيرەتكە كېلىپ يەنە بىر ئىشىك ئالدىغا باردى. ئۇنىڭ قولىدا كىچىك چېغىدىكى ھېلىقى پالاق بار ئىدى. ئۇ ئىشىكنى ئۇردى. ئىشىك ئېچىلىپ بىرى چىقىپ:

- بىزنىڭ ئۆيىنىڭ چىۋىنلىرىنى ئۆلتۈرسەڭ بولمايدۇ، - دەپ ئىشىكنى زەردە بىلەن يېپىپ كىرىپ كەتتى.

ئۇ يەنە ھالسىز ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدىكى ھېلىقى پالاق سالقىن شامالدا لەرزان چايقىلاتتى.

ئۇ كىچىك چېغىدا قاتتىق ئىسسىقتا سەممىيلىك بىلەن چىۋىن ئۆلتۈرگەنىدى. 100 دىن بىرىنىمۇ كەم قىلمىغانىدى.

ئۇ زور چىدام بىلەن يەنە بىر ئىشىك ئالدىغا باردى.

- بىزنىڭ ئۆيدە ئۆلتۈرگۈدەك چىۋىن يوق، - دېدى بىرى چىقىپ.

ئۇ يەنە پەرىشان بولدى. پۈتۈن بەدىنى ماغدۇرسىز ئىدى. تۆكۈلگەن ياشلىرى كىرلەشكەن يۈزىدە ئەسەبىي ناخشىنىڭ نوتىسىدەك ئىز قالدۇراتتى. قولىدا بولسا كىچىك چېغىدىكى پالىقى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇ كىچىك چېغىدا قاتتىق ئىسسىقتا سەممىيلىك بىلەن چىۋىن ئۆلتۈرگەنىدى. ھەتتا، چىۋىن دورىسىدا ئۆلگەن چىۋىنلەرنى قوشۇپمۇ قويمىغانىدى.

ئۇ قولىدىكى پالاققا قارىغىنىدا ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈچ ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ پالاقنى ئاۋايلاپ كۆتۈرگىنىچە يەنە بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىكنى ئۇرا - ئۇرمايلا ئىشىكتىن ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىرى كۆرۈندى:

- چىۋىنلەرنى ئۆزىمىز ئۆلتۈرىمىز.

ساقاللىقنىڭ كۆزى چىۋىن ئۆلتۈرگۈچىنىڭ قولىدىكى پالاققا ئاچكۆزلەرچە تىكىلگەنىدى.

ئۇ دىمى تۈتۈلۈپ، دىرىلدەپ تىترىگىنىچە بىر خىلۋەت بۇلۇڭغا ئارانلا بېرىۋالدى.

ئۇ كىچىك چېغىدا قاتتىق ئىسسىقتا سەممىيلىك بىلەن چىۋىن ئۆلتۈرگەنىدى. تەرلەپ - پىشىپ قوغلاپ يۈرۈپ بىرىمۇ بىر ئۆلتۈرگەنىدى.

ئۇ قولىدىكى پالاققا قارىغىنىچە بۇلۇڭدا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ مىدىرلىغۇدەك ھالى يوق. ھەتتا، بۇرنى ئۈستىگە قونغان چىۋىننى قوغلىغۇدەك مادارىمۇ يوق ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن بىر چىۋىن ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ بۇرنىغا قوندى. ئارقىدىن 10 نەچچە چىۋىن كېلىپ قوشۇلدى. كۆپ ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بۇرنى كۆرۈنمەي

www.uyghurkitap.com

قالدى. پالاق بولسا ئاۋۋالقىدەك بوشلۇقتا لەيلەپ تۇراتتى. چىۋىنلەر ئەمدى توپ - توپى بىلەن كېلىپ قونۇشقا باشلىدى. چىۋىنلەر قونۇۋېرىپ ئۇنىڭ يۈز قىسمىنى توسۇۋالدى.

چىۋىنلەر بارغانچە كۆپەيگىلى تۇردى. بارا - بارا گاژىلداپ تۇرغان چىۋىنلەر ئۇنىڭ بەدىنىنى پۈتۈنلەي يېپىپ بولدى. پەقەت پالاقلا بوشلۇقتا لەيلەپ تۇراتتى.

ئۇ كىچىك چېغىدا سەممىيلىك بىلەن چىۋىن ئۆلتۈرگەنىدى. ئۇ شۇ تاپتا خىلۋەت بۇلۇڭدا چىۋىنگە كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. بىراق، ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

چىۋىنلەر ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتاتتى. خىلۋەت بۇلۇڭدا بىر توپ چىۋىن گاژىلدىشاتتى.

ئاخىرى بېرىپ ئۇ چىۋىنلەر ئۇنىڭ بەدىنىنى قاپلاپ، غۇژمەكلىشىپ يېتىپ قالغان بىر تال گۈل شەكلىگە كەلتۈرۈپ قويدى.

ئۇ قارا رەڭلىك، گاژىلداپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدىغان بىر تال گۈل ئىدى.

ئىشىق ھىجرانىدا پىغانلىق سايراپ قانغا بويىلىپ كەتكەن بۇلبۇل كېلىپ ئۇ گۈلگە قوندى. ئەمما سايرىيالماي ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇ قارا رەڭلىك، لۆمۈلدەپ تۇرغان بىر تال گۈل ئىدى.

بۇ گۈلگە ئۇچۇپ كەلگەن بىر كېپىنەك قونۇپ نىمجان قۇرتقا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇ قارا رەڭلىك، پۇراق ئورنىغا چىۋىن ئاۋازى تارقىتىدىغان بىر تال گۈل ئىدى.

بۇ گۈلگە بىر ئىشچان ھەسەل ھەرىسى قونۇپ قانچە قىلىپمۇ بىرەر تامچە شىرنە ئالالماي، پۈتۈن بەدىنىنى زەھەرگە تولدۇرۇپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇ كىچىك چېغىدا سەممىيلىك بىلەن چىۋىن ئۆلتۈرگەنىدى.

ئۇ قارا رەڭلىك، گىژىلدىغان ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر تال گۈل ئىدى. ئۇ شۇ ھالەتتە خىلۋەت بۇلۇڭدا تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئاخىرى بىر كۈنى بىرى ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە ھاياجاندىن ۋارقىرىۋەتتى.

- قاراڭلار، پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق گۈل بۇ!

كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى ۋە ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى ھەققىدە تىللىرىنى چېكىلدىتىشىپ بىر - بىرىگە باقماي ماختاپ كېتىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن يولدىن ئۆتكەن ئادەملەر ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ زوق بىلەن بىردەم قاراپ تۇرۇشۇۋالىدىغان بولۇشتى.

# ئويۇنچۇق

## تۇرغۇنجان تۇرسۇن

پەقەت كىچىك بالىلا ئويۇنچۇق ئوينايدىغۇ، دەپ ئويلىدىم. سەنمۇ ماڭا خۇددى كىچىك بالىدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتىڭ. بىردىنلا تۇغۇلغان كۈنۈڭنى ئەسلەپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە سەن تۇغۇلغان چاغدا، مەن ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەنىدىم. شۇ كۈنى مەن سېنىڭ تۇغۇلۇۋاتقانلىقىڭدىن خەۋەرسىز ئويۇنچۇق ئويناۋاتاتتىم. قانداق ئويۇنچۇقنى ئوينىغانلىقىمنى زادىلا ئەسلىيەلمىدىم. بۇنى پەقەت مەلۇم يىللاردىن كېيىن، سەن مەندىن باشقا بىرەر يىگىت بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنىلا ئاندىن ئەسلىيەلىشىم مۇمكىن. بىراق سەن كىچىك بالا ئەمەسكەنسەن، شۇنداقتىمۇ قولۇڭدا ئويۇنچۇق تۇراتتى. سېنىڭ كىچىكلەشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. بۈگۈن ئۆز ئاغزىڭ بىلەن مۇنداق دېگەنىدىڭ:

- مەڭگۈ 20 ياش ھالىتىمدە تۇرسام دەيمەن. قايتا تۇغۇلۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن بولسام، تېخىمۇ خۇشال بولاتتىم.

بۇ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى ناھايىتى قېرىپ قالغاندەك سەزدىم. بۇ يىل 23 ياشقا كىرگەنىدىم. ئويلاپ باقسام سەن تۇغۇلغان كۈنىلا ئويۇنچۇق ئويناپ بېقىپتىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەتتا ئويۇنچۇقنى تۇتۇپمۇ باقمىغانىدىم.

قولۇڭدا دۇپدۇگىلەك بىر ئويۇنچۇق تۇراتتى. سەن ئەزەلدىن شوخ، غەمسىز ئىدىڭ. بۇ ئويۇنچۇققا ئىگە بولغاندىن بۇيان تېخىمۇ خۇشال، تېخىمۇ بىغەم بولۇپ كەتتىڭ. ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن يېقىن دەپ ئويلايتتىم. بىراق سەن مېنى يېنىڭغا چاقىرىپمۇ

قويمىدىڭ، ئاخىر چۈمۈلىدەك سىلجىپ يېنىڭغا كەلدىم.

— ئويۇنچۇق مىجىلىپ كېتەي دەپ قاپتۇ، — دېدىم مەن.

— بارلىق ئويۇنچۇقلارنىڭ تەقدىرى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدىڭ سەن ماڭا تىكىلىپ قاراپ. بىراق مەن سېنى ماڭا زادىلا قارىمايۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

— بۇ ئويۇنچۇقنى ساڭا مەن سوۋغا قىلغان تۇرسام...

— كەچۈرگىن، — سەن ئۆزۈڭنى تۇتالمايلا كۈلۈپ تاشلىدىڭ، — ئاتا - ئانام ماڭا شۇنداق ئۆگەتكەن. ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئىلاجىم يوق.

— خېلى چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بۇ ئىشتا چوقۇم مۇستەقىل قارىشىڭ بولۇشى كېرەك.

— مېنىڭ كىچىكلەشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قاپسەن - دە! — سەن يەنە كۈلدۈڭ.

— چاقچاق قىلمىساڭچۇ، — دېدىم مەن ئۆتۈنۈپ، — مەن بەرگەن نەرسىنى راستىنلا قەدىرلىمەمسەن؟

— قەدىرلىيەلمەيمەن، چۈنكى ئاتا - ئانام...

— مەن ئاتا - ئاناڭغا ئەمەس، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن.

— راستىنلا ئامالىم يوق. قەدىرلىيەلمەيمەن.

— قەدىرلىمەيمەن دېگىنە.

— قەدىرلىيەلمەيمەن.

— ئۆزۈڭنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغۇم بار.

— سېنىڭ خۇشچاقچاق مىجەزىڭنى ياقتۇرىمەن. ئەمما سەن بەرگەن نەرسىنى قەدىرلىيەلمەيمەن. چۈنكى مېنىڭ پۇت - قولۇم ئاللىبۇرۇن باغلىنىپ بولغان. ئىككىمىزنىڭ مەڭگۈ ياخشى دوست بولۇپ ئۆتۈشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— قەدىرلىمەيمەن دە.

— ...

— ئېنىق گەپ قىل، قەدىرلىمەيمەن دە.

— قەدىرلىمەيمەن، — سەن يەنىلا كۈلۈپ تۇراتتىڭ.

«خوش» دېدىڭ، ئارقامغا قايتتىم. كوچا چىراغلىرى ئۆچۈپ قالدى. يۇلتۇزلارمۇ پەرەنجە ئىچىگە مۆكۈندى. يولنى ئىلغا قىلالمىدىم، ئەمما تەمتىرىمەي مېڭىۋەردىم. مېنىڭ تېخى ئۆيۈم يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ماڭمىسام بولمايتتى. قەيەرگە بېرىش مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. پەقەت سېنىڭ ئۆيۈڭدىن باشقا قانداقلا يەرگە بارسام بولۇۋېرەتتى.

شۇ كۈنى ئەسلى بىز بىر دوستىمىزنىڭ تويىنى مۇبارەكلىمەكچى ئىدۇق. قىزىق، نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ تويىنى مۇبارەكلەيمەن؟ باشقىلار توي قىلىپ بەختكە ئېرىشتى. بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ مۇشۇ كۈنگىچە نۇرغۇن تويلارنى مۇبارەكلىدىم. بىراق بۇلار مېنى بەختكە ئېرىشتۈرەلىدىمۇ؟ شۇنداقتىمۇ بۈگۈنكى مۇبارەكلەشكە قاتنىشىشىم كېرەك ئىدى. بولمىسا تېخىمۇ يېگانە قالاتتىم.

مۇبارەكلەش زىياپىتىدە ئولتۇراتتىم. بۇ يەردە سېنىڭ يوقلۇقىڭنى بىلەتتىم. سېنىڭ «خوش» دېگەن ئاۋازىڭ خۇددى دۇنيادىكى ئەڭ مۇڭلۇق مۇزىكىدەك مېنى ئازابلايتتى. تېلېۋىزوردا بىر قىزنىڭ نازلىق تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بىراق بۇ قىز سەن ئەمەس ئىدىڭ. كىمدۇر بىرى «بۇ قىز نېمىدېگەن چىرايلىق» دېۋىدى، مەن «بۇ قىزنىڭ نەرىمۇ چىرايلىق بولسۇن» دەپ ئاچچىقلىدىم. بىر قىز خۇددى مېنى مەسخىرە قىلغاندەك «نوچى بولسىڭىز، مېنى تانسىغا ئېلىپ كىرەلەمسىز؟» دېدى. «مەندە گەپ يوق، ھېلى ئۆزىڭىز يېنىۋالارسىزمىكىن» دېدىم چاندۇرماي. دېگەندەك ئۇ بىردەمدىلا گېپىدىن يېنىۋالدى. ماڭا چاقچاق قىلىدىغانلار كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى خۇددى سەن ئېيتقاندەك «گەپ خالتىسى» دەپ قارايتتى. بىراق مەن بۈگۈن ئەڭ جىمغۇر ئادەم ئىدىم. ھېچكىم مېنى چۈشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇشال ئىدى. چۈنكى بىز خۇشاللىقنى تەبرىكلىمەكچى ئىدۇق. دۇنيادا پەقەت بەختكە ئېرىشكەنلەرلا تەبرىكلىنەتتى. ماڭا ئوخشاش ئازاب چېكىۋاتقانلارنى بولسا، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايتتى.

ئۆزۈمنىڭ كېچە ياكى كۈندۈزدە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى بىلەلمىدىم. سېنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشىنىمەن دەپ ئويلايتتىم. ئەمما سېنىمۇ چۈشەنمەيدىكەنمەن. ئادەم، مەن، سەن، قىزلار، يانۋار، سۆيۈش، تەبرىكلەش مۇراسىمى، توي، بەخت، ئۆي... بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ناتونۇشتەك تۇيۇلدى. بىردىنلا ئۆزۈمنى ناھايىتى قاتتىق مىجىلىۋاتقاندەك سەزدىم. بۇ چاغدا تەبرىكلەش مۇراسىمىدىن قايتقانىدۇق. بەدىنىم بىر قىزنىڭ بەدىنىگە تېگىشىپ تۇراتتى. ئەمما

مەندە ھېچقانداق سېزىم يوق ئىدى. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەقەت چۈشىنەلمىدىم. بىردىنلا چۆچۈپ كەتتىم. ماشىنا ئەينىكىدىن سېنى كۆرۈپ قالغانىدىم. سەن ھېلىقى ئويۇنچۇقنى كۆچەپ مىجىۋاتاتتىڭ. دۇپدۇگىلەك بۇ ئويۇنچۇقتىن قىپقىزىل سۈيۈقلۇق تامچىلاپ چۈشۈۋاتاتتى. مەن كۆزۈمنى چىڭ يۇمىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

# «ئابدۇللا» نىڭ تەرجىمھالى

## ئابلىز ئابدىلىم

مۇشۇ كۈنلەردە ئىت بېقىش تازا ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئىتۋازلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. مەنمۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، تۆت كۈنلۈك بولغان كۈچۈكتىن بىرنى 500 سوم خەجلەپ ئاران تەستە سېتىۋالدىم. نېمىلا دېگەنبىلەن مېنىڭمۇ ئىتىم بار بولدى. ئۇ چوڭ بولۇپ كەينىمدىن يۈرسە، بۇيرۇغاننى قىلىپ كۆڭلۈمنى ئاچسا نېمىدېگەن ياخشى - ھە! . . . شۇ چاغدا بىر دوستۇم ماڭا ئەقىل كۆرسىتىپ «ئىتقا ئادەمنىڭ ئىسمىنى قويسا ئەقىللىق بولىدىغانلىقى» نى ئېسىمگە سېلىپ قويدى. ئەمەلىيەتتىمۇ كىشىلەر ئىتقا تۈرلۈك ئىسىملارنى قويۇشىدىغۇ! ؟ بىز شۇ گەپ بويىچە ئۇنى «ئابدۇللا» دەۋالدۇق. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ سۇنىڭ سۆزۈكىنى ئىچىپ، بالىلىرىم يېمىگەننى يەپ ئائىلىمىزنىڭ ئەتىۋارلىق ئەزاسىغا ئايلىنىپ قالدى.

بىر كۈن ئۆتتى، بىر ئاي ئۆتتى. . . بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. «ئابدۇللا» ئويلىغىنىمدەك ئەقىللىق چوڭ بولدى. ھەر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كېلىپلا ئىشىك ئالدىدا توختايمەن - دە، ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىمەن:

- ئابدۇللا ئىشىكنى ئاچ!

- ئابدۇللا، توخۇلارنى قوغلىۋەت! . . .

ئۇ دېگىنىمنى ئورۇنلاپ مېنى رازى قىلىدۇ. ئىداردىكىلەرمۇ «ئابدۇللا» نىڭ قىلىقلىرىدىن سۆيۈنۈپ ئىشىك ئالدىدىن كېتەلمەيدۇ. ئاڭلىسام ئۇنىڭ نامىنى بىلمەيدىغانلار ئاز ئىكەن. تېخى باشلىقىمنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. قايسى كۈنى ئۇ مەقسەتلىك ھالدا: «مېنىڭمۇ ‹ئابدۇللا› دەك بىر ئىتىم بولغان بولسا - ھە!» دەپ قويدى. دېگەندەك ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ باشلىقىمنىڭ ئۆيىدە ماكانلاشتى. مەندە نېمە ئامال؟ يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ئېچىشىپ تۇرسىمۇ، ئىداردە بىراقلا يۈز تېپىۋالغاندىكىن

بۇ ئىشتا سەۋرى قىلدىم. بىراق بەزى چاغلاردا ئېسىمدە يوق «ئابدۇللا» نى چاقىرىپ سالىمەن. ياتقان يېرىگە قاراپ خىيال سۈرىمەن. . . چۈنكى ئۇ ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. . .

خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. «ئابدۇللا» نىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدىن زادىلا نېرى كەتمەيدۇ. پەمىچە ئۇ تېخىمۇ ياخشى ئوزۇقلىنىپ، كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىپ بارغانسېرى ئەقىللىق بوپ كەتكەندۇ. تۇيۇقسىز ئۇنى يوقلىغۇم كەپ قالدى. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇللا باشلىقنىڭ ئۆيىگە باردىم. «ئابدۇللا» ھويلىدا باشلىقىمنىڭ كەپسىز ئوغلى بىلەن ئويناۋاتقانىكەن. ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ قويدى - دە، ھېلىقى بالا بىلەن بولۇپ كەتتى.

- ئابدۇللا! - دېدى باشلىقىمنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ، - تېز بېرىپ ئۇ كىشىنىڭ ئايىغىنى ئېلىپ كەل!

ئابدۇللا ئېتىلىپ كېلىپ پۇشقىقىمغا ياماشتى، خىيالىمدا ئۇنى نەچچە يىلدىن بېرى بېقىپ چوڭ قىلغاندىكىن ماڭا ئۇنداق قاراملىق قىلالماس، دەپ ئويلىغانىدىم. كىم بىلسۇن؟ ئۇ بىردەمدىلا ئىشتان، پايپاقلىرىمنى يىرتىپ، نەچچە يېرىمنى قانىتىۋەتتى. ئاللا - توۋا چىقىرىپ ھويلىنى بېشىمغا كىيدىم. ئاخىرى بولالماي تاماشا قىلىپ ئويناۋاتقان بالىغا ۋارقىرىدىم:

- ئىتنى چاقىرىۋال، شۇمتەك!

دېگەن گېپىم شۇ بولدى. زەردە بىلەن چىپچىلغان بىر ئوچۇم توپا بىلەن تەڭ «ئابدۇللا» قۇيرۇقىنى قىسىپ توختاپ قالدى. قارىسام يېنىمدا چىرايىنىڭ ئۆڭى ئۆچكەن باشلىقىم ئالىيىپ تۇرۇپتۇ.

- شۇمۇ گەپمۇ؟ - دېدى ئۇ ئېغىز ئېچىپ، - كىچىك بالىدا نېمە گۇناھ، ئۇ دېگەن بىر ئىتقۇ!

ئويلاپ باقسام، خاتا قىپتىمەن. ئەسلىدە مەن «ئابدۇللا» نى تىللىشىم كېرەك ئىدى. . .

# ئىككى ئەدەبىي خاتىرە

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

## سەدىقە

يۇرتىمىزدا دىۋانە شۇقەدەر كۆپىيىپ كەتتىكى، ھەر بىر كوچىدا قەدەمدە بىردىن ئۇچراپ ئادەمنىڭ ئالدىنى توسۇپ سازا قىلىپ تۇرۇۋالغىنىنى ئاز دەپ، مانا ئەمدى ھەر ئەتىگىنى ئىشىك قېقىپ، بىرنى يولغا سالسا بىرى كېلىۋېرىپ كىشىنى تولىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولۇۋالدى.

مانا بۈگۈنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئىشىك قېقىلىپ «غېرىبنىڭ قەدىمى يەتتى، بالانىڭ يەتمىسۇن!» دېگەن سوزۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئالدىراپ داستىخاننى ئاختۇردۇم، بىراق باللار چالا يەپ تاشلاپ قويغان بىر - ئىككى توغرام ناندىن باشقا، پۈتۈن بىر نانمۇ چىقمىدى. يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپ باقتىم، ئەمما ئاي ئاخىرى تۇرسا، مائاشتىن باشقا ھېچقانداق تاپاۋىتى بولمىغان بىر ئاددىي خىزمەتچىنىڭ يانچۇقىدا ئارتۇقچە پۇل نېمىش قىلسۇن؟ بېشىم تازا قاتقان بولسىمۇ، ئويلاشقا ۋاقىت يوق ئىدى. چۈنكى سەل كېچىكىپ قالسام بارغانسېرى ھالى ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتقان دىۋانىلەر رەنجىپ، مېنى بولۇشىغا قارغىغىنىچە كېتىپ قالاتتى - دە، ئالىمادىس «غېرىبنىڭ قەدىمى» ئورنىغا ئۇ ئېيتقان بالا - قازانىڭ «قەدىمى» يېتىپ قالغۇدەك بولسا... شۇڭا ئامالسىز ئۇچامدىكى ئالغىنىمغا تېخى تولۇق ئىككى ئايمۇ بولمىغان كۆڭلەكنى سالدىم - دە، مايكىچان ئىشىك تۈۋىگە چىقتىم. گەرچە ئۇستىبېشىغا قاسماقلىشىپ كەتكەن كونا كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ، ساقىلىنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پارقىراپ تۇرغان قىپقىزىل مايلىشاڭغۇ يۈزلىرىدىن تېخى 40 ياشتىن ئاشمىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان بۇ تەندۇرۇس ئادەم، قولۇمدىكى كۆڭلەكنى كۆرۈپ ئۆشنىسىدىكى كۆتۈرەلمەي قالغان يوغان خالتىنى گۈپپىدە يەردە قويدى - دە، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

بىراق، ئۇنىڭ ئەتىسلا يەنە كېلىشىنى كىم بىلسۇن؟ تاڭ سەھەردىلا ھېلىقى تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىمغا غەم چۈشتى. يەنە بىرەر نەرسە ئەپچىقىپ بېرەي دېسەم، ئەمدى ئۆزۈمدە ئارتۇقچە بىرنېمە يوق ئىدى. بەرمەي دېسەم، ناۋادا ئۇ تاڭ سەھەردىلا قارغىۋېتىپ كېتىپ قالسا...

شۇ ئەسنادا ئاخشام ئوقۇپ بولالماي ياستۇق بېشىغا قويۇپ قويغان ژۇرنال كۆزۈمگە چېلىقتى - دە، كۆڭلۈمگە بىر پىكىر كەلدى: «توختا، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — ئەقىللى ساۋات بويىچە ئېيتقاندىمۇ ئىنسان ھەم ماددىي، ھەم مەنىۋى ئوزۇققا موھتاج؛ ئۇ گەرچە بىر دىۋانە بولسىمۇ، لېكىن ئۆمۈر بويى ماددىي ئوزۇق يېغىپلا ئۆتكەچكە، بۇ جەھەتتە مەندىن بايلىقى ئېنىق؛ يەنە كېلىپ مەنمۇ ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ماددىي ئوزۇقلا بېرىپ كەلدىم. قېنى، بۈگۈن بىر مەنىۋى ئوزۇق بېرىپ باقمايمۇ؟...»

شۇنداق قىلىپ، مەن تېخى تولۇق ئوقۇپ بولالمىغان ژۇرنالنى كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدىم. ئۇ گويا بۇ دۇنيادا كۆرۈپ باقمىغان غەلىتە بىرنەرسىنى ئۇچراتقاندەك، بىر قولۇمدىكى ژۇرنالغا، بىر ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە. ئۇنىڭ مەرىدىن كېچىپ سىلىگە بۇنى...

— ئادەم زاڭلىق قىلىپ... قانداق دېگەن گەپ بۇ، — دېدى ئۇ خالتىسىنى مۈرىسىگە سېلىۋېتىپ.

ئەمدى ئۇنىڭدىكى ھەيرانلىق ماڭا ئۆتكەندى. ھەرقانچە ئويلاپمۇ مەنىۋى ئوزۇققا ئەڭ موھتاج بىر كىشىنىڭ، ئۆزىدە زادىلا بولۇپ باقمىغان بىر قىممەتلىك «سەدىقە» نى ئالماي كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم. بىراق شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ مەھەللىمىزگە ئىككىنچىلەپ يېقىن يولىمايدىغان بولدى. ناگان - ناگاندا ئېزىپ - تېزىپ بىر كېلىپ قالسىمۇ، مېنى كۆرسىلا خالتىسىنى يۈدۈپ، قولۇمدىكى سەدىقىگە قاراپمۇ قويماستىن كېتىپ قالىدىغان بولدى.

## بىزنىڭ يول

يولمۇ دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا ئوخشاش يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن؛ كىچىكلىكتىن زورايغان؛ ئاددىيلىقتىن ئالىيلاشقان.

دۇنيادا تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان يول — ئېھتىمال چىغىر يول بولسا كېرەك، كېيىن

هارۋا - چاڭغىلارنىڭ كەشىپ بولۇشىغا ئەگىشىپ هارۋا يوللىرى، ماشىنا - پويىزلارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن تاشيول، تۆمۈريوللار، ئايروپىلان، پاراخوت دەۋرىدە بولسا سۇ ۋە هاۋا يوللىرى بارلىققا كەلگەن.

چىغىر يول — دۇنياغا تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان ئىستىخىيىلىك يول بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۇتكۇل پۇتلۇق جانلىقلارغا مەنسۇپ. چۈنكى پۇتى بارلىكى جانلىق ماڭىدۇ، مېڭىشلا بولىدىكەن، تەبىئىي يوسۇندا يول ئېچىلىدۇ. بىراق هارۋا يولى هارۋا ئىجاد قىلغانلارغا مەنسۇپ. چۈنكى هارۋا ئىجاد قىلىنمىغان بولسا، هارۋا يولىمۇ بولمىغان بولار ئىدى. بۇ جەهەتتە بىز ئۆز ئىسمىنى تارىخقا «ئېگىز هارۋىلىقلار، قاڭقىللار» دەپ يېزىپ قالدۇرغان ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىزدىن پەخىرلىنىشكە هەقلىق.

ئەمما باشقىلار ماشىنا، پويىز، پاراخوت ۋە ئايروپىلانلارنى كەشىپ قىلىپ، يەردە، سۇدىلا ئەمەس، هاۋادىمۇ ئەركىن قاتناۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن پەخىرلىنىش بىلەن مەست بولۇپ، يەنى قەدىمىي هارۋا يولىدىن چىقالماي باشقىلارنىڭ كەينىدىن تەمتىلەپ يۈرۈشىمىز ئادەمنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ. بۇ ئېچىنىشلىق ساۋاق شۇنداق بىر هەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇكى، يول — ئۆزىنى ئاچقان ۋە مېڭىۋاتقانلار بىلەن ئوڭ تاناسىپتا بولىدۇ. يەنى ئۇ ئاچقانسىرى - ماڭغانسىرى شۇنچە داغداملىشىدۇ؛ داغداملاشقانسىرى ئۇنىڭدا ماڭغۇچىلارمۇ شۇنچە روناق تېپىپ سۈرئىتى تېزلىشىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، يول تارلاشقانسىرى ئۇنىڭدا ماڭغۇچىلارنىڭ قەدىمى ئاستىلاپ، بارغانسىرى ئارقىدا قالىدۇ.

يولنى هەرگىزمۇ باشقىلار ئېچىپ بەرمەيدۇ، بەلكى هەركىم ئۆز يولىنى ئۆزى ئاچىدۇ، ئۆزى تاپىدۇ. شۇڭا گەرچە شەكىل جەهەتتىن ئاز - پاز ئوخشاشتەك تۇيۇلسىمۇ لېكىن ماهىيەت جەهەتتىن هېچكىمنىڭ يولى هېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. يولنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىماسلىقى، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئاشۇ يولنى ئاچقۇچىلارغا، ئاشۇ يولدا ماڭغۇچىلارغا باغلىق.

ئىنسانلارنىڭ نەزەر دائىرىسى، نىيەت - ئىقبالى، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئادەملىك ساپاسى هەر خىل بولغاچقا، بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ هەر خىل يوللار مەۋجۇت. ئالايلۇق: ئالەم كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئوربىتانى بويلاپ «مېڭىپ» ئايغا يېتىپ بارغىلى بولىدىغان پارلاق يول؛ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ مىڭ كىلومېتىر مۇساپە بىر سائەتتە تاماملىنىدىغان هاۋا يولى؛ پويىزغا ئولتۇرۇپ كېچە - كۈندۈز توسالغۇسىز ئىلگىرىلىيەلەيدىغان تۆمۈريول؛ ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ سائىتىگە 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول ماڭغىلى بولىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول . . .

ناۋادا سىز نيۇ - يورك، لوندون، موسكۋا، توكيولاردىن يولغا چىقسىڭىز، ئەتىسىلا ئۈرۈمچىگە هەتتا قەشقەر، خوتەنلەرگىمۇ يېتىپ كېلەلەيسىز. لېكىن ئۆيىڭىز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ناهىيىلىرىدە بولۇپ قالسا بوسۇغىڭىزغا قەدەم قويغۇچە بەك تېز بولسا 4 - 5 كۈن، بولمىسا بىر - ئىككى هەپتە كېتىدۇ. ئاشۇ بىر - ئىككى هەپتە جەريانىدا قارشى تەرەپتىن بىر ماشىنا كېلىپ قالسا يۈرەك جىغىلدايدىغان تار يوللاردىكى ساناقسىز توساق - تەكشۈرۈشلەر، خاتا مېڭىۋېلىپ دەخلى قىلىۋاتقان هارۋا - ئۇلاغلار، هېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان ئېقىن كاتاڭلار، رىۋايەتلەردىكى كۆيقاپنى ئەسلىتىدىغان چاڭ - توزانلار جېنىڭىزنى جاق تويغۇزىدۇ.

مانا بۇ — بىزنىڭ يول.

ناۋادا سىز ناهىيىدىن يېزىلارغا، يېزىلاردىن كەنت - مەهەللىلەرگە بارماقچى بولسىڭىز، باهالاش ئېهتىياجى ئۈچۈن يوللارغا مەجبۇرى دۆۋىلىۋېتىلگەن قىغ - ئەخلەتلەر، توپا ئېلىش ئۈچۈن كولىنىپ تىندۇرۇلمىغان ئازگاللار، قالايمىقان بېسىپ قويۇلغان ياغاچ - تاشلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇلارنىڭ كاساپىتىدىن بەزىدە تېخى ئۆتەلمەي ئارقىڭىزغا قايتىپمۇ كېتىسىز.

مانا بۇ — بىزنىڭ يول.

ناۋادا سىز كوچىلارغا چىقىپ بۇ باشتىن - ئۇ باشقا ئۆتمەكچى بولسىڭىز، «بۇ يولدا مەندىن باشقا ئادەممۇ ماڭار» دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايدىغان بىكار تەلەپلەرنىڭ يولنى توسۇپ هاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتىشكەنلىرىنى؛ ۋېلىسىپىت، هارۋا، غالتەك، ياپىمچىلارنىڭ دەستىدىن پىيادىلەرنىڭمۇ تەستە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز قوشۇمىڭىزنى تۈرىسىز.

مانا بۇ — بىزنىڭ يول.

ناۋادا سىز بىرەر سودا ئۈچۈن رەستىگە كىرىپ قالسىڭىز، پۇل تېپىشتىن باشقا هېچ نەرسىنى ئويلىمايدىغان هۆپىگەرلەر سىم تارتىپ ئېسىۋەتكەن ئىشتان - پايپاقلار باش - كۆزىڭىزگە يۆگىشىپ هېچيەرنى كۆرەلمەيسىز. بىرەر هۆپىگەرنىڭ ئالدىدا تۆت ئادەم مال كۆرۈۋاتقان بولسا، يولنىڭ تارلىقىدىن ئۇلارنى يانداپ ئۆتۈپ كېتەلمەيسىز.

مانا بۇ — بىزنىڭ يول.

يول ئۆزلۈكىدىن تارلىشىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئاشۇ يولدا ماڭغۇچى ئادەملەر بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ ئۆزلىرى تارلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

يول ئۆزلۈكىدىن راۋانلىشىپ قالمايدۇ، پەقەت ئۇنى ئاشۇ يولدا ماڭغۇچىلار ئۆزىنىلا ئويلاشتىن ۋاز كېچىپ، ئورتاق نىيەتكە كېلىپ ئۆزلىرى راۋانلاشتۇرمىغۇچە، بىراۋلارنىڭ يولىنى يەنە باشقا بىراۋلار كېلىپ راۋانلاشتۇرۇپمۇ بەرمەيدۇ.

# يۈرىكىم يىغلايدۇ

( ئەسلىمە )

**ئەختەم ئۆمەر**

1

بىز، يازغان قولىيازما ئەسەرلىرىنى دەستىلەپ تىزسا ئۆزىنىڭ بويىدىن ئېگىز كېلىدىغان، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئەدەبىيات مۇنارى تىكلىگەن، ھوسۇلى ئەڭ مول، دۆلەت ئىچىدىمۇ، خەلقئارادىمۇ ئۇيغۇرنىڭ يازغۇچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان پېشۋا يازغۇچىمىزدىن ناھايىتىمۇ تۇيۇقسىز ئايرىلدۇق. ئۇنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا بولدى. بىز ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن كىتابى تەخمىنەن ئىككى يېرىم يىلغا بىردىن توغرا كەلدى. ھوسۇل كۆپىيىپ كەتسە تەمى كېتىپ قالىدىغان ۋىتامىن يېتىشمەسلىك ھادىسىسى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر ئەسىرىنى ئوقۇسا ئادەمنىڭ ئاغزىدا ئۇنتۇلماس بىر تەم قالىدۇ. ئۇ يازغان ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمەتلىرى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەردەك مۇرەككەپ ھەم ئەگرى - توقاي ئىدى. بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ قەدىناس دوستى مىجىت ناسىر ئاكا ماڭا «مەن ھەرقانداق ئادەم بىلەن بىر كۈن - يېرىم كۈن مۇڭداشسام گېپىم تۈگەپ كېتىپ جىمىپ قالىمەن. زوردۇن بىلەن ئون كۈن يالغۇز مۇڭداشساممۇ گېپىم تۈگىمەيدۇ. ئۇ ماڭا ئون كۈن گەپ قىلىپ بەرسىمۇ گېپىدىن زېرىكمەيمەن. ئۇنىڭ ھەربىر گېپىدىن بىر يېڭىلىق چىقىپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى مۇشۇ گەپنى ئۇنىڭغا دېۋىدىم، ئۆزىمۇ ھەيران قالدى» دېدى. مەنمۇ ئويلىمىغان ئىكەنمەن. زوردۇنكام بىلەن بىرگە بولغان چاغلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىلىك، غەرەزسىز، كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى، ۋۇجۇدۇم يايراپ، روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى كېيىنچە ھېس قىلىدىغان بولغانىدىم. ئۇنىڭ قىزغىن، خۇش خۇي مىجەزى، جىددىيلىك، قايغۇ، غەم - ئەندىشىلەرنى بىر چاقچاق بىلەنلا كۆتۈرۈۋېتىپ ياتسىراشلارنى تارقىتىۋېتىدىغان ئېسىل خىسلىتى يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەر بىر قۇرلىرىغا مەڭگۈلۈك روھ بولۇپ سىڭىپ كەتكەنىدى.

مۇشۇ بىر قەرىندە تەڭرىتاغ، تارىم، ئىلى ۋادىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن جۇدۇن - چاپقۇنلارنى تەڭ تارتقانىنىڭ ئۈستىگە، پۈتكۈل مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ دەردىنى قوشۇپ تارتقان پېشقەدەم سەركەردە ئەدىبلىرىمىز بىر - بىرلەپ كېتىپ سورۇنىمىز چۆلدەرەپ قالدى. سورۇندا ئاتا سۈپەت، ھۆرمەتكە لايىق ئاق ساقال ئەدىبلەرنىڭ ئورنى بوش قالدى. خەلقىمىز ئۆمرىنى تىلىگەنلەرنىڭ ئۆمرى قىسقىراپ بارماقتا ئىدى.

- تۇيۇقسىز ياشلار ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىشلار نېمانداق جىقلاپ كېتىدىغاندۇ. ساپلا ياشلار ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ زوردۇنكا، - دېدىم مەن يېرىم يىل بۇرۇن بىر كەچتە بىرگە تاماق يەۋېتىپ.

- جانغا تېگىدىغان دىشۋارچىلىقلار كۆپەيگەنچە ئۆمۈر قىسقىرايدىغان گەپ. ئايالللار

يىغلاپ ئىچىنى بوشىتالايدۇ. ئەرلەر ئىچىگە يۇتىدۇ. مانا قاراڭ ئۇكا، بىزنىڭ قورۇدا ئەرلەر نۆۋەت بىلەن كېتىۋاتىدۇ. قورۇيىمىز تول خوتۇنلار قورۇسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمدى ئەزرائىل كەلسە پېقىرنى چاقىرىدىغان يەرگە يەتتى. پات - پات ئىشىكىم چېكىلسە ئەزرائىل كەلگەن چېغى دەپ «تولا ئىشىك قاقماي كىرىپ ئالىدىغىنىڭنى ئالە ئاداش دەيمەن» دەپ گەپنى كولكە - چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋەتكەندى زوردۇنكام كۆزەينەكنىنى تۈزەپ قويۇپ.

- ئۇنداق دېمىسىلە زوردۇنكا، سىلى ئۇزاق ياشايلا تېخى. بولتۇر ئاتمىشقا توشقانلىقلىرىنى خاتىرىلىدۇق، ئەمدى خۇدا بۇيرۇسا يەتمىشكە توشقانلىرىنى خاتىرىلەيمىز.

- ياق ئۇكام، تېشىمىز گومبەزدەك بولغان بىلەن ئىچىمىزدىن كەتتۇق. بەزىدە يۈرىكىم يوقاپ كەتكەندەكلا بولۇپ تىنالماي قالسام، قېنى سەنۇي، جاننى ئالىدىغىنىڭ كەلمەمسەن بۇنداق قىينىغىچە دەپ نالە قىلىپ كېتىمەن.

- بۇنداق دېسىلە بولمايدۇ. ئۇيغۇر ئۇچۇن سىلە ياشىمىسىلا بولمايدۇ. ئۆزلىرىنى ئاسراپ، جىقراق يېزىپ بەرمىسىلە بولمايدۇ. باشقا ئىشلارنى تولا ئويلاپ كەتمىسىلە.

- مەن ئۇزاقمۇ ئۆمۈر تىلىمەيمەن. قولۇمدا تۆت توملۇق رومانىم بار. شۇنى يېزىپ پۈتتۈرۈۋالغۇچىلىكلا ياشىسام مىڭ شۈكرى. بەزىدە ئۈلگۈرەلمەسمەنمۇ دەپ ئەنسىرەپ كېتىمەن.

- ھازىر قانچىلىك قالدى؟

- ئۈچ تومىنى يېزىپ بولدۇم، يەنە بىر تومىنى تىرەجەپ كېتىۋاتىمەن.

- بىر توم دېگەننى ھەش - پەش دېگۈچە يېزىپ بولىلا. ئۇنى يېزىپ بولۇپ يەنە ياشىمىسىلا بولمايدۇ.

- يەنە ياشاپ نېمە مەززىسى قالدى بۇ دۇنيانىڭ... كېچە - كۈندۈز خۇدادىن رومانىمنى پۈتكۈزۈۋالسامىلا ئەزرائىل ئۆلۈم خېتىمنى كۆتۈرۈپ كەلسە، ئەكىلە ئاغىنە دەپلا مائاش جەدۋىلىگە قول قويغاندەك قولۇمنى قويۇپلا بۇر، ئاغىنە كەتتۇق دەپ ئالدى - كەينىمگە قارىماي كېتىۋېرىمەن. قەبرىستانلىق بىزنىڭ مەھەللىگە يېقىن، بىردەمدە بېرىۋالىمىز دەڭا

ئۇكا.

بىر يىل بۇرۇنقى چاقچاق ئارىلاش دېيىلگەن بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئاۋۇتىنى ئېلىپ ماڭغان چېغىمىزدا قۇلاق تۈۋىمدە توختىماي تەكرارلاندى.

زوردۇنكام كېچە سائەت ئىككىدىن باشلاپ قىينالغىلى تۇرغاندا ھاۋا دەسلەپ ئىنتايىن بۇلۇتلۇق، تىنجىق ئىدى. جان ئۈزەرگە يېقىن سىم - سىم يامغۇر يېغىپ سالقىنداشقا باشلىدى. ئىلى دەريا بويىنىڭ ساپ ھاۋاسىدا مانا شۇنداق يېقىملىق يامغۇرلۇق سەھەردە بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان بولغىيدىڭىز زوردۇنكا. بۇنى سىزدىن سورىماپتىكەنمەن. سىز قىينىلىپ تىنىقىڭىز توختىغانغا قەدەر يامغۇر يېغىپ ئاندىن توختىدى. يامغۇر توختىدى - يۇ، يامغۇر بولۇتى كۈن بويى تارقىماي ھاۋامۇ قايغۇ چىراي بۇلۇتلۇق بولدى.

مەن ئەسلىدە شۇ كۈنى ئەتىگەن زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ قوشنىسى ھەم يېقىن سەپدىشى ئابلىمىت سادىق ئاكىنىڭ ئايالى خالىدە خانىمنىڭ ئالدىنقى كۈنى ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلاپلا پەتىگە ماڭغانىدىم. يېرىم يولدا قادىر ئارسلاندىن زوردۇنكامنىڭ بۇندىن بىر سائەت ئىلگىرى تۈيۈقسىز قازا قىلغىنىنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. مەن كۆڭلۈمدە ئابلىمىتكامنىڭ ئۆيىدە پەتە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن زوردۇنكام بىلەن مۇڭدىشىپ چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەپ قايتىشنى پىلان قىلىپ ئۆيدىن چىققانىدىم. تونۇگۈن قوشنىسى جان ئۈزۈپ يەرلىككە قويۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلارغا تەڭ قارىشىپ پەتچىلەرنى كۈتۈشۈپ - ئۈزىتىشىپ ساق - سالامەت مېڭىپ يۈرگەن ئادەم بۈگۈن جان ئۈزسە بۇ قانداق بوپ كەتتى ئەمدى؟...

يازغۇچىلار قورۇسىغا كىرىپ ئۇ دۇنياغا تەڭ سەپەر قىلغان بىر ئىشىك قوشنىلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، خالىدە خانىمنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۈنۈگۈن ئۆزلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ بىرگە ئولتۇرغان زوردۇن سابىرنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندە توگەپ كەتكەنلىكىدىن گاڭگىراپ قېلىشقانىدى. ئىككى ئائىلىنىڭ ھازىدارلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، زوردۇنكام دېگەندەك ئاياللار ھەسرەت - نادامەتتە ھازا ئاچماقتا، يىغلىماقتا. ئەرلەر بولسا سۈكۈتتە پاتماقتا ئىدى.

بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن ئامراق چوڭ ئانام تۇگەپ كەتتى. چوڭ ئانامنىڭ تۇپراق بېشىدا ئانام ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. بۇ چاغدا مەن ئۆزۈمگە قاتتىق نەپرەتلەندىم. ئىچىمدە يىغا قاينىسىمۇ ئەمما كۆزۈمدىن بىر تامچە ياش چىقىرالماي گۇشۇيۇپ تۇردۇم. ئىچىمدە دەريا-دەريا ياش قاينىغاندەك قىلىدۇ، ئەمما كۆزۈمدە نەم يوق. بۇگۇن هازىدارلار قاتارىدا ھەممىسى بىلەن كۆرۈشۈۋىدىم، زوردۇنكامنىڭ خانىمى خەلچەم ھەدەم ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

- مانا زوردۇن، ئامراق ئىنىڭىز كەلدى، ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەيدىغان ئىنىڭىز كەلدى. تېخى تۈنۈگۈن ئاشۇ بالىنى كۆرمىدىم دېگەنىدىڭىز، مانا ئۆزى كەلدى. ئىچ-ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىققان يىغا بوغۇزۇمغا ئۇرۇلدى. زۇۋان سۇرگۇدەك ئەھۋالىم بولمىدى. ئەمما كۆزۈمدە نەم دىدارى يوق، ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقان ياش كۆزۈمگە تېپەر ئەمەس ئىدى.

- بىرسىڭلار گۆرگە چۈشۈپ يېتىپ باقساڭلار، بوپتىمۇ-بولماپتىمۇ، بولمىغان يېرى بولسا يەنە كولايمىز! قېنى قايسىڭلار چۈشىسىلەر؟- دېدى گۆركار توپا ئارىلاش تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

كىچىكىمدە بەكمۇ قورقۇنچاق ئىدىم. بولۇپمۇ قەبرىستانلىقتىن بەك قورقاتتىم. چوڭ بولغانچە بۇنداق قورقۇنچلۇق ھېسسىياتلارمۇ غايىب بوپتۇ. قاراڭغۇ گۆرنىڭ ئاغزىغا قاراپ شۇنىڭ ئىچىدە زوردۇنكامنىڭ ياتىدىغانلىقىنى ئويلاپلا، پۈتۈن تېنىم ئېرىپ ئىچ-ئىچىمدىن بىر يىغا قايناپ كەلدى. ئىچىمدىن تېلىقىۋاتىمەن، ئەمما كۆزۈم يەنىلا قۇرۇق.

- مەن چۈشۈپ يېتىپ باقاي،- دېدىم. تاش يەرلىككە سەكرەپ چۈشۈپ قاراڭغۇ گۆرنىڭ ئىچىگە بېشىمنى تىقتىم. كېيىن گۆرنىڭ ئىچىگە تولۇق كىرىپ قىبلىگە بېشىمنى قىلىپ مۇزدەك يەردە ئوڭدامغا سوزۇلۇپ ياتتىم. «سىز ياتىدىغان يەرنى ئۆلچەۋاتىمەن زوردۇنكا، سىز مەندىن ئۇزۇن ھەم بەستلىك. يەر شۇنچە تەكشى بوپتۇ. بېقىنىمغا تاش، شېغىللار پاتمىدى. يەرلىكىڭىز، تۇپرىقىڭىز شۇنداق ياخشى چىقىپتۇ. كۆزۈمدىن مۇزدەك ياش سىرغىپ چىقىپ ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى.

- يەرلىكى بەك ياخشى چىقىپتۇ. ھەم كەڭ، ھەم ئۇزۇن، پۈتى تاقاشمايدۇ. بىمالال ئولتۇرۇپ قوپقۇدەك ئازادە بوپتۇ. رەھمەت ئاكا سىزگە،- دېدىم مەن گۆركارغا.

- بىزنىڭ باشلىقنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئادەم ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ناھايىتى كاتتا ئەربابمىش. ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى جىق، ئوبدان ئىش قىلىپ بېرىپتىكەن. ھەتتا ھەرەمنىڭ پادىشاھىمۇ بۇ ئادەمنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى كاتتا مۇسۇلمان دەپ ئۆز قولى بىلەن مۇكاپاتلىغانىكەن. بۇنداق كاتتا ئەربابنىڭ ئىززىتىنى جايىدا قىلمىساق قانداق بولىدۇ. ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز كېچىچە ئۇخلىماي ئىشلىدۇق. ئادەتتە بولسا بۇنداق بالدۇر پۈتكۈزگىلى بولمايدۇ، ھەممە يەر تاش تۇرسا،- دېدى گۆركار.

- رەھمەت سىلىگە ئاكا. بەك ئوبدان ئىش قىپلا. بۇ ئادەم خۇددى سىلى دېگەندەك بىزنىڭ بەك ئېسىل ئادىمىمىز،- دېيىشتۇق ياسىن مۇخپۇل بىلەن.

- بۇ ئادەمگە بەرگەن يەرنى خېلى ئادەملەرمۇ ئالالمىغان،- دەپ قوشۇپ قويدى گۆركار.

جۈمە-پېشىن نامىزىدىن كېيىن جىنازا نامىزى ئوقۇلدى. يامغۇر بۇلۇتلىرى تارقاپ ھاۋا بىراقلا ئېچىلىپ تومۇز ئاپتىپى قايتا باشلاندى. تاتار مەسچىتىدىن باشلانغان تاۋۇت ئۇزاتقۇچىلار-نىڭ بېشى ياشلار باغچىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا تېخى ئايىغى رەتكە چۈشۈپ بولالمىغانىدى. ياشلار تاۋۇتنى مۇرىسىگە قويماستىن، ئېگىز كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىپ مېڭىشتى. ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان ماشىنىلار سېپى تاۋۇت كۆتۈرگەن پىيادە ياشلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا ئىلگىرىلىدى. بىرقانچە يەردە پېشقەدەملەر ياشلارغا تاۋۇتنى ماشىنىغا سېلىشنى ئىلتىجا قىلىشۋىدى، «ھايات ۋاقتىدا كۆتۈرۈش قولىمىزدىن كەلمىدى، ئەمدى بولسىمۇ كۆتۈرۈۋالايلى» دەپ چىرايلىق رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ ياشلار ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك يازغۇچىسىنىڭ تاۋۇتىنى مەسچىتتىن قەبرىستانلىققىچە بولغان يەتتە كىلومېتىر، بارغانچە ئېگىزلەپ ماڭىدىغان ئارىلىقنى بېسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈپ ئاپاردى. كۆزنى چېقىپ باشنى قايىنتىۋېتىدىغان كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپتا، ياشلار توختاۋسىز كەلكۈندەك دەۋرەپ ماڭدى.

- مۇشۇ يىللاردا خەلق بېشىدا كۆتۈرۈپ داغدۇغا بىلەن ئۇزاتقان ئۆلۈم مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ بولدى. تۇنجى قېتىم مەرھۇم ئابلىز مەخسۇم رەھمەتلىكنى خەلق مانا مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىققان. ئىككىنچى قېتىم مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رەھمەتلىكنىڭ ۋاپاتى مۇشۇنداق كاتتا ناماز تاپقان. ئۈچىنچى قېتىم مانا زوردۇن سابىرنى خەلق بېشىدا كۆتۈرۈپ ئۇزاتتى. خەلق جىم يۈرگىنى بىلەن كۆڭلىدە ھەممىنى بىلىدىكەن، - دېيىشتى كىشىلەر.

## 2

مەن زوردۇن سابىر ئاكىنى كۆرۈشتىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ ھەم نامىنى ئاڭلاپ بالىلىق قەلبىمدە ئۇنىڭغا چوڭ ھۆرمەت ھەم ئۆچمەس ئەقىدە باغلىغانىدىم. ئۇ يىللاردا مەن «سۇ بويىدا» رومانىنى يادلاپ يۈرگەن سەبىي كىتاب مەستانىسى بولۇپ، بالىلىق قەلبىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى يالغاندىن پەردازلاپ گۈزەل كۆرسىتىدىغان ساختىپەزلىكىدىن چەكسىز بىزار بولغانىدىم. دېھقانلار كېچە - كۈندۈز يېرىم يالىڭاچ ھاشار چېپىپ، ئېغىر ئەمگەك، ئاچارچىلىقتا ئۇماچقا تويماي كېسەل بولۇپ يىقىلىپ كېتىۋاتسا، ئەدەبىياتىمىز «ئۆي - ئۆيلەردىن تارقاۋاتقان مەززىلىك پولۇ ھىدى»، «چىلاندەك قىزىرىپ پىشقان گىردە نان» دەپ يالغان يازاتتى. «كىمنىڭ ئۆيىدىن مەززىلىك پولۇ پۇرىقى كەپتۇ»، «چىلاندەك قىزىرىپ پىشقان گىردىنى قايسى دېھقان كۆرۈپتۇ» نېمىشقا يالغاننى يازىدىغاندۇ؟! چوڭ دادام ئەترەت بويىچە ئەڭ ئىشچان دېھقان ئىدى. قىرىلغان جىنىنى ئايىماي كېچىسى ئىشلەيتتى.

- چوڭ دادا، نېمانچە بەك ئىشلەيسەن، ھېرىپ قالامسەن؟ سەن كۆتۈرگەن كەتمەننى مەن كۆتۈرۈپ بەش چامدام ماڭالمايدىكەنمەن دېسەم، چوڭ دادام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

- ھەي بالام، سەن كىچىك، بىلمەيسەن، ھارمايدىغان ئىش بولامدۇ. كۈندىن - كۈنگە جان ئاز قىلىۋاتىدۇ. كاپىراتسىيىگە ئۇماچ قەرزىم تولا. دادالڭ يالغۇز بالا بوپقالدى. پوككىدە ئۆلۈپ كەتسەم، بىرمۇنچە قەرز داداڭغا قالسا ئۇنىڭغا تارتىشىپ بېرىدىغان ئاكا - ئۇكىلىرى يوق. سىلەرنى باقامدۇ، ئۇماچ قەرزىنى تۆلەمدۇ، پۈتۈن ئەس - يادىم شۇنىڭدا.

ئەپسۇس، چوڭ دادامنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. كېچە - كۈندۈز ئېغىر ئەمگەك قىلىپ جىق نومۇر ئېلىپمۇ كاپىراتسىيىنىڭ ئۇماچ قەرزى ئېشىپ قېلىپ ئۇ دۇنياغا كەتتى. چوڭ دادامنىڭ جەمئىي 113.72 يۈەن ئۇماچ قەرزىگە ئىككى مو باغ يېرى بىلەن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىنى كاپىراتسىيە قەرزگە سۇندۇرۇپ ئېلىۋالدى. مانا شۇ ئېغىر كۈنلەردە زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ «قەرزدار» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. زوردۇنكام بىزنىڭ مەھەللىنى، دەل چوڭ دادامنى يازغاندى. مېنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نارازى بولۇپ تۇرغان سەبىي قەلبىمنى زوردۇنكام لەرزىگە سالدى. مەن ھېكايىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ مەھەللىدىكى دېھقانلارغا ئوقۇپ بەردىم. دېھقانلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ بولۇپ ئۆكسۈپ يىغلىۋېتىشتى. نەچچىسى «بۇ ئەجەب يامان ئادەمكىنا، بىزنىڭ مەھەللىگە كەلگەندەك يېزىپتۇ»، «ئەمما ھۆكۈمەت يامان، ئۇ ئادەمنى بوش قويارمۇ؟ يا بىرەر تۇغقىنى چوڭ ئەمەلدارمىدۇ. لىن بياۋنى جايلىغان ھۆكۈمەت ئۇنى بوش قويارمۇ» دېيىشكەندى.

رادىئودا ھەر كۈنى خەلق گۇڭشېسى ياخشى دەپ ناخشا توۋلاپ، كاپىراتسىيە جەننەتكە ئاپىرىدۇ دەپ سۆزلەۋاتسا، بۇ ئادەم بۇ رىۋايىتىدە «قورسىقى تويمىغان يەردە لالما ئىت جىنىدا تۇرمايدۇ، دەپ خەلق گۇڭشېسىنى، كاپىراتسىيەنى بىر پۇلغا ئەرزان، تۆت پۇلغا قىممەت قىلىۋېتىپتۇ. لىيۇ شاۋچىنى شۇنداق دېدىڭ دەپ جايلىغان ھۆكۈمەت بۇ ئادەمنى قانداق قىلار» دېگەندى بوۋايلار. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەن ئىزدىگەن، مەن سېغىنغان، خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىنى راستى بىلەن يازغان ئەدەبىياتنى مەن تۇنجى قېتىم زوردۇن سابىردىن كۆرگەنىدىم. دېمەك، ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى يالغان ئەمەس، راستى بىلەن يازسا بولمايدۇ دېگەن گەپ جان باقتىلارنىڭ قۇرۇق باھانە - سەۋەبلىرى، يازسا

يازغىلى بولىدىكەنغۇ. مەن «قەرزدار» ھېكايىسىنى تولا ئوقۇپ يادلىۋالدىم. ئاخىرى ئۇنى ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرگە يادقا سۆزلەپ بېرىدىغان بولدۇم. «ئاشۇ ئادەم بىزنىڭ تەكلىماكاندىكى يۇرتىمىزغا كېلەرمۇ، كەلسە بىر پاقلان سويۇپ ئاغزىغا ئۆز قولۇم بىلەن ياغ سېلىپ قويسام بولاتتى» دەيتتى دېھقانلار دەردى چىققاندەك بولۇپ. زوردۇنكام خەلق گۇڭشېسى، كاپىراتسىيە دېگەن تۈزۈلمىنى سۆكۈپ ئۆزۈنغا قالماي كاپىراتسىيە ئەمەلدىن قالدى. «ئۇ ئاغزىدىن سائەت چىقىدىغان ئۇلۇغ ئادەمكەن، كاپىراتسىيىنى بىر قاغاپتى، شۇنچە ئادەمنى ئۇماچ قەرزىگە بوغقان كاپىراتسىيە ئۆزىنىڭ بېشىنى يېدى. بارلىق ئۇماچ قەرزىدىن ئازاد بولدۇق. ئەمدى ئۇ ئادەم مەكىتكە كەلسە ھەر كۈنى ياغ پۇرىتىمىز» دېيىشتى دېھقانلار. ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ تىلەك تىلەككە يېتىپ، زوردۇن سابىرنىڭ ئايىغى ئاخىرى مەكىتكە قەدەم بېسىپتۇ، دېگەن خەۋەر قۇلىقىمغا يەتتى. بۇ 1983 - يىلى 7 - ئاي بولۇپ، مەن قەشقەر پارتىيە مەكتىپىگە قىسقا مۇددەتلىك ئىتتىپاق كادىرلىرى كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقانىدىم. كېيىن يەنە بىرسىدىن ئاڭلىسام ئۇ ئادەم تېخى مەكىتكە ماڭماپتۇ، مەكىتكە بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەپتۇ، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن قەشقەردىن مەكىتكە بارىدىكەن دېيىشتى. بىز بىر توپ ياشلار ئۇ ئادەمنى بىر كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىدا ئىزدەپ سۈرۈشتە قىلىپ، چۈشتىن كېيىن ئاخىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمە مېھمانخانىسىدىن ئۇنى تاپتۇق. مەكىت مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى مۇتەللىپ سىيىت ئاكىمىز زوردۇنكامنى مەكىتكە ئاپىرىش ئۈچۈن ئالاھىدە قەشقەرگە ئالدىغا كەلگەنىكەن. بىر توپ ياشلار ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا قىستىلىشىپ، تارتىنىش، جىددىيلىك ئىچىدە تەرلەپ نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ قالدۇق. مەن جىددىيلەشكىنىمدىن چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدىم. ئۇ سېمىز، قارامتۇل، كۆزەينەكلىك، قاملاشقان ئادەمكەن. ئەمما مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك يوغان، سۇرلۇك، باشقىچە ئادەم ئەمەس دەل بىزدەك ئادەتتىكىچە ئادەم ئىكەن دەپ ئويلىدىم.

- ھاي - ھوي، كېلىنڭلار يىگىتلەر. ھە مانا، مانا... ھەممىڭلار دولان يىگىتلىرىما، مەن 1979 - يىلى مەكىتكە تۇنجى بارغاندا سىلەردەك قاملاشقان بىر توپ دولان يىگىتلىرىنى كۆرمەي تۇرۇپلا، «دولان ياشلىرى» نى يېزىۋەتكەن. سىلەرنى كۆرگەن بولسامزە دولان چەۋەندازلىرى دەپ يازاركەنمەن. كېلىنڭلار، نېمىدېگەن جىق يىگىتلەر سىلەر، ياتىقىمغا پاتماي قالدىڭلار، بولمىسا بىر پەدە دولان مەشرىپى قىلىشىۋېتەركەنمىز. نەغمىنى مانا مەن ئۆزۈم قىلاتتىميا مانا ئاللاھەي... يارىم سارىخان. مەكىت شىۋىسىدە سۆزلەپ دولان مۇقامىنى كۈلكىلىك دوراپ بىر تۈۋلىۋىدى، ھەممىمىز پاراقلاپ كۈلۈپ ئارىدىكى جىددىيچىلىك، ياتسىراش، خىجىللىق يوقاپ ئۆزلىشىپ كەتتۇق.

- بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەۋەسكار ياشلار زوردۇنكا، - دەپ تونۇشتۇردى مۇتەللىپكام بىزنى.

- ماۋۇ ئورۇق، قىلتىرىقتەك بالىنىڭ ئىسمى ئەختەمجان، ياتاق دېگەن يېزىنىڭ ئىتتىپاق سېكرېتارى، مۇشۇ بالىلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بەك سىزنى كۆرۈشكە ئىشتىياق باغلىغان، سىزنى ھەممىدىن بەك تەشۋىق قىلىدىغان تەلۋە كىتابخانىڭىز. ئۆزىنىڭمۇ يېزىش ھەۋىسى كۈچلۈك.

- مەن باياتىندىن بېرى بۇ يىگىتنى كىيىمىنى سالماي مۇنچىغا چۈشكەنمىدۇ دەپ ئويلاپ كېتىۋاتىمەن، - دېدى زوردۇنكام. ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتۇق. مەن جىددىيلەشكىنىمدىن تەرلەپ كىيىملىرىم ھۆل بولۇپ، كۆڭلىكىم بەدىنىمگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى.

- تاماق يەيلى، مۇتەللىپكا، زوردۇنكامنى تاماققا باشلايلى! - دېدىم مەن.

- مەكىتلىكنىڭ ئادەتلىرى قىزىقكەن. كۆرۈشۈپلا تاماق يەيلى دەيدىكەنسىلەر، - دېدى زوردۇنكام چاقچاق قىلىپ:

- ئادەم ئۈچ ۋاخ تاماقتىن باشقا يەنە تاماق يېسە ماڭا ئوخشاش سەمرىپ كېتەمدۇ. رەھمەت سىلەرگە يىگىتلەر. ھازىر يا چۈش ئەمەس ياكى كەچ. مەن مەكىتكە كېتىۋاتىمەن، مەكىتتە تۇرغان كۈنلىرىمدە ھەر كۈنى بىرسىڭلارنىڭكىدە تاماق يېسەم خېلى ئۆزۈندا سېپىڭلارنى

تۆگەتكۈدەكمەن. پېقىرنى بوش چاغلىماڭلار. سىلەرنىڭ پۈتۈن پىشۇرغان قويۇڭلارنى ئەمەس، تۆگەڭلارنىمۇ يەپ تۈگىتىپ، سىلەر بىلەن چېلىشقا چۈشىمەن. كىمتى ھېلىقى يانتاقتىكى چېلىشچى يوغان ئادەم.

— ئابدۇكېرىم داڭ، — دېدىم مەن.

— ھە شۇ، تامدەك چېلىشچى پالۋانلارنىمۇ يېنى يەرگە تەگمىگەن چېلىشچى دەيسىلەر. مەن شۇ داڭنى يانپاشقا ئېلىپ يەرگە بىر ئۇراي دەيمەن. ھا... ھا... ھا... پېقىر مانا مۇشۇنداق ئاتىمەندە، ئابدۇكېرىم داڭنى كۆرسەم بەدەر تىكىۋېتەرمەن. زوردۇنكام قىزىقچىلىق قىلىپ بىزنى تازا كۈلدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن:

— رەھمەت سىلەرگە يىگىتلەر، مېھماندارچىلىق ئادەمنى ھاشار چاپقاندىنمۇ ھارغۇزۇۋېتىدىكەن. غۇلجىنىڭ كۆمۈر كېنىدا كۆمۈر توشۇغاندىمۇ بۇنداق ھارمىغان. قەشقەرنىڭ مېھماندارچىلىقى يامانكەن، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكۈزۈۋەتتى. خاپا بولمىساڭلار بىردەم كۆزۈمنى يۇمۇۋالسام، — بىز زوردۇنكام بىلەن خۇشال چاقچاقلىشىپ خوشلاشتۇق.

مەن قەشقەردىكى قىسقا مۇددەتلىك ئىتتىپاق كادىرلىرى كۇرسىنى تۈگىتىپ يۇرتۇم يانتاققا كەلگەندە زوردۇنكام يانتاققا كەلگىلى ھەپتە بولغانىكەن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، زوردۇنكا، يانتاققا كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز، — دېدىم مەن يېزىلىق ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ ياتىقىدا زوردۇنكام، مۇتەللىپ سېيىتلەر بىلەن كۆرۈشۈپ.

— كەلگىنىڭىز بەلەن بولدى ئەختەمجان، ماڭا يانتاقتا تاتلىق نان ياقىدىغان ناۋايخانىدىن بىرنى تېپىپ بەرسىڭىز. ھەپتىدىن بېرى ھەممە ناۋايلارنىڭ نېنىدىن بىردىن ئېلىپ يەپ باقتىم. ھەممىسىنىڭ نېنى ئاچچىق خېمىرتۇرۇچ تېتىيدۇ. ئاچچىق نان يەپ پېقىرنىڭ مەيدىسى ئېچىشىدىغان بوپ كەتتىيا، — دېدى زوردۇنكام مەكىت شىۋىسىنى دوراپ چاقچاق ئارىلاش.

— بىزگە ئۇنداق تېتىمايدۇ. بازاردىكى ناۋايلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئاغىنىلىرىم، مەن سىلىنى بازارغا باشلاپ چىقاي، قايسى ناۋاي سىلىگە يارىسا شۇنىڭغا مەخسۇس سىلى ئۈچۈن ئايرىم نان ياقتۇرۇپ بېرەي، — دېدىم مەن.

كېيىن مۇتەللىپكام يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاشخانىسىنىڭ تامىقىمۇ تازا دېگەندەك بولمىغاچقا زوردۇنكامنىڭ بىرئاز قىينىلىپ قالغانلىقىنى دېدى.

— ئەمدى خاتىرجەم بولسىلا زوردۇنكا، مەن كەلدىم. ئەمدى تاماقتىن قىينالمايلا، دېدىم مەن خىجىللىقىمنى بىلدۈرۈپ. مەن ئاۋۋال زوردۇنكامنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم ھەسەن ناۋاينىڭ ناۋايخانىسىغا ئاپىرىپ تونۇشتۇردۇم.

— راستىنى دېسەم بىزنىڭ يېزىغا ئارا كۈندە ئالتە قېتىم يۇقىرىدىن كادىر كېلىپ كېتىدۇ. كەلگەن سامان قورساقلارنىڭ بىرسىمۇ دېھقانىنىڭ پايدىسىغا بىر ئېغىز گەپ قىلماي مەشرەپ ئويناپ كېتىدىغان. بۇ، ھېلىقى دېھقانىنىڭ ئوماچ قەرزىنى بىكار قىلغان يازغۇچى ئاكىمىز بولسا قولۇم كۆكسۈمدە. بوسۇغامدىن ئاتلىسا بېشىدىن ياغاچ ئۆشتۈپ پاقلان سويۇپ مېھمان قىلىمەن. مەن ھەر كۈنى سۈت بىلەن جىگدە شەربىتىدە توقاچ يېقىپ شاگىرتىمدىن ياتىقىغا ئەۋەتىپ بېرەي. سىلىنىڭ ھېلىقى كاتتا يازغۇچى ئىكەنلىكلىرىنى بىلسە يانتاقلىقلار بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ. توخۇ سۈتىدىن باشقىسى بار. مەن بازاردىكىلەرگە سىلىنى بىر تونۇشتۇرۇۋېتىدىغان بولسام، قايسى ئاشخانا، كاۋاپخانىغا كىرسىلە سىلى يۇرتىمىزنىڭ ئەزىز مېھمىنى، — دېدى ھەسەن ناۋاي.

زوردۇنكام خۇشال بولۇپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— رەھمەت سىلىگە ئۇستام، رەھمەت، — دېدى. مەن زوردۇنكامنى بىزنىڭ ئۆيگە باشلاپ ماڭدىم. بازاردىن يىراقلاپ كېتىۋېتىپ:

— بىز كۆپ ھاللاردا خەلقنى خاتا مۆلچەرلەيدىغان ئوخشايمىز. بىر ھەپتىدىن بېرى مەن بۇ خەقنى كىتابتىن يىراق خەقمىكىن دەپتىمەن. يازغۇچىنى ھۆرمەتلەيدىغان خەقكەن بۇ.

— سىلى بەك خاتامۇ مۆلچەرلەپ كەتمىدىلە ئاكا. بىزنىڭ يۇرتنىڭ خەلقى يازغۇچى، كىتاب، ئەدەبىيات دېگەنلەرنى بەك بىلىپمۇ، چۈشىنىپمۇ كەتمەيدۇ. بۇرۇن پەقەت زۇنۇن قادىرنى

بىلەتتى. سىلىنىڭ «قەرزدار» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن سىلىنى بىلىپ كەتتى. ھەتتا بەزىلەر سىلىنى زۇنۇن قادىرى شۇكەن، ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋاپتۇ دېيىشىپ، ئۆزلىرىچە بىر ئىشلارنى پەرەز قىلىشىپ كېتىشىدۇ، — دېدىم مەن. ئۆيگە كەلسەك ئانام قىزىل بىداش چۆچۈرىسى ئېتىپ، ئەمدى قاچىلارغا ئۇسۇپ تۇرغانىكەن. ئەتىيازدا ھويلا تېمىمىز ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، تامنىڭ چالمىسى ھويلىنىڭ يېرىمىغىچە بېسىپ كەلگەنىدى. تام ئورنىغا جىگدە شوخىسى چىتلاپ قويۇپ ياشاۋاتقانىدۇق. ئانام ۋەيرانە ھويلىدىن بەكمۇ نومۇس قىلىپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى.

— ئۆي تۈتمىغاننى ئۆيگە كىرگۈزمە دەپ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئېسىل مېھماننى مۇشۇنداق تۇيۇقسىز باشلاپ كېلەمسەن، — دەپ مېنى ئەيىبلەپ كەتتى. مەن كۈلۈپ تۇرۇۋالدىم. زوردۇنكام ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىماي ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىدىكى كارىۋاتتىكى كونا كىگىزدە ئولتۇرۇۋالدى. ئانام پايپېتەك بولۇپ ئۆيدىن يېڭى تاۋار كۆرپىنى ئاچىقىپ سالدى.

— ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ دوستۇڭغا شۇنى بەر دەپتىكەن. ھازىرچە بۇ ئوت - خەسە چۆچۈرىگە ئېغىز تەگسىلە، قالغىنىنى كېيىن كۆرەرمىز، — دەپ داستىخان سېلىپ ئاشنى كەلتۈردى دادام.

زوردۇنكام دەسلەپ قىزىل بىداشنى قانداقكىن دەپ تېتىپ بېقىپ كېيىن تەرلەپ - پىشىپ ئىچىپ كەتتى.

— ۋاھ، تازا بەلەن تاماققا كەپتىمەن. ئەجەب ئوبدان نەرسىكەنغۇ بۇ. يەنە بىر چىنە ئىچسەم بولارمۇ ئۆمەر ئەپەندى؟ — دېدى زوردۇنكام. دادام، ئانام خۇشاللىقتىن «ۋاي بولمامدىغان» دېيىشىپ كەتتى.

— مانا ياندۇرمىلاپ ئىككى قاچا تاماق يېيىشىم مەشەگە كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم، بەك ياقتى، — دەپ توختىماي ماختىدى زوردۇنكام. بىز ئۇيان - بۇياننىڭ پارىڭىنى قىلىپ بولغۇچە دادام بىر قويىنى سويۇپ قازانغا سېلىپ بولدى. بازاردىكى ئاشپەز، ناۋاي ئاغىنىلىرىم بولۇپ 20 - 30 ئادەم ھويلىمىزغا يىغىلىپ بولدى. تال باراڭغا چىراغ تارتىپ يېرىم كېچىگىچە مەشرەپ ئوينىدۇق. مانا شۇ كەچتىن باشلاپ ھەر كۈنى كەچتە بىر ئۆيدە قوي سويۇپ مەشرەپ قىلىپ زوردۇنكام دولان خەلقىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. ھازىرغا قەدەر ئانام «زوردۇن سابىر بىزنىڭ ۋەيرانە ھويلىدا مېھمان بولغان» دەپ پات - پات يادلاپ قويىدۇ. بەزى كۈنلىرى مېنىڭ دېھقان ئاغىنىلىرىم مېنى بۇ «بالا كادىر» دەپ، زوردۇنكامنى ئېلىپ يىراق - يېقىن يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە ئايرىمچىلاپ ئەپقېچىپ كېتىپ، دېھقانلار بىلەن «كادىرسىز» مەشرەپ ئوينىشىپ كېتەتتى. مانا شۇندىن ئېتىبارەن زوردۇنكام مەكىتنىڭ يانتاق، تۇمەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات يېزىلىرىدا تەكلىماكاننىڭ ئەڭ ئىچكىرى توغراقلىقلىرىدىكى پادىچى، ئوۋچى، ئېتىز، خامانلاردىكى دېھقانلار ئارىسىدا خۇددى ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئىلى دەريا بويىدىكى گۈزەل ئورمانلىقلاردا يۈرگەندەك، خاتىرجەم يۈرۈۋېرىدىغان بولدى. يانتاقتىكى كۈنلىرىدە مەن يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئوسمان مۇھەممەت ئاكىغا زوردۇنكامنى ئالاھىدە تونۇشتۇردۇم.

— بۇ ئادەم بىزنىڭ كاتتا يازغۇچىمىز، بىز ئىشىمىز تولا خەقكەنمىز. سەن ياش ھەم يازغۇچىلىققا ھەۋەس قىلىدىغان ئادەم بولغاندىكىن، نەگە بارىمەن دېسە شۇ يەرگە ئاپىرىپ كۆرسەت. كاتتا يازغۇچى يۇرتىمىزدا تېنەپ قېلىپ رەنجىپ قالمىسۇن. سەن مۇشۇ ئادەم كەتكۈچە خىزمىتىدە بول. ئورنۇڭغا بىر ئادەمنى ۋاقىتلىق مەسئۇل قىلايلى. قايسى كەنتكە بارىمەن دېسە، ئات ھارۋىسى تەييار قىلىپ، بارىمەن دېگەن يېرىگە ئاپىرىڭلار، بىزنىڭ ئالىي پىكابىمىز ئات بولغاندىكىن، ئۇ ئادەممۇ توغرا چۈشىنەر، — دېدى. بۇ يېزىغا نىسبەتەن ئەڭ ئالىي كۈتۈش ئىدى. مەن خۇشاللىق بىلەن زوردۇنكامنى يېزىمىزنىڭ ھەممە كەنت، يىراق سەھرالىرىغا ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئاپاردىم. مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان جەرەندۆڭ كەنتىگە بارىدىغان كۈنى زوردۇنكام تۇيۇقسىزلا:

— ئۇكام مەن يۇرتۇڭلاردا ئىككى نەرسىنى ئالاھىدە ھېس قىلدىم. بىرى، باي ئادەم يوقكەن؛ ئىككىنچىسى، كادىردىن باشقا سېمىز، يوغان ئادەم يوقكەن، ھەممە ئادەم ئورۇق، ۋىجىككەن، — دېدى.

- يۇرتىمىزدا ياشىماق تەس زوردۇنكا. كادىردىن باشقا ئادەم قىينىپ ئۇخلىمايدۇ. بىردەم يۇت - قولىنى سوزۇپ ئارام ئالمايدۇ. كىچە - كۈندۈز ئىتىز بىلەن هاشار بىشىدا ئەمگەك قىلىدۇ،- دىدىم مەن.

- مىنى ئەك باي دىگەن دىهقاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىڭا، بىر كۆرەي،- دىدى زوردۇنكام. مەن جەرەندۆك كەنتىنىڭ شۇ چاغدىكى كەنت سىكرىتارى ئىبزىز ئاۋۇت ئاكىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن كەنت باشلىقى تۇرسۇن مامۇتنىڭ هەمراهلىقىدا جەرەندۆكنىڭ ئىچكىرى جاڭگىلىدىكى مىڭغا يىقىن چارۋىسى، ئۇچيۈز مىڭ تۇپكە يىقىن ئورمىنى بار باي ئائىلە توختى هىيىت دىگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇق. تەكلىماكاننىڭ تومۇز پەسلى تىخى يانمىغان بولۇپ، پىژغىرىم ئىسسىق ئادەمگە تونۇر يالقۇنىدەك ئۇرۇلاتتى. يۇلتۇز يايلىقىنىڭ ئىبسىل نەسلىدىن بولغان يوغان هەم سىمىز ئات ئالدىدا سۈدەك ئىقىپ، تۇتۇندەك توزۇپ تۇرغان قۇرغاق توپىنى تىزغىچە كىچىپ، تەرلەپ - هاسىراپ ئىلگىرىلەيتتى. دۆڭدىن - دۆڭگە، قۇمدىن - قۇمغا هالقىپ ئاخىرى بىر ئىگىز دۆڭدە قەدىمىي قەلئەدەك ياپىيىشىل بىر بوستانلىق يىراقتىن كۆزگە چىلىقتى.

- ئاشۇ شۇ،- دىدى تۇرسۇن مامۇت گەز باغلاپ كەتكەن ئاغزىنى تەستە ئىچىپ.

- ياۋالالا، ئاخىرى كەپتۇق - دە، بۇ جاڭگال پادىشاهىنىڭ ئوردىسىغا. مۇشۇنداق تەشنالىقتا مۇزدەك قىتىق بولغان بولسا دوزاختىن جەننەتكە كىرگەندەك هوزۇرلىناتتىم - دە،- دىدى زوردۇنكام.

- بوپقالا،- دىدى كەنت باشلىقى تۇرسۇن مامۇت.

تويىمىز، كىگىزمۇ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن سۈپىغا ئۆزىمىزنى ئاران تاشلاپ ئولگۇردۇق. قارائىغۇ هەم سالقىن ئۆيدە دەماللىققا هىچنەرسىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ئۆينىڭ سالقىنلىقىدىن جىنىمىز راهەت تاپتى. تاياقتەك ئورۇق، ئىگىز، قوش بۇرۇن، سىبرىق سىم ساقال، كۆك كۆز كەلگەن توختى هىيىت بىز بىلەن مۇلايىم كۆرۈشۈپ سۈپىدىمۇ ئولتۇرماستىن قارا يەرگە يۈكۈنۈپ قول باغلاپ ئولتۇردى.

- هەي توختىكا، بىز باشلاپ كەلگەن بۇ كىشى يۇقىرىدىن كەلگەن كادىر ئەمەس، بىزنىڭ داڭلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر. سەن قورقۇپ قول باغلاپ يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرماي ماۋۇ سۈپىدا ئولتۇر،- دىدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

- خوش، ئوبدان، هەرقايسىلىرى دىگەن كادىر. مەن سىلەردەك تەڭ دوست تارتىپ سۈپىدا ئولتۇرۇۋالسام هۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. بىئەدەپلىك قىلسام بولماس.

- سىز داق يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋالسىڭىز، بىز چوڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بولىمىز، تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن. مەن مەكتىكە كىلىپ ئىككى ئىش ناهايىتى ئاچچىقىمنى كەلتۈردى. بىرى، هەرقانداق سورۇندا كادىر سۈپىدا - كۆرپىدە، دىهقانلار توپا يەردە ئولتۇرىدىكەن؛ يەنە بىرى، مەشرەپتە مۇقامچىلار پەگادا ئولتۇرۇپ كەچكىچە نەغمە قىلىپ بەرسە، تۆردە ئولتۇرغان كادىرغا يوغان گۆش، پەگادا جاپا چەككەن مۇقامچىلارغا قۇشقاچتەك گۆش بىرىدىكەن. بۇ پەقەت قاملاشمىغان ئىشكەن. قوپۇڭ، تۇرۇپ كىتىڭ توختىكا.

- يوقسۇ تەقسىر. هەرقايسىلىرىغا بىئەدەپلىك قىلىشقا هەددىمىز ئەمەس.

توختىكام قوپقىلى ئۇنىماي يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋالدى.

- بىز تۇغۇلساق شۇنداقكەن. بۇ ئادەتنى ئۆزگەرتىش ئاسان ئەمەس.

- توختىكا، بالاڭنى مەكتەپكە ئەۋەتىۋاتقاندۇ سەن،- دىدىم مەن. چۈنكى جەرەندۆكتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بىر يېرىم يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق هاياتىمدا هەر هەپتىدە بىر قىتىم بالا قىچقارغىلى كەلسەم بۇ ئادەم مانا مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋالاتتى.

- قويە ئاكا، قورساق ئىچىپ كەتتى. قىتىق بىلەن زاغراڭنى ئاچىقە،- دىدى تۇرسۇن مامۇت.

- خوش، ئوبدان،- توختى هىيىت شۇندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كىتىپ، قارا كىردىن رەڭگىنى يوقاتقان داستىخانغا يۆگەلگەن تاۋاقنى ئەكىرىپ ئالدىمىزغا ئاچتى. داستىخاندىكى لىگەندە چاك - چاك يىرىلىپ كەتكەن تۆت - بەش زاغرا تۇراتتى.

- كىچىچە موزاي بوشىنىۋېلىپ ئانىسىنى ئېمىۋاپتىكەن. ئىنەك سۈت بەرمەي قېتىق ئۇيۇتالماپتۇ. باللار ئۇچاققا ئوت ياقتى، ھەمساتتا چاي قايناىدۇ،- دېدى توختى ھېيت.

- سۇ بولسىمۇ ئىچەيلا. قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتتۇق،- دېدى زوردۇنكام. ئالدىمىزغا ئۇچ چىنە سۇ كەلتۈرۈلدى. سۇ ئۇماچتەك لاي بولۇپ، زوردۇنكامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ بىزگە قارىدى. بىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

- مۇشۇ سۇنى ئىچەمدۇق ھوي ئۇكىلار،- دېدى زوردۇنكام.

- ئامال يوق،- دېدىم مەن.

- قاراڭ، مانا مۇشۇنداق ئىچىۋېرىمىز. تۇرسۇن مامۇت بىلەن مەن ئىچىۋەتتىم.

- ھوي، ھوي بولمىدى. بۇ قانداق گەپ بوپكەتتى. بۇنداق لاي سۇنى ئىچسە ئادەمنىڭ ئىچى لايدىن تىنىپ كەتمەمدۇ،- دېدى زوردۇنكام كۆزەينىكىنى سۈرتۈپ قايتا قاراپ.

- تەكلىماكاننىڭ قۇمى زىيان قىلمايدۇ. ئىچىۋېرىڭا زوردۇنكا.

- ياق، ياق، بىرئاز تىنسۇن. ماۋۇ نانىنى يەپ باقايچۇ. . .- زوردۇنكام ناندىن بىر چىشلەپ بىر ھازا چايناپ كۆزلىرى يەنە بايىقىدەك چەكچىيىپ كەتتى. قېقىلىپ يۆتىلىپ بولالماي بىر ئىچكەن لاي سۇنى يېرىمدىن جىقراق ئىچىپ ئاندىن توختىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەنىدى. تۇرسۇن مامۇت بىلەن ئىككىمىز كۈلۈپ تېلىقىپ كەتتۇق. زوردۇنكام بىر ھازاغىچە كۆزەينىكى ھەم كۆزىنى سۈرتۈپ كانىيىنى توختىماي قىرىپ:

- يا ئاللا، مەن ئۆمرۈمدە ئەڭ تەستە يۇتقان بىر توغرام نان بولدى بۇ،- دېدى.

- ئاكا، سىز دائىم مۇشۇنداق يىرىك ھەم ئاچچىق نان يەمسىز؟

- خوش، شۇنداق تەقسىر. ئەقلىمگە كەلگەندىن ھازىرغىچە شۇنداق.

- مىڭغا يېقىن مال چارۋا، نۇرغۇن دەرەخلەر بولغاندىكىن، بىر قىسمىنى سېتىپ بۇغداي نېنى يەڭ. ماۋۇ كىگىز ئورنىغا گىلەم سېلىڭ. بۇنداق ناننى يەۋەرسىڭىز كاناي راكى، ئاشقازان راكى بولىسىز.

- ئەل قاتارى ياشىمىساق خەقتىن ئېشىۋالساق كۇپۇرلۇق بولار تەقسىر. خەق نېمە يېسە شۇنى يېمەي مەن باي دەپ ئېشىۋالمىدۇق،- دېدى توختى ھېيت.

- بۇ نېنىڭىزدىن بىرنى ئېلىپ كەتسەم بولامدۇ؟- دېدى زوردۇنكام.

- بولىمامدىغان، ھەممىنى ئېلىپ كەتسىلىمۇ مەيلى،- دېدى توختى ھېيت.

- مەن بۇ ناننى تۆمۈر داۋامەتكە سىزنىڭ ئەڭ باي دېھقىنىڭىز يەيدىغان نان دەپ ئالغاچ كېتىمەن،- دېدى زوردۇنكام. ئۆيىنىڭ پۈتۈن تېمىغا چاپلىنىپ كەتكەن ھەر خىل تەقدىرنامىنى بىر ھازا ئوقۇدۇق. زاغرىنى زوردۇنكام يېيەلمىگەندىكىن، بىزمۇ يېمەي ئاچ قورساق ياندۇق. يانتاق بازىرىغا ئاران ئۇلگۇرۇپ تونۇر كاۋىپى يەپ ئۇھ دېدۇق. ئىسسىق ئۆتۈپ كەتتىمۇ ياكى لاي سۇ زىيان قىلدىمۇ كېچىچە زوردۇنكامنىڭ ئىچى سۈرۈپ كىرىپىك قاقماي چىقىپتۇ. بازاردىكىلەر: «ۋاي، سىلەرمۇ باي دەپ تازا پىخسىقنىڭ ئۆيىگە باشلاپسىلەر» دېيىشتى. زوردۇنكام «ئېھ، توپىلىق يول» ناملىق مەشھۇر ھېكايىسىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ ئەتىسى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ئاسما ئوكۇل بىلەن جىددىي داۋالاپ ئاندىن قېرىلار قارا ئۇجمە، شاتۇت ئەكېلىپ يېگۈزۈپ بىر كۈندىلا ساقايتىۋالدۇق. كېيىن بىلسەك، توختى ھېيت رامىزان ئېيىدا روزا تۇتماي قورساق ئاچتى دەپ بارغىنىمىز ئۈچۈن بار تېپىقنى يوق دەپ، سۈزۈك سۇ بەرمەي لاي سۇ بەرگەنىكەن. دېمىسىمۇ شۇ چاغ دەل رامىزان ئېيى ئىكەن. بۇ تەرىپىنى پەقەت ئويلاپ باقماپتۇق.

«تەكلىماكان گىرۋىكى»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «ئوۋچى»، «چوغدەك ياپراقلار»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇزۇلمەي ئېلان قىلىنىپ، زوردۇنكامنىڭ يېتىلگەن بەدىئىي كامالىتى شىنجاڭدىلا ئەمەس پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ زور تەسىر پەيدا قىلدى.

زوردۇنكامنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلار ئارىسىدا روزەك بەز، ئەلا، زىخرۇللام، مەتيا، ھاشىر، گۈلسارەلەر، يەنە ئۇنىڭ قەلىمىدە پەيدا بولغان نۇرغۇن كىشىلەر ھازا تۇتۇپ ماڭماقتا ئىدى. پۈتكۈل ھازىدارلارنىڭ قەلبىدە ئۇ يازغان تۇمەنلىگەن ئادەملەر ھازا ئاچماقتا: ئۇلار تېخى ھايات ياشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئېھ، تويپىلىق يول

(ھېكايە)

زوردۇن سابىر

**مۇھەررىردىن:** جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، داڭلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەپەندى 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

بۇ يىل 61 ياشقا قەدەم قويغان زوردۇن سابىر ئەپەندى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئايانماي تەر تۆكتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا «ئاۋرال شاماللىرى»، «ئىزدىنىش» قاتارلىق رومانلىرى، «كەچكۈز» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «دولان ياشلىرى»، «ئېھ تويپىلىق يول»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. ژۇرنىلىمىز تەھرىراتى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ، مەرھۇمنىڭ بىر پارچە ھېكايىسىنى قايتا ئېلان قىلدى.

قۇشقاچ قوندى زاغزاقتا،<br>
تورغاي قوندى ياتاقتا.<br>
يارنى سۆيسەڭ مەھكەم سۆي،<br>
ئورناپ كەتسۇن تامغاقتا.<br>
(دولان خەلق قوشىقى)

1

گۈلئايشەم قىممىتى بار ھەممىلا نېمىسىنى ـ ياشلىقىنى، ھۆسنىنى، ئار ـ نومۇسىنى... پۇلغا تېگىشىشكە رازى بولدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ غېمىنى يېگۈچىلەرنىڭ غەزىپىنى، نارازىلىقىنى، غۇرۇرىنى ئاشۇردى. ھامىسى ئېقىنۋاتقان نانەك سالپىيىپ تۇرىدىغان ئىككى مەڭزىگە تېپىپ چىققان خۇشاللىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئۆيمۇ ئۆي قاتىرىدى ۋە خىرىلداق ئاۋازى بىلەن باشقىلارنى ئەيىبلەپ، ئۆزىنى ماختاپ مۇنۇ گەپلەرنى تەكرارلىدى.

ـ ئۆزىدىن 22 ياش چوڭ بولغىنى بىلەن، نارەسىدە بالىدەك گول، يېتىمدەك ياۋاش، مالايدەك تىنىمسىز ئادەم ئۇ. مۇنداق ئەرگە چۈشۈۋالغان خوتۇنغا مۇھەببەتنىڭ لازىمى نېمە؟ ياشلار بەخت، بەخت، دېيىشىدىكەن، چىرايلىق گەپ، سېغىنىش، كۆيۈشۈش... بەختمىش.

بەخت ـ پۇل! ئاڭلىمىغانلار ئاڭلاپ قويسۇن، مەن گۈلئايشەمگە يېگەن ـ ئىچكەندەك، سوقا ـ سەندەلدەك، تۇرغۇزۇپ قويسا تىكلىمە تاغاردەك، يېتىلىسە ئۆكۈزدەك، يېسە مېۋىسى تۈگىمەس دەرەختەك ئەر تاپتىم. 70 مىڭ كوي پۇلى بار، تەرەپ ـ تەرەپكە يولى بار، خام تاسمىدەك قولى بار، ئىككى قىز، تۆت ئوغلى بار، ئىككى قوتان قويى بار، ياغاچ ـ ئورمان بېغى بار، نەچچە يۈز مو يېرى بار، يۈزى تۈتۈق، قولى ئوچۇق، تويغىمۇ يالاڭ ئاياغ بارىدىغان، يىغىنلارغا زاغرا تۈگۈپ ماڭىدىغان گول ئەرگە تەگكەن ئايال بەختسىز بولامدىكەن؟ بىلىپ قويۇڭلار، گۈلئايشەمنىڭ بەختى ئېچىلدى!

ئاچچىق كاساڭ قورايىنىڭمۇ چىرايلىق گۈلى بولىدۇ. ۋات ـ ۋات ئاياللىنىڭمۇ چىرايلىق تەسەللىسى بار ئىكەن:

ـ كۆڭلۈڭنى بۇزما، ـ دېدى ئۇ تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا سىڭايان تۇرۇۋېلىپ ئىچىدە ياشلىقى ۋە گۈزەللىكى بىلەن خوشلىشىۋاتقان مىسكىن چىراي گۈلئايشەمنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ـ ياشلىق ئۆلمەيدۇ. مۇھەببەت قېرىمايدۇ. قېرىغا تەگكەنگە كۆل بولۇپ تۇزۇيدىغان ئىش بولسا، مەن تۇزىماسمىدىم. قېرى ئۆلدى، دۆلىتى قالدى. بەخت تاپتىم. كۆڭۈل بىلەن بەختلىك

بولىدىغان بولسا، مەن 17 قېتىم بەختلىك بولار ئىدىم. نەدىكىنى؟ دىلىمغا 17 قاداق چۈشتى. سىڭلىڭ بۇ بوۋىيىڭنى خەقلەر روزەك بەز دەيدىكەن. ئۇ بەز بولسا سەن مۇشۇك بول قىزىم. ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىق. بىر يىلغىچە ئۆلسە ھېچ بولمىسا بانكىدىكى 70 مىڭ كويىنىڭ يېرىمى سىڭلىڭ. ئۆلمىسىچۇ؟ ئون مىڭ كويلۇق چەكتىن بىرىنلا ئېلىۋالساڭ بولدى، قالغان بەختىڭگە مەن كېپىل!

مەڭزى سالپاڭ، ئاغزى كەمشۈك ۋات - ۋات موماي قاڭسىق گەپلىرى بىلەن گۈلئايشەمنىڭ چىرايىدىكى مىسكىنلىك ئورنىغا خۇشلۇق ئېلىپ كەلدى. ئەمدىلا 30 دىن ھالقىغان قىران جۈۋان ئەمدى بوۋايغا ئايال بولىدىغانلىقىنى تامامەن ئۇنتۇدى - دە، بولغۇسى دۆلەت، يەنى پۇل، خوجايىن بولۇش ئارزۇسى ئۇنى مەست قىلىشقا باشلىدى. ئۇ شۇ مەستلىكنىڭ كۈچى بىلەن بۇگۈن دىندارلىشىدىغان لايىقىنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن گۈزەل چىراي ۋە ئەۋرىشىم سۇمباتىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. . .

ئۇ پەدازدىن كېيىن ھاممىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى

- بوپتىمەنمۇ، ھاما؟

- گۈلدەك ئېچىلىپسەن قىزىم. جەننەتنىڭ ھۆرلىرى بىكار قالسۇن ئالدىڭدا، مەن روزەك بەزگە خەۋەر قىلاي، بۇگۈنلا توي خېتى ئېلىڭلار!

ھاممىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گۈلئايشەمنىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى. مۇشۇ ھۆسنى بىلەن كۆرۈمسىز، بىلىمسىز، ئەڭ يامىنى مۇھەببەتسىز؛ ئالتە بالا ۋە كېلىن - نەۋرىسى بار قوپال دېھقانغا ئايال بولىدۇ. ئۇنىڭ پۇل ۋە دۆلىتىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن ئار - نومۇس، ۋىجدانىنىمۇ ساتىدۇ. ئۇ نىمىلا بولمىسۇن 7 - سىنىپنى تۈگەتكەن. خېلى جىق رومانلارنى ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان تونۇش - بىلىش، دوستلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەن، بىرىنچى ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي، خورلۇق تارتقىنى ئۈچۈن، ئۆزىگە ئىش - پەش تارتقان نورغۇن يىگىتلەرگە قاپاق ئاچمىغان، سەۋر - تاقەت ۋە يوقسۇزچىلىقتا كۆڭگەن ئايال تۇرۇپ، يەنە نىمىشقا پۇلغا ئۆزىنى ئاتتى؟ ھاممىسى ئازدۇردىمۇ؟ ھېلىھەم بولسىمۇ يېنىۋالسا بولىدىغۇ؟ شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قولىغا نۇرغۇن پۇل تۇتقان نادان دېھقان كەلدى - دە، تىزىق - تىزىق پۇل ئۇنى يەنە قىزىقتۇردى: 70 - 80 مىڭ كوي نەق پۇلى بارمىش، يەنە ئۇلار ياڭاق ئاپاغ يۇرەرمىش، تامىقى زاغرا بىلەن قېتىقمىش. پۇل تېپىشنى بىلەرمىش، خەجلەشنى ئۇقمايمىش. مېنىڭ ۋەزىپەم پۇل خەجلەش، پاھ، بۇنداق ئوبدان ئىشقا كىم يوگۇرمىسۇن، ئۇ شۇلارنى ئويلىدى - دە، بۇ قېتىم ئالدىنقى نىكاھىنىڭ تەتۈرىسىنى قىلماقچى بولدى. ئۇ قېتىم كۆڭلى، ۋىجدانى ئۇنى باشقۇرغان، لېكىن ئۇ خورلانغان، بۇگۈنچۇ؟ كۆڭلى، ۋىجدانى ئۇنى ئەيىبلىمەكتە، لېكىن ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنى نىمىلا بولمىسۇن تەۋەككۈل قىلىپ نەپسىگە تاپشۇردى. . .

ھويلا ئىشىكى غىچىرلىدى، گۈلئايشەمنىڭ يۈرىكى جىغىلدىدى. ئۇ نىمىلا بولمىسۇن تويى بولىدىغان ئايال - دە، ئۇ ھاياجانلاندى، تەمتىرىدى. ئۆينىڭ زەدىۋالىرىنى تۈزەشتۈردى، سۆيىغا تاۋار يېكەنداز سالدى ۋە يۈزىنى ئالقىنى بىلەن سىيپىدى.

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئۆيگە شىپىلداپ بىر ئەر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە تاپىسدىلا زوڭزايدى. گۈلئايشەمنىڭ تېنى شۈركەندى. ئۇ كىرگۈچىگە قارىدى. ئاياللىڭ كۆزىگە ئەڭ ئاۋۋال دېھقانىنىڭ كىرلەشكەن شاپاق دوپپىسى، تەردىن قېتىشقان ئاق يەكتەكنىڭ سىرتىدىن باغلىغان يېشىل تاۋار بەلۋېغى، قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان بىر جۈپ كونا كالىچى چۈشتى. گۈلئايشەم ئىختىيارسىز ھالدا:

- سىلى، سىلى، ھاممامنى ئىزلەپ كەللىمۇ؟- دەپ سورىدى.

- يوقسۇ،- دېدى دېھقان يېرىم قوزغىلىپ بىر ئالقىنىدا چاڭ باسقان گەدىنىنى سىلاپ قويۇپ،- گۈلئايشەم دېگەن چوكان بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم!- ئۇ ساپسېرىق شالاڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى. گۈلئايشەم ئۆزى پەرەز قىلغىنىدىن نەچچە ھەسسە كۆرۈمسىز ئادەمنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كەينىگە داجىدى، مانا مۇشۇ ئادەم ئەمدى ئۇنىڭ ئېرى بولىدۇ. بۇ

ئەلۋەتتە ئالدىنقى ئېرىنىڭ دەسسەشلىرى، خورلاشلىرىدىنمۇ بەتتەر ئىش، لېكىن مۇشۇ كۆرۈمسىز گەۋدە ئۇنى بەختلىك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ پۇلدار. گۈلئايشەم ئۆزىنى نەپسىگە تاپشۇرغانىكەن، ئەلۋەتتە بۇ ئادەمگە ئوچۇق چىراي، خۇش مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك.

— سۆيىنغا چىقىسىلا، يېكەندازغا! مەن گۈلئايشەم...

دېھقان ئەندىككەندەك قىلىپ گۈلئايشەمگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يانغاندەك، لەۋلىرى تىترىگەندەك بولدى - دە، ئايالغا تىكىلىپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولتۇقىدىن كالىچى چۈشۈپ كەتتى. گۈلئايشەم تۇيۇقسىزلا خۇددى تۇغۇپ بولغان مېكىياندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— خېنىم، بالىكەنلا، بەك چىرايلىقكەنلا، بىزدەك دېھقانغا ئاش بولالامۇ؟ — گۈلئايشەمنىڭ كۈلكىسى توگىگەندىن كېيىن رۇزەك بەز ئايالدىن سورىدى.

— خەق سىلىنى بەز دەيدىكەن، ماشىمۇ بەزلىك قىلالامۇ؟

— تويىدىن پۇل تاپىدىغان خەق بەز بولمىسا بېيىيالمايدۇ خېنىم!

— سىقىپ سىقىمدىن چىققىنىنى يالا دېسىلە، سىلىگە ئاش بولمايمەن، ھەممە گەپنى ھامام ئېيتقاندۇ، ھاممامنىڭ دېگىنىگە كۆنسىلە مەنمۇ سىلىنى قىرى كۆرمەيمەن!

— كۆنگەچكە ئالدىلىرىدا يوكۇنۇپ ئولتۇرغاندىمەن خېنىم!

گۈلئايشەم رۇزەك بەزنىڭ يالاڭ ئاياغ، توگە تاپىنىدەك پۇتلىرىغا، چاڭ باسقان يۇڭلۇق مەيدىسىگە، كىچىك، ئورۇق يۈزىگە ياراشمىغان كەكە ساقىلى بىلەن ئىنچىكە بۇرۇتىغا، تەر تەپچىرەپ تۇرغان قىگراقتەك بۇرنىغا، ئۇرا كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى، بۇرتىدىن باشقا بۇ گەۋدىدە گۈلئايشەمگە ياققۇدەك ھېچنېمە تېپىلمىدى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە:

— تويىنى چوڭ قىلالا؟ — دېدى.

— جۇۋان تويى بولغاندىكىن چېغىدا بولار!

— مەن ئىتىزدا ئىشلىيەلمىسەمچۇ؟

— ئالتە بالىغا ئانا بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بېرەلا!

— زېرىكسەمچۇ؟

— زېرىكسىلە ئىش قىلالا.

— قانداق ئىش؟

— كالا ساغىلا، سۈت پىشۇرىلا، يۇڭ تىتىلا، شوينا ئېشىلا، ياماق ياماپلا، توخۇم يىغىلا، ئوتياش ئوتايلا، ئوغۇت يىغىلا، ۋاي - ۋوي چىدىسىلا مىڭ خىل ئىش بار.

— ۋاي ئانام، ئاۋۋالقى ئاياللىرىنى ئىشلىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشىمامىلا؟

— بالىلىرىغا قىسىنىپ، ئاچ يۈرۈپ كېسەل تاپتى. ھازىر بولغان بولسا ئۆلمەيتتى.

— ئۆلۈپ كەتكىلى نەچچە يىل بولدى؟

— سەككىز يىل ئىككى ئاي.

— بالىلار ئۆگەيلىسە قانداق قىلىمەن؟

— بالىلار كالىنى ئانا دېگۈدەك بولدى. ئۆگەيلەمدۇ؟ ماڭا ئايال بولمىسىمۇ بولۇۋېرەتتى، بالىلارغا ئانا بولمىسا بولمايدىكەن.

— بالىلارنى باشقۇرامدىمەن؟

— شۇنداق.

— پۇلنىچۇ؟

— بانكا باشقۇرىدۇ.

— چەكنىچۇ؟

— ساندۇق.

— ئاچقۇچنى كىم تۇتىدۇ، ئانىمۇ، ئاتىمۇ، بالىمۇ؟

— كېيىن بىلىلا.

— دېمىسىلە توي خېتى ئالغىلى بارمايمەن.

— ئۇنداق بولسا يېپىق قازان دۈملەگلىك پېتى قالسۇن!

رۇزەك بەز ئورنىدىن تۇردى. گۈلئايشەم چۆچۈپ ئالدىنى توردى:

— چاقچاق، چاقچاق قىلغاننىمۇ بىلمەملا؟

ئەتىسى ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى. ئۇلار ئۆيگە كەتمەكچى بولۇپ پىيادە يولغا چىقتى. گوڭشې بازىرىدا رۇزەك بەز گۈلئايشەمنى بەش موچەنلىك لەگمەن بىلەن مېھمان قىلدى. گۈلئايشەم خاپا بولۇپ قالدى. ئۇلار يولغا چىققاندا گۈلئايشەم ئوشۇقچە توپىغا پاتتى. ئۇ پۇتىنى قېقىپ نارازى بولۇپ:

— گولدەك جۇۋاننى 50 كوي خەجلەپ ئېلىۋالا. يەنە گەپ قىلمىسام پىيادە ئېلىپ كېتىۋاتىلىغۇ؟ — دېدى.

- ھارۋا كىرا قىلاي دېسەم نومۇس قىلىدىكەنمەن خېنىم، توپىدىن قورقمىسىلا، مانا ماڭا ئوخشاش يالاڭ ئاياغ ماڭسىلا! - ئۇ توپا ئىچىدىكى پۇتىنى كۆرسەتتى.

- خورلۇق! - دەپ ئويلىدى گۈلئايشەم توپىلىق يولدا ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي بىلەن قىينىلىپ كېتىۋېتىپ، - سەۋر قىلاي، ئون مىڭ كويلۇق چەكتىن بىرىلا قولۇمغا چۈشسە، سېنىڭ ئۆيۈڭدە باغلاپ قويساڭمۇ تۇرمايمەن. . .

## 2

تۈن، تىنجىق ئۆي.

ئون ئىككى پارچە تىكمەت سېلىنغان سۇپىدا سامان تەكىيە، چىت كۆرپىلەر ئۈستىدە گۈلئايشەم يالغۇز ياتماقتا. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى تۈڭلۈككە قادالغان. كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن بەش تال يۇلتۇز كۆرۈندى. قاراڭغۇ باغدىن كاككۇك ئاۋازى، يېقىنلا يەرلەردىن قويلارنىڭ مەرەشلىرى، ئىتلارنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلانماقتا. يوغان ئۆينىڭ تۆت تېمى ۋە كىرلەشكەن زەدىۋاللىرى شام يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇرغاچقا، ئۆيمۇ خۇددى تالادەك قورقۇنچلۇق. «ھەممىلا نېمىسى كۆڭلىدەك قارا، - دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، - بىرىنچى توي ئاخشىمى ياش ئايالىنى گۈندىخانىسىغا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ بىر چىشقاق قوزا ئۈچۈن پۈتۈن بالا - ۋاقىسى بىلەن چۆلگە چىقىپ كەتكەن ئادەمدىن نېمىمۇ ئۈندۈرۈۋالارمەن. ھەي بەختسىزلىك، بۇ ئەرنىڭ ماڭا كەلتۈرىدىغان راھەت - پاراغىتىدىن ئەزىمەتنىڭ تاياق - دۇمباسى مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ كېتىش كېرەك، تېزرەك قېچىش كېرەك. . . »

لېكىن ئۇنىڭ كۆزى كات ئۈستىدىكى تېرىلەر ئاستىدا توپا بېسىپ ياتقان قارا ساندۇقتا چۈشۈش بىلەن يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۈگۈن كۆرگەنلىرى: روزەك بەزنىڭ بۈك دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئىككى قورۇ - جايى، چېتىگە كۆز يەتمەس ئورمانلىرى، قويلىرى، كەڭ ئېتىزلىرىدىكى كېۋەز، بۇغداي، قوغۇن - ئوتياشلىرى، توخۇ - تۇمان، يۈك - تېرە، ياغاچ - تاش؛ كىر كىيىملەرنى كىيىشىپ ئەمگەكتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ساددا باللىرى، يەردىن ئۈستۈن قارىمايدىغان بوستان چاچ كېلىنى، خۇمار كۆز، قوشۇما قاش، مىسكىن كۈيلەرگە نەي چالىدىغان قويچىسى. . . بىرمۇ بىر كەلدى. ئاشۇ كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئاۋۇ توپا بېسىپ ياتقان ساندۇقنى پۇلغا تولدۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلار، مانا شۇ بايلىققا خوجايىن بولۇشنى خالىماي قېچىش ئەخمەقلىق بولماسمۇ؟ لېكىن ھېلىقى يىرگىنچلىك بوۋاي ھازىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ، بۇ خورلۇققا ئۇنىڭ يۈرىكى چىدارمۇ؟ «ئىلاھىم ھېلىقى قوزىسى بىلەن ئۆزىمۇ يوقالسىدى. مەن ئۇنىڭسىز خوجايىن بولسام قانداق ياخشى - ھە! »

تۈڭلۈكتىن كۆرۈنگەن يۇلتۇزلارنى بىر پارچە كۈل رەڭ بۇلۇت كېلىپ توسۇۋالدى. بۇلۇت بىردىنلا شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ئادەم سۈرىتىگە ئوخشاپ قالدى. بۇ ئادەم ئورۇق، يىرگىنچلىك روزەك بەزنىڭ ئەينەن ئۆزى ئىدى. گۈلئايشەمنىڭ تېنى شۈركەندى - دە، تۆۋەندىكى مەنزىرە خىيالىدىن چاقماقتەك ئۆتتى. ئۇزۇن خەسە كۆڭلەك، تامبال كىيگەن ئادەم شامنى پۈدەپ ئۆچۈردى - دە، گۈلئايشەم ياتقان يەرگە كەلدى. ئۇ گۈلئايشەمنىڭ يېنىغا قىيسايدى. گۈلئايشەمنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئەرنىڭ يىرىك قولى ئۇنىڭ بىلىكىگە تەگكەندە، گۈلئايشەم ئىختىيارسىز: «ئەزىمەت! » دەپ ۋارقىرىۋەتتى. روزەك بەز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ شامنى ياندۇردى ۋە زورىغا كۈلۈمسىرەپ:

- قورقۇتۇپ قويدۇمما؟ - دېدى.

گۈلئايشەم شۈمشىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ تامدەك تاتىرىپ ئۇنىڭغا يېلىندى.

- ماڭا يېقىن كەلمىسىلە، ئۆتۈنەي!

ھويلا ئىشىكى قېقىلدى. روزەك كىردى - دە، گۈلئايشەمگە قاراپ كۈلۈپ:

- ھېلى كېلىمەن، قوزا كەلمەپتۇ، تېپىپ كېلەيلى! - دېدى.

گۈلئايشەم تۈڭلۈككە قارىدى، ئادەم سۈرەتلىك بۇلۇت يوق، يۇلتۇزلار كۈلمەكتە: بىرىنىڭ ئايالى بولمەنۇ، يىرگىنىمەن؛ يەنە بىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلىنىمەنۇ، سېغىنىمەن! ئەزىمەت، سەن مېنىڭ ھاياتىمدا راستىلا ئۆچمەس يۇلتۇزمىسەن - ھە؟ گۈلئايشەم

شۇنداق ئويلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ ھەم شېرىن، ھەم ئاچچىق، ياشلىق - گۆدەكلىك خاتىرىلىرى كىنو لېنتىسىدەك بىرمۇ بىر ئالدىدىن ئۆتتى. . .

بۇدرۇق پاقلاندەك شوخ، بوۋاقتەك غەمسىز، سۈزۈك كورلا نەشپۈتىدەك چۈرۈك، ئەتراپىتىكى ھەممىلا نېمە گۈزەل ۋە قىزىقارلىق بىلىنىدىغان 16 ياشقا تولغان چېغىدا ئۇنى تۇنجى مۇھەببەت مەستى قىلدى. ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ نەسىھەت ۋە تەھدىت قىلغان ئاتا - ئانىسىنى، ئىستىقبال ۋە بەخت ۋەدە قىلغان مەكتىپىنى چۆرۈۋېتىپ، تراكتورچى يىگىت بىلەن قاچتى. يىگىتنىڭ ئويناق كۆزلىرى بىلەن بۇدرۇق چاچلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن گۈزەل، قىممەتلىك، بىلىمسىز يىگىتنىڭ قوپال چاقچاق، بىھايا ناخشىلىرى ئۇنىڭغا مەكىت قوغۇنىدەك لەززەتلىك بىلىندى. ئۇ مۇرادىغا يەتتى. تويدىن كېيىن بىر پارچە كىگىز، بىر يوتقان - كۆرپە بىلەن ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى بەخت ئىگىسى، غالىب - ئۇستۇن ھېسابلىدى. چىرايلىق ئەر ئۇنىڭ ھاياتى، ئائىلە ئۇنىڭ بەختى بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ئەر ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە، ئائىلە ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا رازى بولدى. توپىغا مىلىنىپ ئېتىزدا ئىشلىدى. قىغ - كۆكۈمغا سۈركىلىپ قوي بودىدى. باشقىلار: «تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭ» دەپ كۆزگە ئىلمىغان ئۆيگە گىلەم سالدى. رادىئو ئالدى. ئېرىنىڭ مېھمانلىرى ئۈچۈن ئوتتا كاۋاپ، ھالى خاراب بولسىمۇ زارلانماستىن خۇش بولدى. ئېرى تراكتورنى تاشلاپ سۇ ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىگەن يىلى گۈلئايشەم ئوغۇل تۇغدى. بۇدرۇق ئوغلى گۈلئايشەمنىڭ ھاياتىغا تېخىمۇ چوڭ قەدىر - قىممەت تەقدىم قىلدى. ئۇ ئەمدى باياشات، غەمسىز ياشاپ، باللىرىنى قاتارغا قوشۇشقا چىن ئىخلاس بىلەن ئىشەندى. . .

لېكىن ھايات توختام سۇ ئەمەسكەن، يالغانچى كۈنلەر، ئالدامچى يىللارمۇ بولىدىكەن، ھەتتا تۇيۇقسىز مۆلدۈر يېغىپ، بوران چىققاندەك بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكەن. بىر كۈنى دوستلىرىدىن ئېرىنىڭ بىر قىزنى ماشىنىغا سېلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكىنىنى ئاڭلىدى. ئېرى كەلگەندە سۈرۈشتۈرگىنى ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئېرىدىن تۇنجى قېتىم قاتتىق تاياق يېدى. گۈلئايشەم يەنە گۇناھنى ئۆزىگە قويدى. بالا، ئۆي بىلەن بولۇپ كېتىپ ئەرنى رازى قىلالمىدىم، ئۆزۈمنى تاشلىۋەتتىم. ئەزىمەتنىڭ مەندىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن يەرلىرى بار بولغاچقا تالاغا قارىغان، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەمدى كۆپرەك جاپا تارتسىمۇ، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنى ياساشقا، ئېرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇش، ئويۇنلارغا بېرىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ بەكرەك رەنجىش تاپتى: ئېرى ئۇنىڭ كۆزىچىلا باشقا قىزلار بىلەن تانسا ئوينايدىغان، ئېرىنىڭ ئويناق كۆزلىرى بىلەن بۇدۇر چاچلىرى باشقا قىزلارغا ھۇزۇر - ھالاۋەت بېرىدىغان، ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى ئۇلغايتىدىغان بولۇپ قالدى. گۈلئايشەم روھىي خورلىنىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستلىرىغا ھال ئېيتىدىغان، دوستلىرىنىڭكىدە قونۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كەلدى -دە، بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك قاتتىق ۋارقىرىدى: ئېرى بىر ئايال بىلەن كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتاتتى. . .

شۇندىن كېيىن گۈلئايشەم قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان، ئولتۇرغان يېرىدە سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان، كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مانا شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھاياتىدا مۆلدۈرلۈك بوران تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. بالىسى تۇيۇقسىزلا ۋاپات بولدى. گۈلئايشەم بالىسىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ نەچچە كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى، لېكىن ئۇ تارتقۇلۇقا ئۆلمىدى. بالا كۆيۈكى، ئەرنىڭ زۇلمى ئۇنى ۋاقىتسىز قېرىتىپ، 20 نەچچە يېشىدىلا يۈزىگە قورۇق، داغ چۈشتى.

بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئېرى ئۇنى تېخىمۇ خورلىدى: ئۇردى، تاشلىدى. بىر كۈنى ئۇ ئېرىنىڭ ئايىغىغا يامىشىپ يالۋۇرۇپ: «ئۇر، تىللا، قول قىل، لېكىن سىرتقا قارىما!»- دېدى. ئېرى ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ گۈلئايشەمنىڭ قۇلىقىغا دەسسىدى. قولاق ۋە بۇرۇنلىرىدىن قان چىقىپ تۇرغان گۈلئايشەمنى ھامىسى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

«ھوي ئەزىمەت، سەن مېنىڭ ھاياتىمدىكى يۇلتۇزمۇ؟ مەن سېنى كۆرمىگىلى ئۈچ - تۆت يىل بولدى. تايىقنىڭ، تىل - ئاھانىتىنىڭ ئۇنتۇلدى. نېمىشقا كۆزلىرىڭ بىلەن بۇدۇر چاچلىرىڭ ئۇنتۇلمىدى؟ نېمىشقا يەنە نامىڭنى تىلغا ئالىمەن. نېمىشقا سېنى چىللايمەن!» گۈلئايشەم پىچىرلاپ ئۇخلاپ قالدى.

گۈلئايشەم ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئويغاندى: تاڭ ئېتىپتۇ. ھويلىدا باللار ۋارقىراشماقتا. ئۆزىدىن نېرىدا سامان تەكيىگە بېشىنى قويۇپ، چەكمەن يەكتەكنى غېرىبچە يېپىنىپ روزەك بەز يېتىپتۇ. گۈلئايشەم ئورنىدىن تۇرۇۋىدى:

- ئويدان ئۇخلىدىڭلىمۇ؟- دېدى روزەك كۈلۈپ تۇرۇپ.

- قوزا بارمىكەن؟

- تاپتۇق.

- بىر قوزىنى دەپ ھەممىڭلار باياۋانغا چاپتىڭلىمۇ؟

- كۆزگە بېرىۋالسا 60 - 70 كويلۇق قوي دېسىلە!- دېدى روزەك ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ،- تۇرسىلا خېنىم، ھېلى باللار سالام بەرگىلى كىرىدۇ.

گۈلئايشەم ھېچنەدە كۆرمىگەن ھۆرمەتنى بۇ ئۆيدە كۆردى: ئالتە بالا، بىر كېلىن ئۇنى «ئانا» دېيىشتى. گۈلئايشەم نومۇس قىلىپ، روزەككە:

- ھېچ بولمىسا چوڭ ئوغۇل بىلەن كېلىن ئاچا دېسۇن، ئانىسى نېمىسى،- دەپ پىچىرلىدى.

«ئانا» ئېغىزدىكىلا گەپ ئەمەسكەن، باللار ۋە ئەرنىڭ ھۆرمىتىمۇ يېتەرلىك بولدى: بىرىنچى كۈنىلا ئۇنىڭ ئالدىغا قاتلىما، قايماق، پىششىق تۇخۇملار قويۇلدى. باشقىلار بولسا زاغرا بىلەن غىزالىنىپ ئىشلىرىغا كېتىشتى. چۈشكىچە گۈلئايشەم باغ، ھويلا - ئاراملارنى يەنە ئارىلىدى. باغ ئۇنىڭ زوقىنى تارتتى. ئۇ يەردە قويۇق تېرەكلەرنىڭ سايىسى، مەي باغلاپ پىشقان شىرنىلىك چىقىر ئۈجمە، جىگدىلەرنىڭ پۇرىقى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى كۆڭۈلگە ئارام، بولۇپمۇ نۇرغۇن ۋاقىتنى ھاممىسىنىڭ تار ئۆيىدە خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەن مىسكىن ئايال ئۈچۈن بۇنداق سالقىن، ھاۋالىق باغ جانغا راھەت تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇسى، دەرەخلەرگە ياماشقۇسى، باغلاقتىن بوشانغان موزايدەك قىيغىتقۇسى كەلدى. ئۇ باغدا يالغۇز يۈرۈپ يۇمران جىگدە كۆچەتلىرى ئارىسىدىن بىردەمدىلا 50 - 60 تۇخۇم يىغىۋالدى. ئىچ پۇشۇقىدا باغنىڭ نېرىسىغىچە بېرىپ يىراقتىنكى مەھەللىگە، كېۋەزلىكتە كەتمىنىنى يالت - يۇلت قىلىپ ئىشلەۋاتقان باللارغا زوقمەنلىك بىلەن قارىدى...

چۈشتە ئۇ باللارنى پىششىق تۇخۇم بىلەن مېھمان قىلدى. قارا قۇمچاق كېلىن ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ پىچىرلىدى:

- ئاتام ئۇقسا تە بولىدۇ. ھەر ئالتە كۈندە 500 تۇخۇم ساتىمىز، تۇخۇم پۇلى 100 كوي، كېمىسە بوۋاي خاپا سالىدۇ ئانا!

- يەنە نېمە ساتىسىلەر؟

- كۆكتات، ئۆرۈك، ئۆردەك، بېلىق، ياغاچ، ئارىلاپ قوي، گۆش، سۈت، قايماقمۇ ساتىمىز.

- يەكشەنبە بازاردا قانچىلىك پۇلغا ئىشلەيسىلەر؟

- كۆپ بولغاندا بەش - ئالتە يۈز كوي، بولمىسا ئۈچ - تۆت يۈز كويلۇق نەرسە ساتىمىز، ئانا.

- پۇلنى سىلى تۇتاملا؟

- ياق، ھېسابىنى مەن چىقىرىمەن، پۇلنى ئاتام ئۆزى ساندۇققا سالىدۇ، ئۈچ - تۆت ئايدا بىر قېتىم بانكىچى كېلىپ پۇللارنى ئېلىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ بالىنىڭ دادىسى بىللە بېرىپ چەك ئەكىلىدۇ.

- ئۇقتىلىمۇ، دادىلىرى پۇل يىغىپ نېمە قىلىدىكەن؟

- تازا بىلەلمىدىم ئانا، مەن قوغۇنلۇققا باراي. قوغۇنلار بۇ يىل بەلەن ئوخشىدى. قوغۇن پىشقاندا ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ يۈز كويلۇق كىرىم بولىدۇ.

- يەنىچۇ؟

- كۈزلۈككە كېۋەز پىشقاندا نەچچە مىڭ كويلاپ پۇل كىرىدۇ.

- يەنە پۇل كىرىدىغان قانداق چاغلار بار.

- ئەتىيازدا باققان قويلارنى ساتقاندا، يازدا ھۆكۈمەتكە بۇغداي ئۆتكۈزگەندە، ھە راستلا ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بىزنىڭ بالىنىڭ دادىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دېيىشىچە، 1000 تال جەگە ياغاچ سېتىلىپتۇ. يېقىندا ياغاچ كېسىدىغانلار كېلەرمىش.

- بىر تال جەگە نەچچە كوي؟

- كەم بولسا ئالتە - يەتتە كوي، بولمىسا ئون كوي.

- ۋاي ئاتام! - دېدى گۈلئايشەم پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ، - پۇل دېگەننى كۈچىنىڭ تۈپىسىدەك ئۆسىدىغان گەپكەنغۇ!

ئۇ شۇنچە پۇللۇق ئائىلىنىڭ ئەزاسى، ياق، ئەزاسى ئەمەس، خوجايىنى، ئۇ ئەلۋەتتە خوشال بولۇشى، ھاممىسىنىڭ ئۆيىدە بىر كوي ئۈچۈن چىراي سارغايتقان كۈنلىرىنى ئۇنتۇشى، بوۋاينى ياخشى گەپ بىلەن ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىشكە، پۈتۈن ئائىلىنىڭ كىرىم - چىقىمىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۆندۈرۈشى كېرەك.

كەچكى تاماقتا گۈلئايشەمنىڭ ئالدىغا پىششىق گۆش تارتىلدى. گۈلئايشەم گۆشنى پارچىلاپ ئەڭ چوڭىنى روزەككە، قالغانلىرىنى باللارغا بۆلۈپ بەردى. روزەك خاپا بولۇپ:

- يامان ئۆگىنىپ قالدۇ. گۆشنىڭ تەمىنى تېتىپ قالسا، باللار قوتاندىكى قوينى تۈگىتىدۇ خېنىم! - دېدى.

- قوتاندىكى تۈگىسە، ئېتىزدىكىسى باركەن، ئېتىزدىكىسى تۈگىسە، بانكىدىكىسى باركەن، ۋاييېي! - دېدى گۈلئايشەم. باللار خۇشال بولۇشتى. ئەمما روزەك قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

كەچ كىرگىچە ئېغىر ئەمگەك بىلەن چارچىغان باللار كەچكى تاماقتىن كېيىنلا ئاشۇ تاماق يېيىلگەن ئۆيدە ئۇخلاپ - دوغلاپ يېتىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. يالغۇز گۈلئايشەملا ھېلىقى يوغان «مېھمانخانا» سىغا قايتىپ كېلىپ كۆرپىلەر ئۈستىگە يانپاشلىدى. سىرتتىن نەي ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈلئايشەم راھەتلىنىپ تىڭشىدى. ئارقىدىن گۈلئايشەم ياخشى كۆرىدىغان «گۈلمەرەم» دېگەن ناخشا ئېيتىلدى. گۈلئايشەم ناخشىغا ئەگەشتى.

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار گۈلمەرەم،
ئەگىمەي ماڭالاملا گۈلمەرەم.
بىر پىيالە چاي تۇتۇپ گۈلمەرەم،
كۆڭلۈمنى ئالالاملا گۈلمەرەم.

ياش ئايالنىڭ ھېسسىياتچان قەلبى ناخشا بىلەن ئويغاندى، «قويچى بولساڭمۇ يىگىتسەن، - دېدى ئۇ ناخشىغا زوقلىنىپ، - شۇڭا ناخشاڭغا ئەگەشتىم. . . »

ئۇ شۇ بىر كۈن ئىچىدە ھاياتتىن يەنە نۇرغۇن لەززەت ئېلىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى: بىر يەردە قېقىلساڭ، يەنە بىر يەردە كۆتۈلىدىكەنسەن، بىرنى يوقاتساڭ، بىرنى تاپىدىكەنسەن، خاپىلىق، خۇشاللىق دېگەنلەر يۈزگە چۈشكەن خالدەك ساڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ تۇرالمايدىكەن، گۈلئايشەمگە خۇشاللىق ئاتا قىلغان بۇ ھايات ئۇنىڭغا مۇھەببەتمۇ ئاتا قىلسۇن، بىز ئۇنىڭغا خەيرلىك تىلەيلى. چۈنكى قاراڭغۇلۇقتىن ئەنە ئىككىنچى بىر قەلب ئىگىسى چىقىپ كەلمەكتە: ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى بوندىن 30 نەچچە يىل بۇرۇنقىدەك ھاياجان، خۇشاللىق ۋە نومۇس كۈچى بىلەن تىپچەكلىمەكتە!

3

خوجايىن بولۇش ئىنساننىڭ روھىدىلا ئەمەس، بەدىنىدىمۇ يېڭىلىق پەيدا قىلىدىكەن. قاراڭلار، گۈلئايشەم مۇنۇ ئۆيدىكى تۇققۇز ئەمگەكچىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىشۇدى، بىر ئايدىن كېيىن يۈزىدىكى داغ ئىزلىرى بىلەن ئىنچىكە قورۇقلار تۈگەپ، خۇددى ئەزىمەت بىلەن بەختلىك سائەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ۋاقتىدىكىدەك چىرايىدىن نۇر ۋە كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھاۋانىڭ سالقىن چاغلىرىدا كېۋەزمۇ ئوتىدى، قوغۇننىڭ ئوتىنى چاپتى، قول تراكتور بىلەن بۇغداي تېپىشۋاتقان خامانغا بېرىپ ئارا تۇتۇپ ئاياق سالدى، كېلىن بىلەن سەھەر - كەچلىكى كالا ساغدى. . . لېكىن ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ھەممىسىگە يارايدىغان «خوجايىن» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلدى. ئۇ ئىشلاردىن ئەيىبمۇ تاپاتتى. ئۇنىڭ تاپقان ئەيىبى چوڭ ئوغۇلنىڭ ئوغىسىنى قايناتقان بىلەن روزەكنىڭ زوقىنى قوزغايتتى:

- ئاناڭلارنىڭ دېگىنىدەك قىلىڭلار! - دەيتتى ئۇ تاماق ئۈستىدە باللىرىنى جونۇپ، -

ئۇنىڭ قولى تەگكەن يەردىن گۈل ئۈنىدۇ. كۆردۈڭلارمۇ، ئاناڭلارنىڭ قولى تەگكەچكە، كېيگەن كۆڭلەكلىرىڭلارنىڭ رەڭگى ئېچىلدى. ئاناڭلار كەلمەستە ئاق كۆڭلەك، قارا كۆڭلەك، كۆك كۆڭلەك ھەممىسىلا لاي رەڭ ئىدى!

گۈلئايشەم بۇ ئۆيگە خۇشاللىق، يېشىللىق ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولى بىلەن يوتقان-كۆرپىلەرنىڭ كىرى، ئۆينىڭ توپىسى تۈگىدى، ئۇلارنىڭ غىزاسىغا تەم كىرىپ، باللارنىڭ باش-كۆزى تازىلىنىپ، چىرايىغا قان يۈگۈردى. مانا بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئاشتى. مەرتىۋىسى چوڭايدى. ئۆز ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ يېتىمچىلىك ۋە غورىگىللىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتىپ، تۇرمۇش-ئەمگەك، يېيىش، ئۇخلاش دېگەن تۇرمۇش چۈشەنچىسى بىلەن چەكلەنگەن باللار، «ئايالنىڭ ۋەزىپىسى-خامنى پىششىق قىلىش» دەپلا قارايدىغان كېلىن، بېقىش تېپىپ سەمرىپ پارقىراۋاتقان كالىدەك كۈندىن-كۈنگە گۈزەللىشىۋاتقان ئائىلىسىنى كۆرۈشۈپ، گۈلئايشەمنى چىن تىلى بىلەن «ئانا» دېيىشتى.

لېكىن گۈلئايشەمنىڭ يەنىلا توققۇزى تەل ئەمەس ئىدى.

قورسىقى توق، غېمى يوق ئادەمنىڭ ھامان روھىي ۋە جىسمانىي تەلىپى ئۆرلەۋېرىدىكەن: گۈلئايشەم ئەمدى ئۆز ھاياتىدا نېمىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى سەزدى: ئۇنىڭغا مۇھەببەت لازىم ئىدى. ئۇ ئېرىدىن رازى، چۈنكى ئېرى تاپقان پۇللارنى گۈلئايشەمنىڭ قولى بىلەن ساندۇققا سالىدۇ. ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى چوڭ ئوغلى باشقۇرغىنى بىلەن ھامان بىر كۈنى ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشكە گۈلئايشەمنىڭ كۆزى يەتتى. ئېرىدىن رازى بولۇشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئېرى ئىشتىن ھېرىپ كېلىدۇ-دە، كەچكى تاماقتىن كېيىنلا ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا كىرىپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئۇ گۈلئايشەمنىڭ رازىمەنلىكىگە ئاشۇ ھاردۇق ئۇيقۇسى بىلەن ئېرىشكەن. گۈلئايشەم خالىغانچە خىيال قىلالايدۇ...

بۇ رازىمەنلىك ھېسابىغا ئۇ بۇ ئۆيدە نېمىگە ئېرىشەلەيدۇ؟ پۇل ۋە ھۆكۈمرانلىق ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمۇ؟ ئۇنىڭ ھاياتىنى تەلەپ قىلىدىغىنى مۇشۇلارلا ئەمەسقۇ؟ ئۇ ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياشىشى، يەنى شۇ قۇربان بېرىشتىن ھەقىقىي لەززەت ۋە خۇشاللىق تېپىشى لازىم. لېكىن قېنى ئۇ مۇھەببەت؟ كىم ئۇنى ۋە ئۇ كىمنى ياخشى كۆرىدۇ؟ ئەزىمەتنى ئۇ ئۇنتۇلمىغىنى بىلەن ئەزىمەت ئۇنى ئۇنتۇغان. ئەمىسە ئۇنىڭ قەلبى يەنە نېمىگە تەلپۈنىدۇ؟ نېمىشقا ئىچى پۇشىدۇ، كېچىلىرى نېمىشقا ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ؟ ئۇنى بىئارام قىلغان بوغالتىرنىڭ قوڭۇر كۆزلىرىمۇ؟ بوغالتىر گۈلئايشەمنى ئەگىپ كەلدىمۇ؟ ئۇنداق بولسا گۈلئايشەمنىڭ ئۆيدە يالغۇزلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئاتتىن چۈشمىدى؟ ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن توختام قەغەزلىرىدىكى رەقەملەرنى ھېسابلاۋاتقاندا نېمىشقا گۈلئايشەم ئەتەيلەپ گەپ قىستۇرسىمۇ قاراپ قويمىدى. گۈلئايشەم ئۇنىڭ چىشىغا تېگىش ئۈچۈن توختامدىكى ساپ پاختا مەھسۇلاتىنى 120 جىڭغا چۈشۈرۈپ بەرمىسەڭلار بولمايدۇ دېگەندە، بوغالتىر سوغۇقلۇق بىلەن ئۇنىڭ پىكرىنى قېقىپ: «سىلى ئارىلاشمىسىلا» دەپ نېمىشقا ئالىيدۇ؟ ئالايغان كۆزلەردىن مۇھەببەت ئىزلەش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ ئەمىسە كىم ۋە نېمە ئۇنى ئۇخلاتمايۋاتىدۇ؟ ئاۋۇ قويچىنىڭ ناخشىسىمۇيا؟ ياق، گۈلئايشەم نېمىلا بولمىسۇن قويچىسىغا قاپاق ئاچمايدۇ. ئۆزىنىڭ خوجايىن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان قويچىغا ھەرگىزمۇ مۇھەببەت ئىزھار قىلمايدۇ. ياق، كېتىش كېرەك، گۈلئايشەم بۇ يالغۇز كۈزلەككە مۇھەببەت ئىزلەپ كەلگىنى يوق. ئۇ يوقسۇزچىلىق، سارغىيىش ئازابىدىن كەلگەن. ئۇ ۋىجدانىنى نەپسىگە بويسۇندۇرۇپ، ئاز-تولا پۇلغا ئىگە بولۇۋالماقچى. بۇ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشسىلا بۇ كۈزلەكتىن كېتىدۇ. ئۇ يانپاشلاپ يېتىپ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ توساتتىنلا چوڭ ئوغۇل بىلەن روزەكنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدى.

- 30 مىڭ جىڭ بۇغداي ساتتۇق،- دېدى ئوغلى دادىسىغا پىچىرلاپ،- پۇلىنى ھېلىقى 6200 كويلۇق چەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئون مىڭ كويغا توغرىلاپ قويايمۇ؟

- ئوسمان بانكىچىغا ئېيت، توغرىلاپ بېرىدۇ.

گۈلئايشەم ئۆيدىن ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى:

– مەنچۇ؟ نېمىشقا توغرىيالمايدىكەنمەن، پۇلنى ئەكىلىپ ماڭا بەرسىلە!

ئوغۇل دادىسىغا قارىدى، روزەك ساپ سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى.

– سىلە ئاۋارە بولماڭلا خوتۇن!

– گېپىمنى يىرىمىسىلا دەيمەن، مەن پۇلنى ھامامىغا ئاپىرىپ بەرمەيمەن، چۆنتەكلىرىگە سالىمەن.

– بولىدۇ خوتۇن، بولىدۇ، – روزەك كۈلۈپ قويۇپ ئوغلىغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

كەچتە چوڭ ئوغۇل گۈلئايشەمگە ئون مىڭ كويلۇق چەكنى ئەكىلىپ بەردى. ئون مىڭ كوي – بىر پارچە قەغەز، لېكىن بۇ بىر پارچە قەغەز چوڭ بايلىق، گۈلئايشەم ئۆز ھاياتىدا بۇنچىلىك بايلىقنى ئالىقىنىدا كۆرۈشنى ئويلاپمۇ باقمىغان تۇرسا، قانداقمۇ ھاياجانلانمىسۇن؟ ئۇ چەكنى ئاۋۋال يانچۇقىغا، كېيىن ھېچكىم يوق چاغدا تامبالغا تىكتۈۋالغان مەخسۇس يانچۇقىغا سالدى. ئەمدى ئۇ ئۆينىڭ تولۇق خوجايىنى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇنىڭ ئەمدى ھېلىقى ئىچ پۇشۇقى، نامەلۇم بىرىنى سېغىنىشلىرى ۋاقىتىنچە تۈگىدى.

گۈلئايشەم ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ كۈزلەككە يول ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە چاي بەردى. چۈشلۈك چاي ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ بېغى بۆلەكچىلا ئاۋاتلاشتى. ياشلار ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن گۈلئايشەمنىڭ ياشلىقىنى بۇرنىغا پۇراتتى.

– روزاخۇن باينىڭ ئۆيىنىمۇ خىشتىن ياساپ بەرسەك، ئاستى - ئۈستىگە تاختاي قېقىپ گۈلئايشەمگە ساراي سېلىپ بەرسەك بولغۇدەك.

– نېمىلا قىلسا يارىشىدۇ. ھاي، روزاخۇن ئاكا، نېمىشقا قوڭغۇراقلىق پوچتا ھارۋىسى قىلمايسەن؟ خېنىمىڭنى يېنىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ غوجەك بايدەك يەكشەنبە بازاردا تاماشا قىلساڭ بولمامدۇ؟

– روزەكباي ماشىنا ئالارسەن - ھە؟

مانا شۇندىن كېيىن «روزەك بەز» دېگەن ئىسىم «روزەكباي» غا ئالماشتى.

بۇ ماختاشلار ۋە خۇشامەتلىك سۆزلەر گۈلئايشەمگە يېقىن كەلگۈسىدە ئىشقا ئاشىدىغان ئېھتىماللار بولۇپ تۇيۇلدى.

كۆز پەسلى، يېڭىلىق پەسلى، باياشاتچىلىق – توي پەسلى ئىكەن.

بىر مۇخبىر كېلىپ ئۇلارنى سۈرەتكە تارتتى. گۈلئايشەم بىلەن روزەكباينىڭ يوغان قوغۇنلارنى تۇتۇشۇپ چۈشكەن بۇ سۈرىتى «ئەمگەك بىلەن بېيىغان ئائىلە» دېگەن خەت بىلەن گېزىتكە چىقتى.

تۈنۈگۈن ئېكسكۇرسىيىچىلەر كەلدى. ئۇلارغا گۈللىنىۋاتقان ئېتىزلىقنىڭ خوجايىنلىرى روزەك بىلەن گۈلئايشەم ئۆز ئىشلىرىنى تونۇشتۇردى. ئاخشىمى گۈلئايشەمنىڭ مېڭىسىدە يېڭى بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى: مۇھەببەتسىزمۇ ھاياتتىن خۇشاللىق تاپقىلى بولىدىكەنغۇ، يېڭىلىقلار ئەجەب كۆپ: ئېتىزدا، ئۆيدە، مەھەللىدە، ھەممىلا جايدا. شۇلارنىڭ لەززىتىمۇ گۈلئايشەمگە يېتىدىكەنغۇ؟

گۈلئايشەم بۈگۈن كېچە روزەككە يېقىنراق ياتتى. ئۇ، بۇۋايغا: پۇل خەجلەش يەنى زامانغا لايىق ئۆي سېلىش، ئۇستەل، ئورۇندۇق، ئىشكاپ، ساپا ياسىتىش، ئىلاج قىلىپ توك ئەكىلىش، تېلېۋىزور ئېلىش، ئۆيدىكىلەرگە زامانغا لايىق كىيىم قىلىش، گىلەم سېلىنغان ھارۋىغا چۈشۈپ مېھمانغا بېرىش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا ئۇزاق ۋە قىزغىن سۆزلىدى. روزەك تاكى خورىكى باشلانغىچە ھەممىسىگىلا «ھە» دەپ ياتتى.

شۇنداق قىلىپ گۈلئايشەم ھېلىقى بىكارچىلىقتا پەيدا بولغان مۇھەببەت ھېسسىياتىنى يېڭىش، ئۆزىنى يېڭىلىقلارنىڭ قاتناشچىسى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرۇپلا ئىشقا تۇتۇش قىلىدىغان بولۇۋالدى.

گۈلئايشەم بۇ ئۆيگە كېلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن روزەكباينىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى ۋە غەمخورچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ئىشقا ھەۋەس بىلەن كىرىشتى. ئۇنىڭ قوللىرى قايتىدىن ئىشتا پىشتى، تاتىراڭغۇ يۈزى دېھقان ئاياللىرىغا خاس رەڭ بىلەن گۈزەللەشتى. ئۇ ئەمدى غەم - قايغۇسىلا ئۇنتۇپ قالماستىن، مۇھەببەتتىنمۇ ئۇنتۇدى: نېمىشقا بۇرۇنراق شۇنداق قىلمىدىم - ھە، ئەخمەق ئىكەنمەن، نادان ئىكەنمەن، بولمىسا نېمىشقا بەختىمنى يىگىتلەردىن ئىزلەيتتىم!

گۈلئايشەم قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئۇن سېلىپ ناخشا ئېيتىپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە،

روزەكبايىنىڭ قەلبىدە بىر خىل خۇشاللىق ئوتى يالقۇنلايتتى. بۇ ئوت گۈلئايشەم ئۇنتۇپ كەتكەن ھېلىقى مۇھەببەتنىڭ ئوتى. گۈلئايشەمنىڭ ئەكسىچە ئەمدى روزەكباي دۇنيادا مۇھەببەتسىز ياشاش مەنىسىزلىك دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئۆلغىيىۋاتقان مۇھەببىتىنى قەدىرلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالىنىڭ دىگىنىنى قىلاتتى. ئايالى ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشقا رازى ئىدى. مانا بۇمۇ روزەكبايىنىڭ ھاياتىدىكى يېڭىلىق. بۇ يېڭىلىقلارنى ئۇلارغا ھايات تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھاياتقا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتماقتا.

مانا قاراڭ، يەكشەنبە كۈنى گۈلئايشەمنىڭ ئاللىقاچان يىراقلىشىپ كەتكەن دوستلىرى ئەر - ئايال بولۇپ بىر تراكتوردا ئۇنى ئىزلەپ كەپتۇ. روزەكباي ئايالىنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۇلارغا قوي سويىدى.

روزەكباي ئەزەلدىن توي - تۆكۈن، ئويۇن - تاماشىغا بارمايتتى. لېكىن گۈلئايشەمنىڭ دوستلىرى ئۇنى ئىزلەپ كەلگەن كۈنى، ياش - چوكانلار بىلەن يىگىتلەر روزەكبايىنى ئۆز ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ چاقچاق ۋە ئۇسسۇللىرىغا ئارىلاشتۇردى. ياش ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا ئارانلا قورۇنۇپ ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە گۈلئايشەمنىڭ شوخلۇقى تۇتۇپ ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى. چاۋاك، قىقاسلار روزەكبايىنى مىدىرلىتالمايتتى، لېكىن گۈلئايشەمنىڭ دومسىيىشى ئۇنى ئىختىيارسىز ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئايالىنىڭ كۆڭلىنى دەپ قوللىرىنى قوتازنىڭ قۇيرۇقىدەك ئارۋاڭ - سارۋاڭ قىلىپ ئۇسسۇلمۇ ئوينىدى.

روزەكبايغا مۇھەببەت، خۇشاللىق تەقدىم قىلغان بۇ تۇرمۇش ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىشلارنى قايتىدىن ئۆگەتتى: ئۇ پۇتىغا ئۆتۈك، دىكادىن شىم - تۇجۇركا، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيدى. بۇ نەرسىلەرنى كىيىش ئۇنىڭغا قانچىلىك يات، نومۇسلۇق بولسىمۇ، ئايالىنىڭ كۆڭلى ئۇنى كىيىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇنى ئاز دەپ يۈزىنى سوپۇنداپ يۇيىدىغان، ئاخشىمى پۇتىنى يۇيىدىغان، ئىشتىن كېلىپ كىيىم يۆتكەيدىغان «قاملاشمىغان» قىلىقلارنىمۇ چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. ياخشى كۆرگەن ئايالىنىڭ بۇ ئىشلاردىن كۆڭلى خۇش بولغىنى ئۈچۈنلا روزەكباي دىلى تارتمىسىمۇ ئۆزىنى زورلىدى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە گۈلئايشەمنى خۇش قىلىش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى.

لېكىن گۈلئايشەم دوستلىرىغا ئارىلاشقانسېرى ھاياتىدىكى كەم نەرسىنى قايتىدىن يادىغا ئالدى. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە كىمگىدۇر بىرىگە بىر يوشۇرۇن چوغ ساقلاقلىق ئىكەن. گەرچە بۇ چوغ ياسالما جىمجىتلىقنىڭ كۈلى بىلەن بىر مەھەل كۆمۈلۈپ ياتقان بولسىمۇ، ئەمدى دوستلىرىدىن كەلگەن ياشلىق - مۇھەببەت شامىلىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن قايتىدىن يالىڭاچلىنىپ ۋاللىداپ يالقۇنلاشقا باشلىماقتا ئىدى.

ئۇ شېرىن، مۇرادى ھاسىل بولمىغان بىر چۈشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تۈندە ئويغاندى. ئۇ يېنىدا ياتقان ئېرىنىڭ خورەكدىن بىزار بولۇپ كۆڭلەكچان، يالاڭ ئاياغ مېڭىپ تالاغا چىقتى. دالا ئايدىڭ، قارامتۇل دەرەخلەر گويا قېنىق كۆك تاۋاردىن لىباس ئارتقاندەك، يىراقلاردىكى قارىيىپ تۇرغان مەھەللىلەرنىڭ ئۈستىگە ئاق داكا تارتىلغاندەك، گىرىمسەن ئېتىزلار ئاشۇ داكا ئاستىدا ئۇخلاۋاتقاندەك، بۇ سىرلىق كېچىدە يالغۇز گۈلئايشەمنىڭ يۈرىكىلا بىر خىل ئەندىكىش، سېغىنىش بىلەن تېپىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى. گۈلئايشەم ئوڭ ياڭىقىنى ئالقىنىغا قويۇپ، كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن لەززەتلىنىپ كۆتەك ئۈستىگە ئولتۇردى. شۇ چاغدا دەرەخلەر ئارىسىدىكى قوي قوتىنى تەرەپتىن ئاستا، يېقىملىق ناخشا ئاڭلاندى. ناخشا مۇڭلۇق ئىدى. گۈلئايشەم ناخشىچىنىڭ يېنىغا كېتىپ بېرىپ: «سەمەت قويچى، بەلكىم سەن مېنى دەپ ئۇخلىيالمىغانسەن، يەر ئاستىدىن قاراشلىرىڭ باشقىچە ئىدى. ئېيتقان ناخشىلىرىڭ ماڭا ئاتالغان بولسا، مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەي» دېدى.

قويچى بىمەھەل كەلگەن خوجايىنىنى كۆرۈپ قاتلانما كارىۋات ئۈستىدىن چاچراپ تۇرۇپ گەدىنىنى سىلىدى:

- كىم سېنى ئۇخلاتمايۋاتقان، سەمەتباي! - ئايال ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

- قويلار، ئاچا، قويلار! - سەمەت داجىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈلئايشەم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى.

- سارالڭ، قورقما، خوجايىنىڭ قىبرى ئىتتەك مەلەق ئۇيقۇدا!

- كىرىپ كەتسىلە ئاچا!- دېدى سەمەت تىترەپ،- ئۇنداق قىلمىسىلا، نامەھرەم بولىدۇ، خوجايىنىڭ تۇزىنى ھالاللاپ يېگىلى قويسىلا!

- سارالڭ!- دېدى گۈلئايشەم كاسىلداپ تىترەۋاتقان يىگىتنىڭ قولىنى سىلكىپ قويۇۋېتىپ،- ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ نېمىگە كاكىرايسەن ئەمىسە؟

- بايىلا بىر قوي قوزىلىدى. شۇنىڭ خۇشاللىقى ئاچا!

- ئۆل ئىلاھىم!- گۈلئايشەمنىڭ قويچىغا غەزىپى كەلدى،- ھايۋاننىڭ كەينىدە يۈرۈپ، يۈرىكىڭمۇ بۇلغىنىپتۇ!

گۈلئايشەم ئەمدى ھۆكۈم قىلدى: ئۇ ئەزىمەتنى ئۇنتالمايدىكەن.

## 4

يېڭى ياسالغان يول بىلەن بىر كىچىك ماشىنا چىقىپ كەلدى. ماشىنىدىن رايون كاتىپى چۈشتى - دە، روزەكباي بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئۆيگىمۇ كىرمەستىن روزەكباينى ئالدىراتقىلى تۇردى:

- ناھىيىگە، ۋىلايەتكە بارىدىكەنسىلەر، زاغرا تۇگۈپ يۈرمىسىلە، ئاز - تولا پۇل، بىلەت ئالسىلا بولدى.

- كىيىم يۇتكىسىلە!- دېدى گۈلئايشەم ئىش كىيىملىرى بىلەن ماڭماقچى بولغان روزەكباينىڭ پېشىدىن تارتىپ.

- ئوبدانراق كىيىنسىلە،- دېدى كاتىپ كۈلۈپ،- ئېكسكۇرسىيە، مەجلىس بولغاندىكىن دۆلەتكە پاختا سېتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر قاتارىدا ئولتۇرىلا، سۆزلەيلا!

- سۆزلەيدىغان بولسام خوتۇننى ئېلىۋالساق مىكىن؟- روزەكباي كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ كاتىپقا قارىدى.

كاتىپ ساددا بوۋاينىڭ گېپىدىن كۈلۈپ گۈلئايشەمگە قارىدى. گۈلئايشەم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئېرىگە:

- مېنى ئېلىۋالمىسىلىمۇ بۇيرۇتمامنى ئېلىۋالسىلا، ياخشى گىلەمدىن بىر جۈپ ئالغاچ كەلسىلە، يادىلىرىدا تۇتسىلا، تۆت گەزلىك، بىرى ئانار گۈللۈك، بىرى لوڭقا گۈللۈك بولسۇن، يەنە بىر دانە تىكىش ماشىنىسى، گۈللۈك دېچۆلياڭدىن 12 ياق، 18 مېتىر، ئەترەك سارجىدىن...

ئۇ بىر توقاي سودا بۇيرۇدى، روزەكباينىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، بېشى گىڭشىلداپ تۇراتتى. گۈلئايشەم نېمىلا دېسە ئۇ باش ئىرغىتىپ ماقۇللايتتى. گۈلئايشەم ئۇنىڭ قولىغا بىر كالىلەك پۇلنى تۇتقۇزغاندىن كېيىن، بوۋاي ھالال ئەمگىكىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن پۇلنى خۇددى بىرى ئېچ ئاغرىتىپ بىرنىۋاتقاندەك ئەندىكىپ قولىغا ئالدى. مانا بۇلار روزەكباينىڭ ھاياتىدىكى ھېلىقى يېڭىلىقنىڭ كۈچى. مۇھەببەت بوۋاينى قانچىلىك يۇمشاتقان - ھە؟ ناۋادا بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇن گۈلئايشەم بىر كويلۇق سودا بۇيرۇغىنىدا ئىدى، بوۋاينىڭ قول ۋە لەۋلىرى تىترەپ بېشى «ياق» قا گىلدىڭلىغان بولاتتى.

مۇھەببەتكە ئاپىرىن، بارلىق بېخىللارنىڭ دىل خەزىنىسى مۇھەببەت بىلەن تولغان بولسا بۇ جاھاندا كۆڭۈلسىزلىكلەر خېلى ئازايغان بولاتتىكەن - ھە؟ لېكىن ياخشى ئادەملەرمۇ ئەيىبتىن خالىي بولالمىغىنىغا ئوخشاش، ياخشى نەرسىلەرمۇ كىشىلەرنى غەم ۋە ئازابقا سالىدىغان چاغلارمۇ بولىدىكەن.

بۇ خىل ئىشتىن بىرى مۇشۇ يىل، يەنى 1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇشۇ يېزىدا سادىر بولدى.

گۈلئايشەم بۆلەكچىلا ياسىنىدىغان، كۈلىدىغان، كۈلگەندە، سۆزلىگەندە ئاۋازىنى تىترىتىدىغان بولۇپ قالدى. ئېرى كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئايالدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىش بالىلارنى قىزىقتۇرغىنى بىلەن كېلىنىنى غەملىك، چوڭ ئوغۇل بىلەن قويچىنى غەزەپ - نەپرەتلىك قىلىپ قويدى.

چوڭ ئوغۇل بىلەن قويچى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئۇلارنىڭ بېغىدىن ياغاچ توشۇشقا كەلگەن شوپۇرلارنىڭ ھەممىسىنى، بەخەستىلىك قىلىپ ئۆزى يوق ۋاقىتتا ياغاچ كېسىش بىلەن توشۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان دادىسىنى، ئۇجمە كۆچۈل ئانىنى ئىچىدە تىللاشتى. لېكىن پالاكەتنى تىل بىلەن توسۇۋالغىلى بولمىغىنىدەك، تالاي گۇناھلارنى قويىنغا يوشۇرىدىغان قاراڭغۇ تۈننىمۇ تىل ۋە نارازىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋالغىلى بولمايدىكەن.

كىتابخان، بۇ ھېكايىدە تۈن نېمانچە تولا دەپ قالماڭ، ئەپۇ قىلىڭ، يەنە بىر قېتىم، يەنى

ئاخىرقى قېتىم بىز گۈلئايشەمنى تۈن قوينىغا يالغۇز قويۇپ كۆرەيلى.

تۈن، ئايسىز تۈن. يۇلتۇزلا يەر يۈزىدىكى قىزىقچىلىقلارغا قاراشماقتا: ئۇلار چىمىرلىشىپ خۇددى يەرگە يېقىنلاۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ بىرلىرى يەرگە سەكرەپ چۈشۈۋاتقاندەك، يەنە بىرلىرى نومۇسچان قىزغا ئوخشاش كۆزىنى قاچۇرىۋاتقاندەك قىلماقتا.

گۈلئايشەم هويلىدىكى كات ئۈستىدە يۇلتۇزلارغا قاراپ ئوڭدا ياتماقتا. ئۇنىڭ شوخ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىنى دۈكۈلدىتىپ يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارىلاپ قويىدىغاندەك، تىنىقى تېزلەپ، ئىچىگە پاتمايۋاتقان خۇشاللىقى بىلەن هاياجانلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ قويۇۋاتقاندەك، كۆزلىرى يۇلتۇزلارغا سىر ئېچىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە.

ئۇ هاياجان ۋە ۋەهىمە ئىچىدە تولغانماقتا. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋىجدان بىلەن خاهىش قاتتىق ئېلىشماقتا. ئۇنىڭ بىر سەزگۈسى ئۆزىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن، لېكىن ئايالىنىڭ مۇهەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئېرى - روزەكبايغا خىيانەت قىلىشنى ۋىجدانسىزلىق دەپ قارىسا، ئۇنىڭ يەنە بىر سەزگۈسى ياق، سەن ۋىجدان دېگەننى بىلمەيدىكەنسەن، كۆڭلۈڭ تارتمىغان ئادەمنىڭ ئايالى بولۇش ۋىجدانسىزلىق، خاهىشىڭ سېنى بەختلىك قىلىدۇ، ۋۇجۇدىڭنى تىترەتكەن يىگىت بىلەن كەت، ئۇنىڭ يولىدا قۇربان بولساڭمۇ سەن بەختلىك، دېمەكتە.

ئۇ ئازاب ۋە هاياجان بىلەن تولغىنىپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى. قويلار پىشقىرىدۇ، ياۋا ئۆردەكلەر، قۇشلار سەگەك. لېكىن سەگەك ئىتلارمۇ جىمغان... بىردىنلا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مانا ئۇنىڭ يېنىغا يالاڭ ئاياغ يىگىت كەلدى ۋە ئۇنى خۇددى بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ماڭدى. گۈلئايشەمنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى بىلەن هالسىز پۇت - قوللىرى يىگىتنىڭ بىلەكلىرىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ تۇراتتى.

- پۇلنى ئۇنتۇمىغانسەن؟

- ياق، ئۇ مانا!

گۈلئايشەم ئۇن مىڭ كويلۇق چەك تىكىلگەن تامبالنىڭ يانچۇقىنى سىلاپ قويدى.

ئۇلار قاراڭغۇ باغقا ئەڭگەندە يىگىتنىڭ گەجگىسىدىن بىر كۈچلۈك قول سىلكىپ تۇتتى.

گۈلئايشەم چۆچۈپ يەرگە چۈشتى. ئۇ ئۇنسىز دومىلاقلىشىۋاتقان ئۈچ گەۋدىگە ئۆزىنى ئاتتى.

- ئۇنى ئۇرماڭلار، مېنى ئۇرۇڭلار، ئەزىمەتتە گۇناھ يوق!

- قورقمىسىلا ئانا! - گۈلئايشەم تونۇدى، بۇ چوڭ ئوغۇل.

دېمەك، ئەزىمەتنى يەرگە باسقان، قاراڭغۇ باغقا ئېلىپ كەتكەن قويچى بىلەن چوڭ ئوغۇل ئىكەن. ئۇلار ياش شوپۇرنىڭ گۈلئايشەم بىلەن كۇسۇرلاشقانلىرىغا دىققەت قىلىشقان، ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشكەن، ئاتىغا سادىق بۇ ئىككى كۈچۈك روزەكباينىڭ نېسىۋىسىگە چىۋىن قوندۇرماسلىق ئۈچۈن سەگەك يېتىشقانىكەن.

گۈلئايشەم ئەتىگەنلىكى كېلىنىدىن سورىدى:

- شوپۇرنى نېمە قىلدى، ئەجەب يامان نېمىكەن. ئۇخلاپ قاپتىمەن، كۆتۈرۈپ ماڭغىنىنى تۇيماپتىمەن، هېلىمۇ ياخشى...

- هەيدىۋەتتى ئۇ ئوغرىنى!

گۈلئايشەم ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن دومىلىنىپ زارلاندى. ئۇنى ئوتتۇرانچى ئوغۇل مەهەللە دوختۇرىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ دوختۇردىن چىقىپ بالىنى كەتكۈزۈۋەتتى - دە، هاممىسىنىڭكىگە كىردى. چۈشتىن كېيىن ئۇ بانكىغا كىردى.

ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي پوكەي ئالدىدا ئۇزاق تۇردى. ئاخىر ياش قىزنىڭ ئالدىغا چەكنى قويدى:

- هەمىسىنى ئالماقچى. توي ئىشىمىز بار.

قىز كۆلۈپ قويۇپ يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن هېلىقى بانكىچى بىلەن ساقچى بىللە چىقتى.

- ئوغرى، بۇزۇق! - دېدى بانكىچى گۈلئايشەمگە قوللىرىنى شىلتىپ، - بۇرۇنقى ئېرىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئون مىڭ كوينى ئوغرىلاپ شاڭخەي، گۇاڭجۇلارغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلماقچىسەن، راستمۇ؟

گۈلئايشەم لاغىلداپ تىترىدى:

- راست!

- جىنايەت ئۈستىدە قولغا چۈشتۈڭ، - دېدى ساقچى، - سېنىڭ شېرىكىڭ ئەزىمەتنى ئاخشاملا روزاخۇن ئاكىنىڭ باللىرى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ هەممىنى ئىقرار قىلدى. سەن ئۇنى يېڭىلدۇرغانسەن، راستمۇ؟

- ياق، ياق، مەن ئۇنى يېڭىلدۇرمىدىم، - دېدى گۈلئايشەم كاسىلداپ تىترەپ، - ئۇ مېنى يېڭىلدۇردى.

- كىم؟

- كىم بولاتتى... كۆڭلۈم!

ئايال يۈزىنى تۇتۇپ ئۆپكىدەپ يىغلىدى. ئۇنىڭ ئەپسۇس ۋە پۇشايمان بىلەن تولغان ياشلىرى ئۇنى قوغداپ قالالارمىكىن؟

گۈلئايشەم يەتتە كۈن تۇتۇپ تۇرۇلدى. يەتتە

كۈنگىچە ئۇنىڭ كۆز يېشى قۇرۇمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن ئاتا - ئانىسى، ھاممىسى، بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرغىنىدا بولغان ئىشلار بىرمۇ بىر ئۆتتى. ئۇ ھاياتىدىكى خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلىرىنى تۇگۇنلەپمۇ كۆردى. تارتقان خاپىلىقى كىچىك، خۇشاللىقى چوڭ تۇگۇن بولۇپ تۇگۇلدى.

خاپىلىقى تۇگۇلگەن تۇگۇنچىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈۋىدى، خاپىلىقلىرىنىڭ تولىسىغا ئىشىق - مۇھەببەت يېشىنىڭ داغلىرى چۈشۈپتۇ. يەنە كېلىپ بۇ داغلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئەزىمەتنىڭ نامى يېزىلغانىكەن. ئۇ يېقىنقى سوراقنى ئەسلىدى:

سوراقچى ئەزىمەتتىن سورىدى:

- روزاخۇننىڭ ئون مىڭ كوي پۇلىنى ئېلىپ قېچىشنى سەن گۈلئايشەمگە دېدىڭمۇ ياكى گۈلئايشەم ساڭا دېدىمۇ؟

- مەن روزاخۇننىڭ پۇلىنى نەدىن بىلەتتىم!- دېدى ئەزىمەت سوغۇق كۈلۈپ،- گۈلئايشەم ماڭا يالۋۇردى، ئىچ ئاغرىتقان گۇناھىم بار!

گۈلئايشەم ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تىترىدى. «ئىت» - دەپ ئويلىدى ئۇ، - ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ئالدىنىپتىمەن.

گۈلئايشەم ھېلىقى ئۇچرىشىشنى ئەسلىدى: ئەزىمەت تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭكىگە ماشىنا ھەيدەپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ گۈلئايشەم ئۆيىگە مۆكۈندى. ئەزىمەت مايلىق شەپكىسىنى گەجگىسىگە كىيىپ ئىشىكتە گىرەدەپ تۇرۇۋېلىپ:

- گۈلئايشەم سېنى دەپ كەلدىم بىلەمسەن، ئايالىمنى بالىسى بىلەن قويۇۋەتتىم، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق، توۋا قىلدىم!

- ۋالاقلىماي چىقىڭ!

- مېنى كەچۈرۈڭ گۈلئايشەم، سىزنى دەپ ياش ئايالىم بىلەن ئوغلۇمنى تاشلىدىم. سىز قېرىنى تاشلىيالامسىز؟ ھامىڭىز ئېيتتى، ئازابتا ئىكەنسىز!

گۈلئايشەم ئۇنىڭغا ئىشەندى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قېچىشقا ماقۇل بولدى.

سوراقچى گۈلئايشەمگە قارىدى.

- ئۇنىڭغا يالۋۇرغىنىڭىز راستمۇ؟

- راست. . .

ئەزىمەت قويۇپ بېرىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، گۈلئايشەم ئەزىمەتتىن شۇ كۈنى قاتتىق يىرگەندى. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم يۈزلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا ھەممىلا سوراققا «راست» دېدى.

يەتتىنچى كۈنى ئۇنى سىلىق مۇئامىلە بىلەن باشلىق ئىشخانىسىغا باشلاپ چىقتى. ئۇنى تاشقىرىقى ئۆيگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئىچكىرىكى ئۆيدە تالاش بولۇۋاتاتتى. گۈلئايشەم تالاشقۇچىلارنى تونۇدى. بۇلار روزەكباي بىلەن بانكىچى ئىدى. بانكىچى:

- ئۇ ئوغرى، بۇزۇق، ساڭا قىلچە كۆڭلى يوق تۇرسىمۇ يەنە ئۇنى خوتۇن قىلمەن دەيسىنا!- دەيتتى.

- ئۇ ئوغرى ئەمەس، مېنى ياخشى كۆرمىگەن بىلەن بالىلىرىمغا ئامراق، ئۆيۈمگە كۆيۈنىدۇ. ئۇنى ھېلىقى ئازدۇردى. بىر ئادەم ئازسىلا بۇزۇق بولاتتىمۇ؟- دەيتتى روزەكباي.

- چەكنى ئوغرىلىغان تۇرسا!

- ئۆزىنىڭ چېكىنى ئۆزى ئوغرىلامدۇ؟

شۇ چاغدا ئۆيگە تاشقىرىدىن بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ مۇشۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ گۈلئايشەمگە:

- ئەپۇ قىلىڭ، گۈلئايشەم سىزنى ئۇقۇشماستىن يەتتە كۈن تۇتۇپ تۇرۇپتىمىز. ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، يولدىشىڭىزنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىڭ، سىزنى روزاخۇنكام ئاقلاپ چىقتى،- دېدى.

- ياق، مەن ئوغرى، بەرىبىر ئۇنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىماقچى ئىدىم!- گۈلئايشەم ئورنىدىن تۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى.

- گۈلئايشەم!- ئىچكىرىدىن روزاخۇن يۈگۈرۈپ چىقتى،- كېچىكىپ قالدىم، بالىلارنىڭ سەۋەنلىكى، جۇرسىلە، ھارۋا ئەكەلدىم.

گۈلئايشەم روزەكباينىڭ سېغىنىش، مۇھەببەت يالقۇنجاپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساددا دېھقانغا بىر خىل يېڭى تۇيغۇ پەيدا بولدى. گۈلئايشەم تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بوۋايغا قارىدى. بوۋاينىڭ يالغۇز بۇرنىلا ئەمەس، ھەممىلا يېرى گۈلئايشەمگە چىرايلىق كۆرۈندى.

- سىزنى دەپ ئات - ھارۋا قىلدىم، سودىلىرىڭىزنى تولۇق ئالدىم، توك چىقىرىدىغان ماشىنا ئالدىم، ئەكىلىشكە ئوغۇل قەشقەرگە كەتتى. قېنى ھارۋىغا چىقىڭ.

گۈلئايشەم يەرگە قارىدى. ئۇ ھازىر يالاڭ ئاياغ ئىدى.

- پىيادە كېتەيلى.

- نېمىشقا؟

- مۇڭداشقاچ.

گۈلئايشەم شۇنداق دېدى - دە، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن يېزا يولىنىڭ يۇمشاق توپىسىنى دەسسىدى.

ئېھ، توپىلىق يول، گۈلئايشەمگە پاياندار بول!

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى))

## ئەسەر ۋە بەس - مۇنازىرە

# «كېسىلگەن توغراق» ھەققىدە

(ئوبزور)

ئابدۇللا مەتقۇربان

«كېسىلگەن توغراق» شائىر قۇربان بارات (1946 - ) «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يازغان «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ناملىق ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدىكى چوڭراق ھەجىملىك بىر لىرىكا بولۇپ، ئۇنى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر لىرىك شېئىرىيىتىدە مۇھىم بىر ئەسەر دەپ ئاتاشقا ئەرزىيدۇ. بۇ لىرىكا شائىرنىڭ 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يېشىل ھايات» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا شائىر قۇربان باراتنىڭ شېئىرلاردا ھېسسىياتنى بىمالال ئىپادىلەش، روشەن شېئىرىي مەنزىرە ھاسىل قىلىش ۋە كىتابخاننىڭ بارلىق سەزگۈسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى تولۇق نامايان قىلىنغان.

بىز قۇربان باراتنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلاردىن سەنئەت ئۈچۈنلا سەنئەت دەيدىغان بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى، ياكى سەنئەتنى سىياسىي شوئارلارنىڭ، ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئىزاھاتى قىلىۋالىدىغان چاكىنىلىقلارنى ئۇچراتمايمىز، بەلكى ئۇنىڭ ھەممىلا ئەسەرلىرىدە ۋەتەن، خەلققە بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ۋە قىزغىن مۇھەببەتنىڭ سەنئەتكە بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ۋە قىزغىن مۇھەببەت بىلەن چەمبەرچاس بىرىكىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ، شائىر قۇربان باراتنىڭ تېز تەسىرلىنىپ، ئاسان ھاياجانلىنىدىغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى كۆزىتىشكە ئالاھىدە ماھىر ئىكەنلىكى، ئەڭ مۇھىمى، سەنئەت ئىشىنى خەلق ئىشى، ۋىجدان ئىشى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك سەزگۈرلۈك ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

ئادەتتە شائىرلار كۆزىتىشكە ماھىر بولسىلا، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىن شېئىرىي ئوبيېكت بولالايدىغان نەرسىلەرنى ئاسانلا بايقىيالايدۇ. بۇنداق ئوبيېكتلار شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا كىرىپ كېلىپ، ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، قايتا پىششىقلىنىپ چىقىدۇ، شۇ چاغدا ئۇ ئەسلىدىكى ھالىتى ۋە مەزمۇنىدىن پەرقلىق بولغان ئوبراز كاتېگورىيىسىگە كىرىپ، جانسىز نەرسە بولسا جانلىنىدۇ، كىتابخانغىمۇ تەسىر بېرەلەيدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسى ھېسسىيات دۇنياسى بولۇپ، ئەگەر دىققەت ۋە ئېتىبارنى جەلپ قىلغان، تاللانغان ئوبيېكتلار ئاشۇ ھېسسىيات دۇنياسىغا كىرمىسە، ئوبيېكتنىڭ ئەسلى ھالىتى ھېسسىيات سىڭدۈرۈلۈپ قايتا قۇراشتۇرۇپ چىقىلمىسا، ئۇنداق ئوبيېكت جانلىنالمايلا قالماستىن، ئەسلى ھالىتى بويىچە قېلىۋېرىدۇ، كىتابخانغىمۇ تەسىر بېرەلمەيدۇ. دېمەك ئوبيېكتنىڭ ئوبرازغا ئايلىنىشىدا ھېسسىيات ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان «سىياقسىز قارا تاش» نىڭ شائىرنىڭ نەزەرىدە ۋەتەنگە سادىق بىر ئەرنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىغا ئايلىنالىشىدىكى سىر - ئاشۇ «تاش» قا ھېسسىيات سىڭدۈرۈلگەنلىكىدە. تەبىئەت دۇنياسىغا تەۋە بىر تۈپ «كېسىلگەن توغراق» نىڭ سەنئەت دۇنياسىغا بىمالال كىرىپ كېلىپ، مۇقەددەسلىكنىڭ سىمۋولىغا ئۆزگىرىشىمۇ، ئوبيېكتنىڭ ھېسسىياتنىڭ ياردىمىدە بەدىئىي ئوبرازغا ئايلىنالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ھېسسىياتنىڭ شېئىرنىڭ زۆرۈر ئامىلى ئىكەنلىكىنىمۇ ئوقتۇرىدۇ. شۇنى دېيىش كېرەككى، ھېسسىيات قۇرۇق - پۇچەك نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەمىشە پىكىر بىلەن تويۇنغان بولىدۇ. ھېسسىيات بىلەن پىكىر ئوبيېكتتىن تۇغۇلىدۇ، پىكىر ھېسسىيات ئارقىلىق

uyghurkitap.com

ئىپادىلىنىدۇ، پىكىر بىلەن ھېسسىياتنىڭ مۇناسىۋىتى بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان، لېكىن قەتئىي زىتلەشمەيدىغان مۇناسىۋەتتۇر. شائىر قۇربان بارات ئىجادىيىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدىغان لىرىك شېئىرلار (ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر قىسمىنى پوئېزىيىنىڭ داستان تۈرى ئىگىلەيدۇ) بولۇپمۇ «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ماۋزۇسى ئاستىدىكى شېئىرلاردا ئوبيېكت ھەمىشە دىگۇدەك ئۆتكۈر پىكىر بىلەن قايناق ھېسسىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، پىكىر بىلەن ھېسسىيات شۇنچىلىك زىچ بىرىكىپ كېتىدۇ. ئۇلاردا شېئىرىي ئوبيېكتتىن تۇغۇلغان شېئىرىي پىكىر ناھايىتىمۇ كۈچلۈك بولغان ھېسسىياتنى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلغاچقا، بىز كۈندە دىگۇدەك كۆرۈپ تۇرىدىغان، «ئاشپۇزۇل يېنىدا»، «دۇكانلارنىڭ ئالدىدا»، «ساماندەك سارغىيىپ»، «ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قول ئۇزىتىپ» تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان «ئېگىز بويلۇق»، «ئۇزۇن ساقاللىق چال» كىتابخاننىڭ نەزىرىدە ئەجدادلارنىڭ سەنئەت مىراسلىرىنى ئاشۇ ئەخمىقانە ۋە ئاپەتلىك يىللاردا ئامان ساقلاپ، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈپ بەرگۈچى سەنئەت مۇئەككىلى قىياپىتىدە نامايان بولىدۇ («دىۋاننىڭ ھەيكىلى»)؛ كىتابخان «ھەركىمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان»، «10 ياشلاردىكى ئوماق قىز» ئامىنەنىڭ يەيدىغانغا «جىگدە، ئېگىز چامغۇرى» ۋە «ئەجدادلاردىن مىراس بولۇپ قالغان ئاشۇ زاغرا» مۇ تېپىلمىغانلىقتىن ئاچ قېلىپ، «ئورۇقلاپ»، «كىچىك يۈزى سارغىيىپ كەتكەن» ھالىتىگە قاراپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۇنىڭ مۇئەللىمى بىلەن بىرلىكتە «شىرەنى گۈمبۈرلىتىپ» مۇشتلىغۇسى كېلىدۇ... («ئامىنە»)؛ كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى بولغان بالىلىرىمىزغا «ئۆز ئانىسىدەك غەمخورلۇق ۋە تەلەپچانلىق بىلەن» ھاردىم - تالدىم دېمەي، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىتىۋاتقان ئوقۇتقۇچى قىزنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زورلۇقلارغا چىدىماي، «قارلىق كېچىدە مەكتەپ تۈرمىسىدىن چىقىپ»، «سوغۇق دۇنياغا تەنلىك بېقىپ»، «باھاردا تۆكۈلگەن بىر چېچەكتەك ئاقىرىپ»، «ئۆزىنى قۇدۇققا ئېتىپ» ئۆلۈۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ جەسىتى قۇدۇقتىن سۇزۇۋېلىنغاندىن كېيىن كۆرەش قىلىنىپ، ھايات ۋاقتىدىكىدىنمۇ ئارتۇق خورلانغانلىقىنى، جەسىتىنىڭ ئەسكى بورىغا ئورىلىپ قارلىق تاغقا تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن كىتابخان كۆزى بىلەنلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يىغلايدۇ. بۇ قىزنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىگە، ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ خورلىنىشىغا زادى نېمە ۋە كىم سەۋەبچى؟ دەپ زامانغا سوئال قويىدۇ («قىزنىڭ ئۆلۈمى»)... بۇ مەنزىرىلەرنى كىتابخان رېئاللىقتا ئۇچراتسىمۇ تەسىرلىنىشى، كۆز يېشى قىلىشى تۇرغان گەپ، لېكىن ئۇلارغا ھېسسىيات ئامىلى قوشۇلغانلىقتىن (بۇ مەنزىرىلەر شائىرنىڭ ھېسسىيات مەبلىغى قوشۇلۇپ شېئىرلاشقانلىقتىن)، تېخىمۇ تېپىكلەشكەن، تېخىمۇ يارقىنلاشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەنزىرىلەر كىتابخاننىڭ قەلبىنى ئالاھىدە لەرزىگە سالىدىغان، ئۆرتەيدىغان تراگېدىك گۈزەللىك تۈسىگە ئىگە بولغان. بۇ يەردە كىتابخاننىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ ئۆرتىگەن ۋە تراگېدىك گۈزەللىك ھاسىل قىلغان نەرسە ئۇ مەنزىرىلەرنىڭ ناتورال ھالىتى ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ ئۇ مەنزىرىلەرگە سىڭدۈرگەن قايناق ھېسسىياتىدىن ئىبارەت. «كېسىلگەن تۇغراق» شېئىرىدىمۇ ئەھۋال يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشايدۇ. ناۋادا كىتابخان يىلتىزىدىن ئۈزۈپ تاشلانغان تۇغراقنىڭ قايتىدىن كۆكلىگىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن بىۋاستە كۆرگىنىدە، ئۇنىڭدىنمۇ تەسىرلىنىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ تەسىراتى ئادەتتىكى ھەيرانلىق، ئەڭ كۆپ بولسىمۇ تۇغراققا نىسبەتەن قايىللىق بىلەن كۈپايىلىنىدىغان بولاتتى، يەنى كىتابخان رېئاللىقتىكى تۇغراقتىن بۇ شېئىردىكىدەك ئۇنداق تەسىرلىك ۋە تەرتىپلىك ئۇلانما تەسەۋۋۇرلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرالىشى ناتايىن ئىدى. دېمەك بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ھېسسىياتى كىتابخاننىڭ ئۇلانما تەسەۋۋۇرىنى يېتەكلەش رولىنىمۇ ئوينىغان. ئۆز نۆۋىتىدە شائىرنىڭ ھېسسىياتى بۇ شېئىردا «كېسىلگەن تۇغراق» تىن «بىخلىنىپ چىققان نوتىلار» نى، ھەتتا «كېسىلگەن تۇغراق» نىڭ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان غولىنىمۇ جانلاندۇرۇپ، كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا مۆجىزىسىمان ئاجايىپ لىرىك بىر مەنزىرىنى نامايان قىلىدۇ. ئاشۇ لىرىك مەنزىرە بولغاچقىلا، كىتابخان تەسەۋۋۇرىدا

«ئىزنىڭ بۇ ئاجايىپ گۈللىنىشلىرىدە،
ياردار جەڭچىنىڭ كۈلۈشلىرى بار.
ئۆلۈمى ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم،
قىلىچقا تايىنىپ يۈرۈشلىرى بار.
ئۇ گويا ھاۋادا ئوق يىگەن لاچىن،
بۇلۇتلار باغرىدا ياڭرىتار سادا.
ئۇ گويا زۇلمەتتە ئۆچكەن بىر يۇلتۇز،
نۇرلانغان ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا.»

قاتارلىق تەسۋىرلەر مۇمكىنچىلىككە ئايلىنالايدۇ. بۇ يەردە لىرىك ھېسسىيات شېئىردىكى لىرىك مەنزىرىنى ھاسىل قىلىشنىڭ ئاساسى، «كېسىلگەن توغراق» بىلەن «ياردار جەڭچى»، «ئوق يېگەن لاچىن» ۋە «ئۆچكەن يۇلتۇز» ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش ھاسىل قىلىشتىكى ۋاستە، شۇنداقلا «كېسىلگەن توغراق»تىن ئىبارەت شېئىرىي ئوبيېكتتىن تۇغۇلغان شېئىرىي پىكىرنى تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن قاناتلاندۇرغۇچى ئاساسلىق ئىنېرتسىيە ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ شېئىرىدا ھېسسىياتنى ئاجايىپ بىمالال ئىپادىلىگەچكە، «كېسىپ تاشلانغان بىر تۈپ توغراق» ھېسسىياتقا تويۇنغان ئاشۇ لىرىك مەنزىرە ئىچىدە قايتىدىن بىخلىنىپ يېڭى نوتىلارنى چىقىرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ ئاددىي «توغراق» بىردە «ياردار جەڭچى»گە، بىردە «ئوق يېگەن لاچىن»غا، يەنە بىردە «ئۆچكەن يۇلتۇز»غا سىمۋول قىلىنىدۇ.

شېئىردىكى «ياردار جەڭچى»، «ئوق يېگەن لاچىن» ۋە «ئۆچكەن يۇلتۇز»دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ بەدىئىي ئوبراز ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. كىتابخاننىڭ كۆرۈش سەزگۈسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار بىرىنچىدىن، دەسلەپتىكى چوڭلۇقتىن تەدرىجىي ھالدا كىچىكلەپ بارىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دەسلەپتىكى يېقىنلىقتىن تەدرىجىي ھالدا يىراقلاپ بارىدۇ، يەنى كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئاۋۋال يېقىندىكى ئادەم - ياردار جەڭچى، ئاندىن كۆكتىكى لاچىن، ئاخىرىدا يىراق بوشلۇقتىكى ئۆچكەن يۇلتۇز نامايان بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ ئوبرازلار كىتابخانغا چوڭلۇقتىن كىچىكلەپ، يېقىندىن يىراقلاپ، ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدىن بارغانسېرى غايىب بولۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. لېكىن شائىر كىتابخان نەزەرىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان قەلىمىنى بىراقلا بۇراپ، «كېسىلگەن توغراق» سىمۋولىدا «ئاجايىپ ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن، شۇنداقلا چوڭقۇر ھاياجان ۋە كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن»① نەسلىنى قۇرۇتۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئۆلمەس بىر خەلقنىڭ سەلتەنەتلىك ۋە شائىرانە ئوبرازىنى يارىتىدۇ. «كېسىلگەن توغراق» مۇشۇ يەردە، يەنى «ئۆلمەس بىر خەلق»نىڭ ئوبرازى دەرىجىسىگە يەتكەندە، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن يېقىنلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىدۇ، بۇ ۋاقىتتا «كېسىلگەن توغراق»نىڭ ئوبرازلىشىشى ئاخىرقى چەككە يېتىدۇ ۋە شېئىرمۇ ئاخىرلىشىدۇ. «كېسىلگەن توغراق» ئاشۇ ئاخىرقى چەكتە تېخىمۇ ئۇلۇغۋار تۈسكە ئىگە بولىدۇ، تېخىمۇ يۈكسەكلىشىدۇ. بىر قەيسەر توغراق... بىر قەيسەر خەلق... بۇ خەلقنىڭ تارىخىي كەچمىش - قىسمەتلىرى ئاشۇ توغراقنىڭ كەچمىش - قىسمەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ توغراق - تەكلىماكان توغرىقى. بۇ خەلق - تەكلىماكان خەلقى. تەكلىماكان توغرىقى بىلەن تەكلىماكان خەلقى تەقدىرداش. بۇ تەكلىماكان توغرىقى تەكلىماكاندا «قۇملار دۇنياسىنى ماكان قىلىپ يېتىلىدۇ»، «چۆل - جەزىرىلەرنىڭ جاپاسىدا تاۋلىنىدۇ»، «يازدا قۇياش يالقۇنى»غا قاقلىنىپ، «چۆل بورانلىرى»دا يەلپۈنىدۇ؛ «قىش پەسلى تىنىمسىز جەزىرە شۇۋىرغانلىرى»غا نىشان بولىدۇ... شۇنداق بولسىمۇ، «ئانا تۇپراقتىن ھاياتلىق تېپىپ»، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە چۆللەردە يىلتىز تارتىپ، ھەرياققا يامراپ، «يېشىل نەسلىنى باغانسېرى كۆپەيتىپ تۇرىدۇ». ئۇنىڭ يىقىلغىنى ۋە كېسىلگىنى ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە باراۋەر ئەمەس. ئۇ ھەتتا كېسىپ تاشلانسىمۇ، قاغجىراپ قاقشال بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان «غول ۋە كېسەك بېغىشلىرى»دىن «يېڭى بىخ ۋە نوتىلارنى چىقىرىپ»، ئاداققى ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. تەكلىماكان توغرىقىنىڭ بۇ قەيسەر قىياپىتىدىن تەكلىماكان خەلقىنىڭ جەسۇر ھالىتىنى كۆرۈش مۇمكىن. دېمەك تەكلىماكان نەسلى بولغان بۇ توغراق تەكلىماكاننىڭ يەنە بىر نەسلى بولغان خەلق بىلەن بىللە مەڭگۈ ياشايدۇ.

يۇقىرىقىلار، شائىر قۇربان باراتنىڭ «كېسىلگەن توغراق» شېئىرىنى يېزىش ئارقىلىق يوشۇرۇن ھالدا ئىپادىلىمەكچى بولغان شېئىرىي پىكرى، بۇ پىكىرنى ئىپادىلەش، شائىرنىڭ مەزكۇر شېئىرىنى يېزىشتىكى تۈپ مۇددىئاسى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر شېئىردىكى قايناق ھېسسىيات ۋە بۇنداق ھېسسىيات بىلەن تويۇنغان لىرىك مەنزىرە شائىرغا يۇقىرىقى شېئىرىي پىكىرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەڭرى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

«كېسىلگەن توغراق» شېئىرىدا سىمۋوللۇق مەزمۇنغا ئىگە بولغان «توغراق» ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان بىرقانچە بەدىئىي ئوبراز كىتابخاننىڭ كۆرۈش سەزگۈسىمۇ ئېنىق ھېس قىلالىغۇدەك دەرىجىدە كونكرېتلىقا ئىگە قىلىنغان. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، «كېسىلگەن توغراق»

① ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل نەشرى 421 - بەت.

uyghurkitap.com

شېئىرىي مەنزىرە هاسىل قىلىشتا نەمۇنە ياراتقان ئەسەر هېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «شېئىرىي مەنزىرە» شېئىرىي پىكىردىن هاسىل بولىدىغان مەنىۋى مەنزىل (شېئىرىي پىكىردىكى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق) دىنمۇ هالقىپ، تولا هالدا شېئىردا هاسىل بولىدىغان شېئىرىي كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسىتىدۇ. شېئىرىي كۆرۈنۈش نۇقتىسىدىن بىز «كېسىلگەن توغراق» شېئىرىنى ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىلغان بىر پارچە ستېرېئولۇق رەسىمگە ئوخشىتىمىز. مەسىلەن:

. . . . .

«شاخلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى بىر تۈپ،
ياش ۋە هۆل يېڭىلا كېسىلگەن توغراق.
ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ياتاتتى جانسىز،
ئۆلۈم ئازابىدىن قاتتىق تولغىنىپ.
ئانارنىڭ سۈيىدەك قانلىق كۆز يېشى،
كېسىلگەن جايىدا قاپتۇ مۇز بولۇپ.

. . . . .

«تومۇزدا نوتىلار چىقتى بىخ سۈرۈپ،
ئۇنىڭ هۆل ۋە كېسەك بېغىشلىرىدىن.
دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ يېڭى بىخلار،
كېسىلگەن توغراقتىن تاپقانىدى جان.
نۇرلىنىپ تۇراتتى ئۇلار ياپيېشىل،
باهاردا ئويغانغان مايسىدەك يۇمران.
ۋە هەممە هاياتلىق بوغۇنلىرىدەك،
كۆزگە تاشلىناتتى بۇدرۇق هەم ئوماق.
سەبىي بىر نەزەردە بېقىپ جاهانغا،
كۆلەتتى بوشۇكتە كۆلگەندەك بوۋاق.»

. . . . .

بۇ مىسرالار بىزگە ناهايىتى ئىجتىھات بىلەن سىزىلغان ستېرېئولۇق خۇسۇسىيەتكە ۋە هەرىكەتچانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر پارچە رەڭلىك سۈرەت تۇيغۇسىنىمۇ بېرىدۇ. كىتابخان بۇ مىسرالارنى ئۆزى ئوقۇسىمۇ، باشقىلارنىڭ دېكلاماتسىيە قىلغىنىنى ئاڭلىسىمۇ ئۇنىڭدا تەسۋىرلىنىدىغان مەنزىرىلەرنى ناهايىتى ئېنىق كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، كىتابخان «كېسىلگەن توغراق» شېئىرىدىن ئۇنىڭدا هاسىل قىلىنغان مەزمۇننىڭ كەڭلىك دائىرىسى ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىگە ئاساسلىنىپ، يەنى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئىدراك قىلىپ تۇرۇپ زوقلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ شېئىرغا رەسىم ئورنىدا مۇئامىلە قىلىپ، كۆرۈش سەزگۈسىنى ئىشقا سېلىپ تۇرۇپ زوقلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا «كېسىلگەن توغراق» شېئىرىنىڭ كىتابخانغا بېرىدىغان شېئىرىي لەززىتى ستېرېئولۇق بولۇپ، بۇ خىل لەززەت كىتابخاننىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ. بۇ شېئىرنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر لىرىك شېئىرىيىتىدە مۇهىم ئەسەر دەپ قارىلىشى، ئۇنىڭدا هاسىل قىلىنغان مەنىنىڭ ئۆزگىچە كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ كىتابخانغا بېرىدىغان زوق - لەززىتىنىڭ دولقۇن تۇرۇملىرىدەك ئاشۇنداق كۆپ قاتلاملىق ئىكەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

«كېسىلگەن توغراق» گەرچە «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ماۋزۇسى ئاستىدىكى بىر پارچە شېئىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت «ئاپەتلىك يىللار» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە - 1967 - يىلى يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدىغان گۈزەللىك «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ماۋزۇسى ئاستىدىكى «دېۋاننىڭ هەيكىلى»، «يىغا قوشىقى»، «ئامانەت»، «قىزنىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىق شېئىرلاردىكىدەك تراگېدىك گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى بىر خىل يۈكسەكلىك گۈزەللىكىدىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇنىڭدا كېسىۋېتىلگەن توغراقنىڭ قايتا بىخ چىقىرىپ كۆكلىگەنلىكىدىن ئىبارەت مۆجىزىسىمان بىر هادىسە ئارقىلىق تەسەۋۋۇرغا سىغمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئاجايىپ بىر خىل قەيسەرلىك - جەسۇرلۇق ۋە قەهرىمانلىق روهى ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق روهقا مەدهىيە ئوقۇلىدۇ ۋە بۇ خىل روه ئۇلۇغلىنىدۇ. قەيسەر خاراكتېرگە ۋە جەسۇرانە ئىرادىگە ئىگە بولغان توغراق سىمۋولى ئارقىلىق قەيسەر خاراكتېرگە ۋە جەسۇرانە ياشاش ئىرادىسىگە ئىگە بىر خەلقنىڭ يۈكسەك ۋە مەردانە بەدىئىي ئوبرازى يارىتىلىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنى دېيىش كېرەككى، «كېسىلگەن توغراق» لىرىك مۇهاكىمە بىلەن لىرىك تەسۋىر ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن ئەسەر. ئۇنىڭدىكى پات - پات ئۇچراپ تۇرىدىغان، تەسۋىر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن لىرىك مۇهاكىمە - هېسسىياتنى كۈچەيتىش رولىنى، لىرىك تەسۋىر بولسا، ئوبرازلارنى روشەنلەشتۈرۈش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان، بۇ نۇقتىدىن «كېسىلگەن توغراق» لىرىك مۇهاكىمە بىلەن لىرىك تەسۋىر مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈلگەن نەمۇنىلىك ئەسەر بولۇپمۇ هېسابلىنىدۇ.

# لۇتفى غەزەللىرىدىن

**مۇھەررىردىن:** «ئۆز زامانىنىڭ سۆز پادشاھى» (ناۋائى) مەۋلانە لۇتفى (1366 ـ 1465) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە يېتۇك شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانى ۋە نۇرغۇن لىرىك شېئىرلىرى بار. مەلۇماتلارغا قارىغاندا لۇتفىنىڭ ئەسەرلىرى قولىيازما ھالدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئەنە شۇنداق نۇسخىلارنىڭ بىرى گېرمانىيىنىڭ گوتا شەھىرىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ. بۇ نۇسخا توغرىسىدا نېمىس ئالىمى ۋىلگېلىم پېرىچ 1864 ـ يىلى نەشر قىلىنغان تۈركچە قولىيازمىلارغا ئائىت كاتالوگدا تۇنجى قېتىم مەلۇمات بەرگەن. ئۇندىن كېيىن چارلىز رىيا، ئەھمەد زەكى ۋەلىدى، ئىسمائىل ھىكمەت ئەرتەيلان، بېرتېلس قاتارلىق چەت ئەللىك تەتقىقاتچى ئالىملار لۇتفى ئەسەرلىرى توغرىسىدا توختالغان. تۆۋەندە بىز لۇتفى ئەسەرلىرىدىن ئازغىنە پارچىلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

ئەي جامالىڭ شامئۇ، خۇرشىدۇ قەمەر پەرۋانىسى،
بىر سەدەپ ئىككى جاھان ئەھلىيۇ سەن دۇردانىسى.

نۇختەدۇر يا خالى مۇشكىن ئۇل زامان ئالماسىدا،
ئالمىنىڭ نازۇكلىقىدىن يا كۆرۈنۇر دانىسى.

بۇزغاي ئۇچماقۇ تامۇقنى بولمىسا زەنجىرى يۈز،
كىمكى بولغاي ئۇل مۇسەلسەل زۇلفىنىڭ دىۋانىسى.

ئۇل شىكەر ئىرنى ئۇچۇن جان بەرگىنىم تا بولدى پاش،
قىسسەيى پەرھادۇ ـ شىرىن بولدى ئەل ئەپسانىسى.

جامى ۋەسلىڭدىن ماڭا ھەجر ئوغۇسى بولدى نېسىپ،
گويىيا دەۋرىڭدە تولدى بەندىنىڭ پەيمانىسى.

ئەي لاتاپەت مۇلكىدە سۇلتان، بۇ لۇتفى كۆڭلىن ئال،
پەرىز ئىرۇر ئېھسان گاداغا، سەلتەنەت شۇكرانىسى.

* *

نەۋ باھار ئولدى ۋەلې ھىجران جاپالەر قىلغۇسى،
جان قۇشى يارنىڭ ھەۋەسىندە ھەۋالەر قىلغۇسى.

چۇشتە كۆرگەندە سېنى، ۋەسلىڭنى قەدرىن بىلمىدىم،
جانىمە ئەمدى پىراق ئوتى سازاۋەر قىلغۇسى.

ياز ئەگەر ناگاھ كېزەر بولساڭ چىمەندە ناز ئىلە،
گۈل ئاياقىڭغا چۇشۇپ، بۇلبۇل دۇئالەر قىلغۇسى.

ھەرنە كىم كۆڭلۈڭ تىلەر جەۋرۇ جاپادىن قىل بېگىم،
سەن نەچە قىلساڭ جاپا، بەندە ۋاپالەر قىلغۇسى.

يۈزىگە باقسا بۇ لۇتفى نالىسىن ئەيىب ئەتمىگىل،
گۈل يۈزىن كۆرگەچ، بالې بۇلبۇل نەۋالەر قىلغۇسى.

* *

لەلىنى ھەرگاھكى ياد ئەتسەم، راۋان جان يىغلىغاي،
كۆزلىرىمدەك جان ئۇچۇن مىسكىن كۆڭۈل قان يىغلىغاي.

ئۇل پەرى ئاغزى غەمىندە يىغلىسا كۆز، نە ئەجەب،
خاتەمىندىن گەر يىراق چۇشسە، سۇلايمان يىغلىغاي.

تاڭ يىلى جەننەتتە قىلسا قەددۇ يۈزۈڭ ۋەسپىنى،
تۇبى ھەيران قالغايۇ ھەسرەتتە رىزۋان يىغلىغاي.

گەر جاراھەتلىك كۆڭۈلدە ناگىھان ئۆتسە ئوقۇڭ،
دەردىگە رەھىم ئەيلابان، قان ياشى پەيكان يىغلىغاي.

ئاي يۈزۈڭنىڭ ھەسرەتىندە بارسا لۇتفى دۇنيادىن،
يەرۇ كۆك ئەھلى مازارىندا پاراۋان يىغلىغاي.

* *

تا ئۇل ئاينىڭ ۋادىيى ئىشقىندا چۇشتى مەنزىلىم،
دەم ـ بەدەم ھۇسنى كىبى ئارتار مېنىڭ دەردى دىلىم.

www.uyghurbitap.com

مەن ھەۋاسىدا يىراقتىن زەررىتەك ئاشۇپتىمەن،
ئۇل قۇياش يۈزلۈك ۋەلي بىر زەررە بولماس مايىلىم.

ماتىمىدە بارچە كۆك ئەھلى قارا كەيگۈسىدۇر،
چۈن سېنىڭ قان تۆككىچى كاپىر كۆزۈڭدۇر قاتىلىم.

ئارازىڭ شەمئىگە ئاشىق بولغىلى پەرۋانىدەك،
كۆيمەكۇ سەرگەشتىلىكتىن ئۆزگە يوقتۇر ھاسىلىم.

كەچتى ئۆمرۈم لۇتفى يەڭلىغ كۆرمەيىن شادى ۋەسىل،
گويىيا قايغۇ بىلەن تەھمىر قىلمىشلەر گىلىم.

* *

قان بولدى كۆڭۈل يىراقىڭىزدىن.
جان كۆيدى ھەم ئىشتىياقىڭىزدىن.

دىنۇ، دىلۇ، ئەقىل بولدى ياغما،
جان ئالغۇچى ئۇل قاراقىڭىزدىن.

ئوقتەك بويىمىز ئېگىلدى يادەك،
ئۇل پىتنەلىك ئىككى تاقىڭىزدىن.

سۇ بولدى جانىم، ۋەلي دەمادەم،
ئوتقا ياقىلۇر دۇداقىڭىزدىن.

ئالتۇن كىبى چېھرە بولدى سارىغ،
ئۇل سىيىم بىكىن سەقاقىڭىزدىن.

كۆرسەم كېرەك ئايۇكۇن بۇلۇتسىز،
ساچىنى كۆتۈرۈڭ ياڭاقىڭىزدىن.

بۇلۇتفىيۇ خەستىنى سۇراڭلىم،
بىچارە ئۆلەر يىراقىڭىزدىن.

* *

نىگارا، سەنسىزىن مەندىن نەھاسىل،
ئەگەر جان بولمىسا تەندىن نەھاسىل؟

چۈگۈلدىن رەڭ ئەمەس بۇلبۇلغا بۇيى،
باھارۇ، باغۇ گۈلشەندىن نەھاسىل؟

جاپايۇ ئىشۋەلەرنى پەن تۈتۈپسەن،
مۇنىڭدەك ئىشۋەيۇ پەندىن نەھاسىل؟

كىشىكىم يوقتۇرۇر مېھرۇ - ۋاپاسى،
ئەگەر خۇرشىد تۇرۇر، ئاندىن نەھاسىل؟

بۇ تۇرلۇك ھۆسن ئىلە لۇتفى قۇلۇڭغا،
ئىنايەت قىلمىساڭ، سەندىن نەھاسىل؟

* *

ئىنتىزار ئۆتىندا قويما بىزنى، ئەي ئارامى روھ،
گەر كىشىگە سەبرى ئەيىب بولسا، يوقتۇر ئۆمرى نوھ.

تا كۆڭۈل بەردى ئىرادەت ئىلكى ئىشقىڭ پىرىنە،
تەۋبە قىلدىم ئۆزگىلەر مېھرىدىن ئەنداقكىم نەسۇھ.

تەلىم ئالۇركىم كۆڭۈل جان ھەلقەسىندە دائىما،
زۇلفۇ يۈزۈڭ زىكرىدىن يوق ئۆزگە سۆز شامۇ سەبۇھ.

ئۆزگىگە بەرمە كۆڭۈل، سەندىن تىلەكىم ئۇشبۇدۇر،
مۇندىن ئارتۇق ھەرنىچە ئېتسەڭ جاپا بولغاي پۇتۇھ.

ھەرنىچە كىم رەھمسىز سەن، يىغلىمايسەن ھالىمە،
گەر فىراقىڭ قىسسەسىنى لۇتفى قۇل قىلسا شۇرۇھ.

* *

ئەي بېگىم، دۇنيا كېچەر مەزلۇملەرە داد ئەيلىگىل،
سەرۋتېك قەددىڭ ئۇچۇن بىر بەندە ئازاد ئەيلىگىل.

گەرچە ئىلكىڭدىن كېلۇركىم دۇنيانى قىلساڭ خاراب،
بۇ بۇزۇلغان كۆڭلىمىز مۇلكىنى ئاباد ئەيلىگىل.

ھەق سەڭا كۆرگۈزمەسۇن دەپ دۇنيادا غەم يۈزىنى،
مۇبتەلا بولغان كىشىلەر كۆڭلىنى شاد ئەيلەگىل.

ئاشىقى ئۆمرىن كەچۈردى تۈنۈگۈن يادىڭ بىلە،
تەڭرىلىك بولغاي بىررەر ھەم سەن ئانى ياد ئەيلىگىل.

گەرچە يازۇقلۇق ئېرۇر بۇ لۇتفى ھەددىن تاش دىلى،
جانىغا رەھىم ئەيلەبان ھەد نىچە ئەخداد ئەيلەگىل.



# هۆكۈم



## (ھېكايە)

**فرانس كافكا [ئاۋسترىيە]**

مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى

باھار ئاپتىپى پارلاپ تۇرغان بىر يەكشەنبە ئەتىگەنلىكى. ياش سودىگەر گېئورگ بوندىمان ئىككى قەۋەتلىك بىنادىكى خۇسۇسىي خانىسىدا ئولتۇراتتى. بۇ پاكار ۋە ئاددىيلا سېلىنغان بىنا بولۇپ، دەريا بويىنى بويلىتىپ قاتىرىسىغا سېلىنغان بۇنداق بىنالار پەقەت ئېگىز - پاكارلىقى ۋە رەڭگى بىلەنلا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بوندىمان تېخى بىر دوستىغا يېزىلا خەت يېزىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى بۇ دوستى ھازىر چەت ئەلدە تۇراتتى. ئۇ كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇنداقلا چاپلاپ قويدى. جەينەكلىرىنى يېزىق ئۈستىلىگە قويۇپ، دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى دەرياغا، كۆۋرۈككە ۋە قارشى قىرغاقتىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن تاغقا تىكىلدى.

ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. ئۇنىڭ دوستى دۆلىتىدىكى ئۆز ئىستىقبالىدىن تازا دېگەندەك رازى بولمىغاچقا، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا روسىيىگە قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھازىر پېتىربۇرگتا دۇكان ئېچىۋاتاتتى، دەسلەپكى چاغلاردا سودىسى خېلى ئېقىش تاپقانىدى، لېكىن كېيىنچە ئۇ بارغانسېرى ۋەتىنىگە ئاز كېلىدىغان، كەلگەن چاغلىرىدا ھەدەپ سودىسىنىڭ كاساتلىقىدىن ئاغرىنىدىغان بولۇپ قالدى. مانا شۇنداق قىلىپ، ئۇ چەت ئەلدە تۇرۇپ قېلىپ ھېچقانچە ئىش قىلالمىدى. ئۇنىڭ چەت ئەل پاسونىدىكى ساقىلى بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا كىشىلەرگە تونۇش بولۇپ كەتكەن چىرايىنى يېپىشقا ئاجىزلىق قىلىپ قالغانىدى، تېگى - تېگىدىن سېرىقلىق چىقىپ تۇرىدىغان چىرايى ئۇنىڭ بىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىدىن، يەنە كېلىپ كېسەلنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىمۇ شۇ يەردە بىللە تۇرۇۋاتقان مۇھاجىر قېرىنداشلىرى بىلەن ھېچقانداق باردى - كەلدىسى يوقلۇقىنى، شۇ يەرلىك كىشىلەر بىلەنمۇ ئالاقە قىلىشمايدىغانلىقىنى، باشتىن - ئاخىر توپقا قوشۇلماي ئەڭ ئاخىرقى نەپەسكىچە يەككە - يېگانە ياشاپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

مانا مۇشۇنداق تەرسا، يەنە كېلىپ جاھىل بىر ئادەمگە نېمىلەرنى يېزىش مۇمكىن؟ كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان بىلەن، لېكىن ھېچقانداق ياردەم قىلالمايتتى. ئېھتىمال ئۇنى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە، تىرىكچىلىكنىڭ بىرەر يولىنى تېپىشقا، جىمىكى كونا دوست - يارەنلىرى بىلەن يېڭىۋاشتىن ئالاقە ئورنىتىشقا دەۋەت قىلىش كېرەكتۇر، بۇ ئەلۋەتتە تەس ئىشمۇ ئەمەس. ئۇنى يەنە دوستلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا دەۋەت قىلىش كېرەكتۇر، لېكىن ئۇنى شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۇنىڭغا: «ھازىرغىچە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار كەتتى، بارلىق تىرىشچانلىقلىرىڭدىن ۋاز كېچىپ، يۇرتۇڭغا قايتىپ كەل، سېنىڭدەك بىر سەيياھقا ھەممە ئادەم چەكچىيىپ قاراشسۇن» دېگەنلىك بولاتتى. ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئىقتىدارلىق ئىدى، پەقەت شۇلا ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي، يۇرتىدىكى بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقان دوستلىرىنىڭ كەينىدە سۆرىلىپ قېلىۋەردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قانچىكى ئېھتىيات

www.uyghurkitap.com

بىلەن گەپ قىلغانسېرى ئۇنىڭ قەلبى شۇنچىكى جاراھەتلىنەتتى. ئۇنىڭغا ئارتىپ قويۇلغان دەرد - ئەلەملەرنى ئاخىرقى ھېسابتا شۇنداق قىلىشقا ئەرزىيتتى دەپ كىممۇ مۇئەييەنلەشتۇرەلەيدۇ؟ كىم بىلىدۇ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇ؟ ئۇ ئۆزى: «يۇرتۇمنىڭ ئەھۋالى بىلەن تازا تونۇشلۇقۇم قالمىدى، يەنە كېلىپ پەندى - نەسىھەتلەر كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىۋەتتى، دوستلىرىمدىن تېخىمۇ ياتلىشىپ كەتتىم. شۇڭلاشقا مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، يات ئەلدە تۇرۇۋەرمەي ئىلاجىم يوق» دېگەن. ناۋادا ئۇ پەندى - نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ بۇ يەردە بىسىم ھېس قىلىپ، مەيلى دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا بولسۇن ياكى ئۇلار يوق يەردە بولسۇن، ھامان قورۇنۇش ۋە خىجىلچىلىق ھېس قىلىپ قالغان بولاتتى. باشقىلار قەستەن شۇنداق قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئەمەلىيەت مۇقەررەر شۇنداق بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ راستىنلا يۇرت - ماكانىدىن، دوست - بۇرادەرلىرىدىن جۇدا بولغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇنىڭ يەنىلا ئىلگىرىكىدەك يات ئەلدە تۇرۇۋەرگىنى ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ بىرەر ئىشنى قىلالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟

مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا خەت يېزىپ تۇرغۇسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋاللىرىنى خۇددى ئەڭ يىراقتىكى دوست - يارەنلىرىگە دەپ بېرەلىگىنىدەك قىلچە غەم - ئەندىشىسىز دەپ بېرەلىشى تەس ئىدى. دوستىنىڭ يۇرتىغا كەلمىگىنىگە ئۈچ يىلدىن ئاشتى. ئۇ بۇنىڭغا زورمۇ زور «روسىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولمىغاچقا، بىر ئۇششاق سودىگەرنىڭ چېگرىدىن قىسقا ۋاقىتلىق چىقىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېگەننى باھانە قىلدى. لېكىن دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان روسىيىلىك دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى كېزىپ يۈرەتتى. مانا شۇ ئۈچ يىل ئىچىدە گېئوك ئۇرغۇن - ئۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇنىڭ ئانىسى بۇنىڭدىن ئىككى يىلچە بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭدىن بۇيان گېئوك ياشىنىپ قالغان دادىسى بىلەن بىللە سودا قىلىپ تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دوستى قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بىر پارچە خەت يېزىپ، تاغدىن - باغدىن بولسىمۇ كۆڭۈل سوراپ قويىدى. بەلكى ئۇ چەت ئەلدە تۇرۇپ مۇنداق ئىشلارنىڭ نەقەدەر قايغۇ - ھەسرەتلىك بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغاندۇر. شۇنىڭدىن كېيىن گېئوك سودا - سېتىققا ۋە باشقا جىمىكى ئىشلارغا تېخىمۇ زور جاسارەت بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئانىسى ھايات ۋاقتىدا، ئېھتىمال دادىسى سودا - سېتىقتا مۇستەبىتلىك قىلىپ، ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىش قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىنمۇ ياكى ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن دادىسى دۇكاننىڭ ئىشلىرىنى ھېلىمۇ ئۆزى باشقۇرسىمۇ لېكىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان بولۇپ قالغاچقىمۇ ۋە ياكى تاسادىپ ئامەت - بۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن - تېخىمۇ زور رول ئوينىغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ سودىسى ئىككى يىلدا ئويلىمىغان يەردىن يۈرۈشۈپ كەتتى. دۇكان خادىملىرىنى بىر ھەسسە كۆپەيتىشكە توغرا كەلدى. سېتىلىش سوممىسى بەش قاتلاندى. سودا - سېتىقنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشىدا گەپ يوق ئىدى.

ئۇنىڭ دوستى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئىلگىرى، ئېھتىمال ئاخىرقى قېتىمدۇر، ئۇ ھېلىقى كۆڭۈل ئېيتىپ يازغان خېتىدە گېئوكنى روسىيىگە بېرىشقا قايىل قىلماقچى بولۇپ، گېئوك قىلىۋاتقان سودىنىڭ پېتىربورگتا قانداق ئىستىقبال تاپالايدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ ئۆتكەنىدى. لېكىن ئۇ يەردىكى سودا ئوبوروتى گېئوكنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان سودىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. ئۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا سودىسىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى خەت ئارقىلىق دوستىغا دەپ بەرگۈسى كەلمىگەنىدى. ئەگەر ئۇ ئەمدى بولغاندا شۇ ئىشلارنى يېزىپ يۈرسە بۇ تولىمۇ غەلىتە ئىش بولغان بولاتتى.

شۇڭا گېئوك دوستىغا ئەزەلدىن پەقەت ئانچە مۇھىم بولمىغان ئىشلار توغرىلىقلا يازاتتى. مۇنداق خەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى جىمجىت يەكشەنبە كۈنى ئازراق ئويلىنىپلا تاپقىلى بولاتتى. مۇنداق ئىشلار ئەسلىدىنلا ئۇنىڭ خاتىرىسىگە قالايمىقان دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ دوستىنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان يۇرتىغا نىسبەتەن شەكىللەنگەن كۆزقارىشىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىشىنى ئويلايتتى، دوستىمۇ شۇنداق قاراشقا كۆنۈكۈپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن گېئوك ئۇزۇن -

ئۆزۈندا يازغان ئۈچ پارچە خېتىدە ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتسىز بىر ئەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز بىر ئايالنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىنى يازدى. ئاخىرى بېرىپ دوستى ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلماي تۇرالمىدى. لېكىن گىئوك بىپەرۋالىقىنىڭ بۇنداق نەتىجە بېرىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى.

گىئوك دوستىغا مانا شۇنداق ئىشلارنى يېزىپ يۈرگىنى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى باي ئائىلىنىڭ قىزى فىرىدا براندىنفېرد خېنىم بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشنى خالىمىدى. ئۇ لايىقى بىلەن ئاشۇ دوستى ۋە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە خەت ئالاقىسى توغرۇلۇق پات - پات پاراڭلىشىپ قالاتتى.

– ئۇ تويىمىزغا كەلمەسلىكى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ مەن دوستلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇشۇشقا ھوقۇقلۇق - تە!– دېدى ئۇنىڭ لايىقى.

– مېنىڭ ئۇنى ئاۋارە قىلغۇم يوق،– دېدى گىئوك،– مېنى چۈشىنىڭ، ئۇ كېلىشى مۇمكىن، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. لېكىن ئۇ ئۆزىنى مەجبۇرلانغاندەك ۋە ئازار يەپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. ماڭا ھەسەت قىلىشى مۇمكىن، ئۇ مەندىن چوقۇم نارازى بولىدۇ. يەنە كېلىپ مۇنداق تىت - تىتلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۆزى يالغۇز قايتىپ كېتەلمەيدۇ. سىز يالغۇزلۇق دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟

– ھىم، ئۇ بىزنىڭ توي قىلغانلىقىمىزنى باشقىلاردىن ئۇقماي قالارمۇ؟

– ئۇنىڭ ئۇقۇشىنى ئەلۋەتتە توسۇيالمايمەن. لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، ئۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

– شۇنداق بىر دوستىڭىز بولغاندىكىن، گىئوك، بىز ئەسلى توي قىلىشقا پۈتۈشمىسەك بوپتىكەن.

– راست دەيسىز! بۇنىڭدا ھەر ئىككىلىمىز-نىڭ مەسئۇلىيىتىمىز بار. لېكىن ئەمدى بولغاندا مېنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتكىممۇ يوق.

گىئوكنىڭ قايناق سۆيۈشلىرىدىن نەپەسى بوغۇلغان چاغدا:

– بۇ ئىشتىن كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى،– دېدى قىز.

بۇ چاغدا ھەممە گەپنى دوستىغا دېيىشنىڭ ئادەمنى ئۈنچىۋالا تەڭلىكتە قويىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى ئۇمۇ ھېس قىلدى ۋە ئىچىدە: «مەن مانا مۇشۇنداق ئادەم، ئۇمۇ مېنىڭ مۇشۇنداق بولۇشۇمغا يول قويۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇ مەندىن ئۆزگە دوست بولۇشقا تېخىمۇ بەكرەك مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن» دەپ ئويلىدى.

دېگەندەك ئۇ شۇ يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن دوستىغا ئۇزۇن خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىنى ئۇنىڭغا دېدى. ئۇ خەتكە مۇنداق دەپ يازدى: «ئەڭ ياخشى خەۋەرنى ئەڭ ئاخىرىدا يېزىۋاتىمەن. مەن فىرىدا براندىنفېرد خېنىم بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشتۇم. ئۇ سەن كېتىپ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەن بىر باي ئائىلىنىڭ قىزى. سەن ئۇ ئائىلىدىكىلەرنى تونۇمايسەن. لايىقىمنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي يېزىشقا كېيىن يەنە پۇرسەت تۇغۇلىدۇ. بۈگۈنچە ساڭا دەپ تۇرىدىغىنىم، مەن ئىنتايىن بەختلىك. ئەگەر بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزدە ئاز - تولا ئۆزگىرىش بولدى دېسەك، ئۇ ئۆزگىرىش شۇكى، مەن ئەمدى سېنىڭ ئىنتايىن ئادەتتىكى دوستۇڭ ئەمەس، بەلكى بەختلىك دوستۇڭ بولۇپ قالدىم. بۇنىڭدىن باشقا لايىقىممۇ سېنىڭ سەمىمىي دوستۇڭ بولۇپ قالغۇسى. بۇ، بىر بويتاققا نىسبەتەن قىلچە ئەھمىيىتى يوق نەرسىمۇ ئەمەس. ئۇ ساڭا سەمىمىي سالام ئېيتتى. كېيىنچە ئۇ ئۆزى ساڭا خەت يازماقچى. بىلىمەن، سېنىڭ بىزنى يوقلاپ كېلىشىڭگە توسقۇن بولۇۋاتقان نۇرغۇن ئىشلار بار. ئەجەبا بىزنىڭ تويىمىز بارلىق توسالغۇلارنى يېڭىشىڭ ئۈچۈن تازا ياخشى پۇرسەت ئەمەسمۇ؟ شۇنداقتىمۇ قانداقلا بولسۇن ئۆزۈڭگە قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتارسەن. غەم - ئەندىشە قىلماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن».

گىئوك خەتنى قولىدا تۇتقىنىچە دېرىزىگە قاراپ، يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئۇزاق ئولتۇردى. تونۇش بىرى تار كوچىدىن چىقىپ، مۇشۇ يەردىن ئۆتكىچە ئۇنىڭغا سالام قىلىۋىدى، ئۇ پەرۋاسىز كۈلۈمسىرەش بىلەنلا جاۋاب قايتۇردى.

ئۇ ئاخىر خەتنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئۆيدىن چىقتى ۋە تارغىنا كارىدوردىن ئۆتۈپ، دادىسىنىڭ خانىسىغا كىردى. ئۇنىڭ بۇ خانىغا كىرىپ باقمىغىنىغا بىرنەچچە ئاي بولغانىدى. ئادەتتە بۇ يەرگە كېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى ئۇ دادىسى بىلەن دۇكاندا دائىم كۆرۈشۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشلۈك تاماقنى بىر ئاشخانىدا يەيتتى. كەچتە ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئالدىغا ئازراقتىن بىرنېمە يېسىمۇ، گېئوك دوستلىرىنىڭ يىغىلىشىغا بارمىسىلا - ئۇ يىغىلىشلارغا كەمدىن - كەم باراتتى - ياكى مۇشۇ ۋاقىتتا لايىتقىنى يوقلاپ بارمىسىلا ئۇلار تاماقتىن كېيىن ھەمىشە ئوتتۇرىدىكى ئۆيدە بىردەم - يېرىم دەم بىللە ئولتۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا گېزىت ئوقۇشاتتى.

دادىسىنىڭ خانىسى قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغان مۇشۇنداق ئەتىگەنلىكىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. گېئوك بۇنىڭدىن ھەيران بولاتتى، ئەسلى چاققانغىنا ھويلىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر ئېگىز تام كۈن نۇرىنى توسۇۋالاتتى. دادىسى دېرىزە يېنىدىكى بۇلۇڭدا ئولتۇراتتى، بۇ يەرگە مەرھۇم ئانىسىنى ئەسلىتىدىغان ھەر خىل خاتىرە بۇيۇملىرى تىزىپ قويۇلغانىدى. دادىسى گېزىت ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ گېزىتنى ئالدىغىراق تۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق كۆزىنىڭ كېسىلىنى ياخشىلىماقچى بولاتتى. ئۈستەلدە ئازراقلا يەپ ئېشىپ قالغان ناشتىلىق تۇراتتى.

- ھە، گېئوك! - دېدى دادىسى ئۇنىڭغا قاراپ مېڭىپ. ماڭغان چاغدا ئۇنىڭ قېلىن رەختتىن تىكىلگەن ئۇخلاش كىيىمىنىڭ ئالدى ئېچىلىپ، ئىچكى گەۋدىسىنى يۆگىگىنىچە پۇلاڭلاپ تۇراتتى. «دادام زەربەردەسلىكىنى ھېلىمۇ يوقاتماپتۇ» دەپ ئويلىدى گېئوك.

- بۇ يەرنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا ئادەم چىداپ بولمايدىكەن، - دېدى ئۇ.

- راست دەيسەن، بەك قاراڭغۇ، - دېدى دادىسى.

- دېرىزىنىمۇ يېپىپ قويغانمىدىڭ؟

- مەن مۇشۇنداق تۇرۇشنى خالايمەن.

- تالا شۇنداق ئىللىق، - دېدى گېئوك، خۇددى باياتىنقى گېپىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغاندەك. ئاندىن ئولتۇردى.

دادىسى ئۈستەلدىكى قاچا - قۇچىلارنى ئېلىپ بىر ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قويدى.

- بىر ئىشنى ساڭا دەپ قويغىلى كەلگەنىدىم، - سۆزىنى داۋام قىلدى گېئوك دادىسىنىڭ ھەرىكىتىگە ھەيرانلىق بىلەن نەزەر سېلىپ، - مەن بايا پېتېربورگتىكى دوستۇمغا خەت يېزىپ، توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا دېدىم، - ئۇ خەتنى يانچۇقىدىن ئازراقلا چىقىرىپ، يەنە قايتۇرۇپ سېلىۋەتتى.

- پېتېربورگقا؟ - سورىدى دادىسى.

- ئۇنىڭغا پەقەت شۇ ئىشنى دەپ قويدۇم، - دېدى گېئوك گەپ قىلىۋېتىپ دادىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ. دۇكاندىكى چاغلاردا ئۇ ھەرگىزمۇ مۇنداق قىلمايتتى. قاراڭ، ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقىغا، شۇ تاپتا ئۇ قوللىرىنى كۆكرىكى ئۈستىدە گىرەلەشتۇرۇپ، راھەتلىنىپ ئولتۇرىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

- شۇنداق، دوست دېگەنگە دەپ قويۇش كېرەك، - دېدى دادىسى سالماق ئاھاڭدا.

- ساڭا مەلۇم، دەسلەپتە توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا دېگۈم يوق ئىدى. مەن ئەنسىرەپ قالدىم. بۇنىڭدا باشقا سەۋەبمۇ يوق، لېكىن ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇ چىقىشىپ ئۆتۈش بەك تەس بىر ئادەم. مەن شۇنى ئويلاپ قالدىم، ئۇ مېنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىمنى باشقىلاردىن ئاڭلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ يەككە - يېگانە ياشاش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا بۇنى ئاڭلاپ قېلىشى ئانچە مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئاڭلىمايدىمۇ دېيەلمەيمەن. ئۆزۈمنىڭ ئويى بويىچە بولغاندا، بۇنى ئۇنىڭغا دېگۈم يوق ئىدى.

- ئۇنداقتا ئەمدى باشقا بىر قارارغا كەپسەن - دە؟

- سورىدى دادىسى. ئۇ قولىدىكى چوڭ گېزىتنى دېرىزە تەكچىسىگە قويدى، ئاندىن كۆزەينىكىنى گېزىتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قولى بىلەن بېسىپ تۇردى.

- ھەئە، ھازىر مەن يېڭىۋاشتىن ئويلاندىم، مېنىڭچە ئەگەر ئۇ مېنىڭ يېقىن دوستۇم بولىدىكەن، ئۇنداقتا مېنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشۈشتىن ئىبارەت بۇ بەختىم ئۇنىڭمۇ بەختى، شۇڭلاشقا يەنە ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي، ئۇنىڭغا خەۋەر قىلاي. ماۋۇ خەتنى سېلىۋەتمەستە، ساڭا دەپ قوياي دەپ كىرىۋىدىم.

- گېئوك، - دېدى دادىسى چىشى قالمىغان ئاغزىنى ئېچىپ، - قۇلاق سال، سەن مۇشۇ ئىشنى دەپ مەن بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى كەپسەن. بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ ساڭا بولغان ھۆرمىتىمنى ئاشۇرىدۇ. لېكىن ئەگەر ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى ھازىر ماڭا دېمىسەڭ، ئۇ ھالدا بۇ نۆلگە تەڭ بولىدۇ، ھەتتا مېنى بىئارام قىلىدۇ. مېنىڭ بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى تەگەپ ئولتۇرغۇم يوق. قەدىرلىك ئاناڭ ۋاپات بولغاندىن بۇيان، يۈز بەرمەسلىككە تېگىشلىك بەزى ئىشلار يۈز بەردى. ئېھتىمال

شۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشكە تېگىشلىك ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغاندۇر. لېكىن ئۇنداق ۋاقىتنىڭ بىز ئويلىغاندىنمۇ بالدۇرراق كېلىشى ناتايىن. دۇكاندىكى بەزى ئىشلارغا يېتىشىپ كېتەلمەيۋاتىمەن، بەلكىم بەزى ئىشلارنى مەندىن يوشۇرۇپمۇ يۈرمىگەنسەن — ھازىرغۇ مەن پەرەز بىلەن بەزىبىر ئىشلارنى مەندىن قەستەن يوشۇرۇۋاتىسەن دېيىشنى خالىمايمەن. ماغدۇرۇم ئازلاپ، ئۇنتۇغاق بولۇپ قالدىم، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم قول سېلىپ قىلالمايمەن. بىرى، بۇ تەبىئىي ئەھۋال؛ ئىككىنچىدىن، ئاناڭنىڭ ئۆلۈمى ساڭا قارىغاندا ماڭا بەكرەك ئېغىر كەلدى. شۇنداقتىمۇ بىز مۇشۇ بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقان بولغاندىكىن، مۇنۇ خەتنىڭ ئىشىدا، گىئوك، مېنىڭ ئىلتىماسىم، مېنى ئالدىما. مۇشۇ كىچىككىنە بىر ئىشتا، ئەرزىمەس بىر ئىشتا مېنى ئالدىما. پېتىربورگتا سېنىڭ راستىلا شۇنداق بىر دوستۇڭ بارمۇ؟

— دوستلىرىمنىڭ گېپىنى قىلما، — دېدى گىئوك ئوڭايسىز بىر ھالەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ، — ماڭا نىسبەتەن مېنىڭ دوستىمۇ بىر ئاتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ سەن سالامەتلىكىڭنى ئاسرىمايسەن، ياش دېگەن ئادەمگە باقمايدۇ. دۇكاندا مەن سېنىڭسىز ئىش قىلالمايمەن، بۇنى ئوبدان بىلىسەن، ناۋادا كېرەك سودا - سېتىق سالامەتلىكىڭگە تەھدىت سېلىۋاتقان بولسا، دۇكاننى ئەتىلا مەڭگۈلۈككە تاقىۋېتەي. ئەمدى مۇنداق كېتىۋەرمە، تۇرمۇش ئۇسۇلىڭنى ئۆزگەرتەيلى، ئۆزگەرتكەندىمۇ تۈپتىن ئۆزگەرتەيلى. بۇ يەردە سەن قاراڭغۇدا ئولتۇرىسەن، ئوتتۇردىكى ئۆيدە ئولتۇرغان بولساڭ تولۇق ئاپتاپسىنالايتتىڭ. تاماقنىمۇ تۈزۈك يېمەيسەن، ناشتىدا ئاران بىرنەچچە چىشلەم بىرنېمە يەيسەن؛ دېرىزىلەرنى مەھكەم ئېتىپ ئولتۇرىسەن، ئەمما ساپ ھاۋا ساڭا شۇنداق پايدىلىق ئىدى. ياق، دادا! مەن بېرىپ دوختۇر چاقىرىپ كېلەي، بىز جەزمەن دوختۇرنىڭ بۇيرۇغىنىدەك قىلايلى. بىز ئۆيلەرنى ئالماشتۇرايلى، سەن ئالدىدىكى ئۆيگە كۆچ، مەن مۇشۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلەي. قويغان - تۇتقانلىرىڭنى ئۆزگەرتمەيلى، ھەممىنى تەڭ كۆچۈرۈپ ئاپىرايلى. لېكىن بۇ ئىشلارنى قىلغىلى ھامان ۋاقىت تاپىمىز، ھازىرنىڭ ئۆزىدىكى ئىش، سەن كارىۋاتقا چىقىپ بىردەم يېتىۋال. سەن جىمجىت ئارام ئېلىشىڭ كېرەك. قېنى كېلە، كىيىملىرىڭنى سالدۇرۇپ قوياي. قارا، مەن سالدۇرالايمەن. بولمىسا، سەن ھازىرلا ئالدىدىكى ئۆيگە بېرىپ، مېنىڭ كارىۋىتىمدا ياتساڭمۇ بولىدۇ. شۇنداق قىلساڭ تېخىمۇ مۇۋاپىقراق.

گىئوك دادىسىنىڭ يېنىدىلا ئۆرە تۇراتتى، دادىسىنىڭ ئاپئاق چاچلىرى چېگىشلىشىپ كەتكەن بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

— گىئوك، — دېدى دادىسى بوش ئاۋاز بىلەن ئورنىدىن قوزغالماي.

گىئوك شۇئان دادىسىنىڭ يېنىدا تىزلاندى. ئۇ دادىسىنىڭ ھارغىن چىرايىدىن ئاجايىپ يوغان كۆزقارىچۇقلىرىنىڭ ئۆزىگە ياندىن تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— پېتىربورگتا سېنىڭ دوستۇڭ يوق. سەن ئەزەلدىن چاقچاققا ئامراق، ماڭىمۇ چاقچاق قىلىۋاتىسەن. قانداقسىغا سېنىڭ دەل ئاشۇ يەردە دوستۇڭ بولىدۇ؟ مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

— ئوبدانراق ئەسلەپ باق دادا، — ئۇ دادىسىنى كۆرسىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۇخلاش كىيىمىنى سالدۇرۇۋەتتى. ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن دادىسى ئۆرە تۇرۇپ قالدى، — ئۈچ يىل بولاي دەپ قالدى، شۇ چاغدا ئۇ دوستۇم بىزنىڭكىگە كېلىپ مېھمان بولۇپ كەتكەن، ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ، سەن ئۇنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىگەنىدىڭ، مەن ئىككى قېتىم سېنى ئالداپ ئۇنى يوق دەپ قويغان، لېكىن شۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ خانامدا ئىدى. مەن ئۇنى نېمىشقا ياقتۇرماي قالغانلىقىڭنى تازا ئوبدان چۈشىنىمەن، ئۇ دوستۇمنىڭ مىجەزى سەل باشقىچىرەك. لېكىن كېيىن سەن ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئوبدان پاراڭلاشتىڭ. سەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، بەزىدە باش لىڭشىتىپ قوياتتىڭ، بەزىدە سوئال سورايتتىڭ. شۇ چاغدا مەن بۇنىڭدىن قاتتىق پەخىرلەنگەن. ئوبدان ئويلاپ باقساڭ ئەسلىيەلەيسەن. شۇ چاغدا ئۇ روسىيە ئىنقىلابى توغرىسىدا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن: مەسىلەن، ئۇ مۇنداق بىر ئىشنى دەپ بەرگەن. بىر قېتىم ئۇ كىيېفقا سودا قىلغىلى بېرىپتىكەن، بىر قېتىملىق قالايمىقانچىلىقتا بىر پوپ بالكوندا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالقىنىغا يوغان قىلىپ قىپقىزىل كرېست بەلگىسىدىن بىرنى سىزىپتۇ، ئاندىن شۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ

كىشىلەرگە قاراپ ۋارقىراپتۇ. كېيىن ئۆزۈك مۇشۇ ھېكايىنى بەزى چاغلاردا باشقىلارغا سۆزلەپمۇ بەردىك.

شۇ ئارىلىقتا گېئوك دادىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ، كاناپتىن تىكىلگەن كالتا ئىشتىنىنىڭ تېشىغا كىيىۋالغان تىۋىتلىك ئىشتىنىنى ۋە پايپىقىنى ئاۋايلاپ سالدۇردى. بۇ كىيىملەرنىڭ خىلىلا كىرلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ، گېئوك «دادامغا پەقەت كۆڭۈل بۆلمەپتىمەن» دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى. دادىسىنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرۇش — ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئۆزىنىڭ لايىقى بىلەن تېخى سۆزلەشمىگەنىدى، ئۇلار دادىسىنى ئەسلىدىكى ئۆيىدە يالغۇز تۇرغۇزۇش توغرۇلۇق پەقەت كۆڭلىدىلا ئويلاپ قويۇشقانىدى. لېكىن ئەمدى ئۇ بىردىنلا كېيىنكى كۈنلەردە دادىسىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرغۇزۇش قارارىغا كەلدى. ئىنچىكىرەك كۆزىتىپ باقسا شۇنى بايقاشقا بولاتتىكى، ئۇلارنىڭ دادىسىنى كۈتۈش ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقلىرى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا كېچىكىپ كەتكەنىدى.

ئۇ دادىسىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. كارىۋاتقا بىرنەچچىلا قەدەم كەلگۈدەك جايدا ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزى مەيدىسىگە ئېسىۋالغان سائەتنىڭ بېغىنى ئويناۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى سۇر باستى، دادىسى سائەت بېغىنى چىڭ تۇتۇۋالغاچقا، ئۇ دادىسىنى دەرھاللا كارىۋاتقا قويالمىدى.

دادىسىنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇش بىلەن تەڭلا، ھەممە ئىش يەنە ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى. بوۋاي يوتقاننى ئۆزى يېپىنىپ، بىلىنگۈدەك ئۇقىرىراق قىلىپ تارتىۋالدى. ئۇ گېئوكقا يېقىنچىلىق نەزىرىدە قاراپ تۇراتتى.

— توغرا دەپتىمەنمۇ، ئۇنى ئېسىڭگە ئالالىدىڭمۇ؟ — سورىدى گېئوك ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇۋاتقاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ئوبدان يېپىندىڭمۇ؟ — سورىدى دادىسى.

ئۇ ئىككى پۇتىنىڭ ئوبدان يېپىلغانلىقىنى - يېپىلمىغانلىقىنى ئۆزى كۆرەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

— كارىۋاتتا ياتساڭ راھەتلىنىپ قالىسەن، — دېدى گېئوك دادىسىنىڭ ئۈستىدىكى يوتقاننى تېخىمۇ ھەمراق ياپقاچ.

— ئوبدان يېپىندىڭمۇ؟ — يەنە بىر قېتىم سورىدى دادىسى، ئۇ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا بەكمۇ دىققەت قىلمىدىغاندەك قىلاتتى.

— خاتىرجەم بول. ئوبدان يېپىندىڭ.

— ياق، — ئۇنىڭ جاۋابىغا ئۇلاپلا قاتتىق ۋارقىرىدى دادىسى.

دادىسى يوتقاننى ئېچىۋەتتى، ئاچقاندىمۇ كۈچەپ تۇرۇپ شۇنداق شىددەت بىلەن ئاچتىكى، يوتقان كۆزنى ئېچىپ - يۇمغىچىلىك ئارىلىقتا بىراقلا ئېچىلىپ كەتتى. دادىسى كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ، بىر قولى بىلەن تورۇسقا بوشقىنا يۆلىنىۋالدى، — سېنىڭ ماڭا يوتقاننى ئوبدان يېپىپ قويغۇڭ بار، بالام، بۇنى بىلىمەن، لېكىن مەن ئوبدان ياپالمىدىم. بارى - يوقى ماغدۇرىم شۇنچىلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ ساڭا تاقابىل تۇرۇشۇمغا يېتىپ ئاشىدۇ. مەن ئۇ دوستۇڭنى ھېلىمۇ تونۇشۇم مۇمكىن، ئۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك بالامىمۇ ئەمەس. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇنى ئالداپ كەلدىڭ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سەن خىيالىڭدا مېنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكمىدى دەمسەن؟ نەق مۇشۇ ۋەجىدىن، سەن ئىشخاناڭغا بېكىنىۋېلىپ ھېچقانداق ئادەمنى يېقىن يولاتمايسەن. قارىسا بەك ئالدىراشتەك قىلىسەن، لېكىن سەن روسىيىگە ئەۋەتىدىغان ئاشۇ يالغان خەتلىرىڭنى يېزىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىسەن. ھېلىمۇ ياخشى ھېچكىم ئۆگەتمىسىمۇ مەن سېنىڭ ئىچ - تېشىڭنى كۆرۈپ تۇرالايمەن. مانا ئەمدى سەن ئۇنى بويسۇندۇردۇم، ئۇنى ھەتتا ئورۇندۇق قىلىپ ئولتۇرۇۋالسامۇ مىدىر - سىدىر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە بويسۇندۇردۇم دەپ قاراۋاتىسەن.

گېئوك بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ ئاشۇ قورقۇنچلۇق قىياپىتىگە قارىدى. پېتىربورگتا تۇرۇۋاتقان دوستى بىلەن دادىسىنىڭ كۆتمىگەنىدە ئىنتايىن تونۇش چىقىپ قېلىشى ئۇنىڭدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ھېسداشلىقنى قوزغىدى. دوستى يىراقتىكى روسىيىدە پەرىشان بىر ھالەتتە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. پاك - پاكىز قۇرۇقدىلىپ بوشاپ قالغان دۇكاننىڭ ئىشىك كېشىكىگە يۆلەنگەن ھالەتتە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ يەنە بوزۇۋېتىلگەن مال جازىسى، پاچاقلىۋېتىلگەن ماللار ۋە ئۆرۈلۈپ كەتكەن چىراغ جازىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ نېمىدەپ شۇنچە يىراق يەرگە كەتكەن بولغىيدى؟

- ماڭا قارا، - ۋارقىرىدى دادىسى. گىئوكنىڭ بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتكۈسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ دىققىتى چېچىلغان بىر ھالەتتە كارىۋاتقا قاراپ يۈگۈردى، لېكىن ئازراق يۈگۈرۈپلا توختاپ قالدى.

- ئۇ ئېتىكنى ئىگىز كۆتۈرگەنلىكى، - گەپ باشلىدى دادىسى چىرقىراق ئاۋاز بىلەن، - ھېلىقى لەنتى ئايال ئېتىكنى مانا مۇشۇنداق ئىگىز كۆتۈرگەنلىكى، - ئۇ ئۆزى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى ئىگىز كۆتۈرۈۋىدى، ئۇنىڭ يوتىسىدىكى ئۇرۇش ۋاقتىدىن قالغان تارتۇق ئېچىلىپ قالدى، - ئۇ ئېتىكنى مۇشۇنداق ئىگىز، مانا مۇشۇنداق ئىگىز كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن بېرىپ ئۇنىڭغا سۈركەشتىڭ. ئۇنىڭ تېنى ئارقىلىق نەپسىڭنى خالىغانچە قاندۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، نومۇسىمۇ ئۇنتۇپ ئاناڭغا تۇتۇۋاتقان ھازىمىزنى بۇزدۇڭ. دوستۇڭغا ئاسىيلىق قىلدىڭ. مېنى مىدىر - سىدىر قىلالمىسۇن دەپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدۇڭ. مانا قارا، مەن مىدىرلىيالامدىكەنمەن - مىدىرلىيالامدىكەنمەن؟ - مانا ئەمدى ئۇ ھېچنېمىگە يۆلەنمەي تىك تۇراتتى ھەمدە ئۇياق - بۇياققا پۇت ئاتاتتى، ئۆزىنىڭ ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرالىغانلىقىدىن خۇشال بولاتتى.

گىئوك ئىلاجىنىڭ بارىچە دادىسىدىن يىراقراق تۇرۇش ئۈچۈن بۇلۇڭدا ئۆرە تۇردى. ئۇ تېخى بايىلا ئارقىدىن ياكى يۇقىرىدىن كەلگەن تۇيۇقسىز زەربىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ھەممىنى تولۇق كۆزىتىپ چىقىش قارارىغا كەلگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۇنتۇلۇپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان شۇ قارارىنى يەنە ئېسىگە ئالدى، لېكىن ئۇ خۇددى قىسقىغىنە بىر تال يىپنى يىڭنىنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەمدەك، بۇ ئىشنى شۇئانلا ئۇنتۇدى.

- لېكىن دوستۇڭنى ھەر ھالدا سېتىۋەتمىدىڭ! - ۋارقىرىدى دادىسى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى شىلتىپ تەلەپپۇزىنى كۈچەيتىپ، - مانا مەن ئۇنىڭ مۇشۇ يەردىكى ۋەكالەتچىسى.

- كومېدىيەك ئارتىستكەنسەن سەن! - ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى گىئوك، لېكىن ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ بالا تېرىپ قويغانلىقىنى شۇئانلا تۇيۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. كېچىككەن بولسىمۇ تىلىنى چىشلىۋىدى، ئاغرىق دەستىدىن ئېڭىشىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى قىل - قىل قالدى.

- دۇرۇس، مەن ئەلۋەتتە كومېدىيىدە رول ئالغان! كومېدىيىدە! بۇ گەپنى راست ئوبدان دېدىڭ. قېرىغان بوۋىتاق داداڭغا تەسەللى بەرگۈدەك يەنە نېمە گەپلىرىڭ بار؟ قېنى دەپ باق، جاۋاب بەرگىچە بولغان شۇ ئارىلىقتا سەن يەنىلا مېنىڭ تىرىك ئوغلۇم، مەن ئارقىدىكى ئۆيدە قېرىپ ماغدۇرۇمدىن قالدىم، دۇكاندىكى ئالدامچى مال ساتقۇچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدىم، مېنىڭ يەنە نېمەم قالدى؟ مېنىڭ ئوغلۇم بولسا خۇشلۇقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي ھەممە يەرنى كېزىپ يۈرىدۇ. مەن ئاچقان دۇكاننى تاقاپ قويۇپ ئەركىنلىككە چىقىۋېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى، يۈكسەك ئەخلاقلىق ئادەمدەك قىياپەتتە مېنىڭ ئالدىمدىن ئەيمەنمەي ئۆتۈۋېرىدىغان بولۇۋالدى. مەن سېنىڭ داداڭ، مېنى خىيالىڭدا ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرۈپ باقمىدى دەمسەن؟

«ئۇ ھازىر ئېڭىشىدۇ، - ئويلىدى گىئوك، - ئۇ يىقىلىپ چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن بولسا، ئەجەب ئوبدان بولاتتى!» بۇ سۆز ئۇنىڭ كاللىسىدا غىل - پاللا پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

دادىسى ئېڭىشتى، لېكىن يىقىلىپ كەتمىدى. گىئوك ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك ئۇنىڭ ئالدىغا بارمىغاچقا، دادىسى يەنە ئۆرە تۇردى.

- ئاشۇ يەردە جىم تۇر، ماڭا كېرىكىڭ يوق. سەن خىيالىڭدا مۇشۇ يەرگە كەلگۈدەك كۈچۈم بار دەپ ئويلامسەن؟ سەن خىيالىڭدا مۇشۇ يەرگە كەلمىگەنلىكىم ئۆزۈمنىڭ خالىمىغانلىقىمدىن دەپ ئويلامسەن؟ ياق، خاتالاشتىڭ. مەن بۇرۇندىنلا ناھايىتى كۈچلۈك، ناۋادا مەن يالغۇز بولسامدىم، نائىلاج چېكىنگەنمۇ بولاتتىم، لېكىن ئاناڭ ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت بەردى. مەن سېنىڭ دوستۇڭ بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلىپ كەلدىم. سەن ئۇقۇپ كەلگەن خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يانچۇقىمدا.

- ئۇنىڭ ھەتتا كۆڭلىكىنىڭمۇ يانچۇقى بار ئىكەن، - دېدى ئىچىدە گىئوك. ئۇ بۇ گەپنى خەلقى - ئالەم ئالدىدا دەۋەتسە، دادىسىنىڭ يۈزى تۆكۈلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئارىلىقتا ئەنە شۇنى ئويلىدى يۇ، لېكىن شۇئانلا پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كەتتى.

- لايىقىڭنى قولتۇقلاپ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ باققىنە قېنى! ئۇنى يېنىڭدىن قوغلىۋېتىپ، ساڭا قانداقلىقىمنى بىر كۆرسىتىپ

قوياي!

گىئوك بۇ گەپلەرگە ئىشەنمىگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. دادىسى دېگەن گېپىنىڭ راستلىقىنى تەكىتلەپ قويغۇسى باردەك، گىئوك تۇرغان بۇلۇڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

- سەن كېلىپ مەندىن دوستۇمغا خەت يېزىپ توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىمنى دەپ قويايمۇ دەپ سوراۋاتىسەن تېخى، ماڭا قانداق گەپ قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ، ھۇ ئەخمەق، ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ! ئۇنىڭغا مانا مەن خەت يازدىم، چۈنكى سەن خەت يازىدىغان نەرسىلەرنى ئەكەتمەي ئۇنتۇپ قاپتىكەنسەن. مانا مۇشۇ ۋەجىدىن ئۇ بىرنەچچە يىلغىچە بۇ ياقلارغا قەدەم باسمىدى. ئۇ سەندىن يۈز ھەسسە ئېنىق بىلىدۇ. ئۇ سېنىڭ خېتىڭغا قاراپمۇ قويماي سول قولى بىلەن پۇرلاپ، ئوڭ قولىدا مېنىڭ خېتىمنى تۇتۇپ ئوقۇيدۇ.

ئۇ خۇشاللىقىدا قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ:

- ئۇ سەندىن مىڭ ھەسسە ئېنىق بىلىدۇ، - دەپ ۋارقىرىدى.

- ئون مىڭ ھەسسە! - دېدى گىئوك دادىسىنى مەسخىرە قىلماقچى بولۇپ. لېكىن بۇ سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئادەتتىن تاشقىرى جىددىي تەلەپپۇزدا چىقتى.

- ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەن ساڭا شۇ سوئالنى سورارمۇ - سورىماسمۇ دەپ دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. سەن ئۆزۈڭچە مېنى باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ دېگەنمىدىڭ؟ سەن خىيالىڭدا مېنى گېزىت ئوقۇيدۇ، دېگەنمىدىڭ؟ - ئۇ ئاللىقانداق قىلىپ كارىۋاتقا چىقىپ قالغان بىر گېزىتنى گىئوكقا تاشلاپ بەردى. ئۇ بىر كونا گېزىت ئىدى، ئۇ بۇ گېزىتنىڭ نامىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدى، - سەن زادى قاچان پىشىسەن؟ ئاناڭ ئۆلۈپ كەتتى. شاد - خۇرام كۈننى كۆرۈش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. دوستۇڭ روسىيىدە تۈگىشەيلا دەپ قالدى، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىلا ئۇ چىرايى سارغىيىپ، ئۆلەيلا دەپ قاپتىكەن. لېكىن مەنچۇ؟ بۇنى كۆرەلەيسەن، بۇنى كۆرەلەيسەنغۇ!

- بۇ گەپچە سەن مېنى ئىزچىل كۆزىتىپ كېلىۋېتىپتىكەنسەن - دە! - ۋارقىرىدى گىئوك.

- سەن بەلكىم بالدۇرلا شۇنداق دېيىشىڭ كېرەكتۇر، - دېدى دادىسى ئۇنىڭغا ئېچىنىپ ئېرەنسىزلىك بىلەن، - بۇ گەپنى ئەمدى دېگىنىڭ پۈتۈنلەي مۇۋاپىق بولمىدى، - ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈردى، - دۇنيادا ئۆزۈڭدىنمۇ باشقا ئىشلارنىڭ بارلىقىنى مانا ئەمدى چۈشىنىۋاتىسەن. تا مۇشۇ چاغقىچە سەن پەقەت ئۆزۈڭنىلا بىلەتتىڭ. سەن ئەسلى بىر ساددا بالا ئىدىڭ. لېكىن سەن تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئالۋاستىدەك بىرنېمە ئىدىڭ. شۇ ۋەجىدىن ساڭا دەي: ھازىر مەن سېنى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈشكە ھۆكۈم قىلدىم.

گىئوك ئۆزىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندەك ھېس قىلدى، قۇلىقىغا ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان دادىسىنىڭ «گۈپ» قىلىپ كارىۋاتقا يىقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ خۇددى بىر قىيالىقتىن چۈشۈۋاتقاندەك، پەلەمپەي باسقۇچلىرىنى ئاتلاپ ئىتتىك - ئىتتىك چۈشتى. ئۇ ئۆيلەرنى تازىلاپ قويغىلى چىقىپ كېتىۋاتقان خىزمەتكار ئايالغا سوقۇلۇپ كەتتى. «يا خىرىستوس! » ۋارقىرىدى ھېلىقى ئايال ئېتىكى بىلەن يۈزىنى يېپىپ، لېكىن گىئوك ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەنىدى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپ، يولدىن ئۆتۈپ دەريا بويىغا كەلدى. ئۇ خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەم يېمەكلىكنى تۇتقاندەك كۆۋرۈك شادىسىنى چىڭ تۇتتى، ئاندىن شادىدىن ئارتىلىپ ئۆتتى. ياش ۋاقتىدا ئۇ گىمناستىكا تەنھەرىكەتچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى مانا شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، شادىنى يەنىلا چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ شادىلارنىڭ ئارىسىدىن بىر ئاپتوبۇسنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ئاپتوبۇسنىڭ گۈركىرىشى ئۇنىڭ «پولتۇڭغىدا» سۇغا چۈشكەن ئاۋازىنى بېسىپ كېتەلەيتتى. ئۇ پەس ئاۋازدا: «قەدىرلىك ئاتا - ئانا، مەن سىلەرنى ياخشى كۆرەتتىمغۇ» دېدى - دە، قولىنى قويۇۋەتتى.

دەل شۇ چاغدا ئادەملەر، ماشىنىلار قاتارلىشىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەكتە ئىدى.

( «چەت ئەل ھېكايىلىرىدىن زوق ئېلىش لۇغىتى» دىن)

# سونېتلار

## ۋىلىيام شېكسپىر [ئەنگلىيە]

جاسارەت تاش تەرجىمىسى



**مۇھەررىردىن:** ۋىلىيام شېكسپىر (1564 ـ 1616) ئەنگلىيىنىڭ ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئۇلۇغ دراماتورگى ۋە شائىرى. ئۇ 1564 ـ يىلى ۋورلىك ۋىلايىتىنىڭ ستانفۇر بازىرىدا تۇغۇلغان. ۋولىكتىكى ئەدەبىيات ـ قانۇن مەكتىپىدە لاتىن تىلى، قەدىمكى زامان تارىخى ۋە شېئىرىيەتنى ئۆگەنگەن. ئائىلە ئىقتىسادى ناچارلىشىپ كەتكەچكە ئوقۇشنى تاماملىمايلا مەكتەپتىن چېكىنگەن. 1586 ـ يىللىرى ئەتراپىدا لوندونغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېتىغا قارىغان. كېيىنچە تىياتىرخانىنىڭ ئارتىسى، پايچىسى بولغان. 1590 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆي ۋە يەر ـ زېمىن سېتىۋالغان. 1616 ـ يىلى 23 ـ ئاپرېل كۈنى 52 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شېكسپىر 20 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ئىككى داستان، 37 سەھنە ئەسىرى، 154 پارچە سونېت يازغان. ئۇ ياۋروپا تىياتىرچىلىق تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتۇپ قالماستىن، يەنە ياۋروپا شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ھەمدە يارقىن 154 پارچە سونېتى دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقاتمىدى. بۇ سونېتلاردا شائىرنىڭ ئىدىيىسى، دۇنيا قارىشى، ئارزۇ ـ ئىستىكى مول ھېسسىيات، گۈزەل تىل، ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ئاجايىپ بەدىئىي ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بىز دۇنياۋىي شۆھرەتكە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى كىتابخانلارغا ئىزچىل تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە شېكسپىرنىڭ بىر تۈركۈم سونېتلىرىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق

### 6

تەق قىلغۇچە ئىپارىڭنى، قالدۇرما كاۋاك
سىلىشىغا قىشنىڭ ھۆسن يازىڭغا چاڭگال،
تولدۇر ئەتىر شىشەڭگە لىق، بولماستا ھالاك
قوي گۈزەللىك بايلىقىنى ئامبارغا دەرھال.
بۇ، قىلغانلىق ئەمەس ئۆسۈم ـ پايدىنى بىكار،
قەرز ئالغۇچى بۇنىڭدىن ھەم شادلىنار ھامان،
سەندەك ئوغۇل تېپىشىڭغا ئۇ بەك ئىنتىزار،
ئوننى تاپساڭ، ئون خۇشاللىق ئەيلىنەر ئايان.
ئون بالاڭدا ئەكس ئەتسە ئون چىراي ـ چېھرىڭ،
ئونغا يەتكەي سەندىكى بىر ـ تەنھا قىياپەت،
ئەۋلادىڭغا كۆچكەن تۇرسا ھاياتىڭ ـ مېھرىڭ،
قىلالامدۇ گۈلۈكنى خەس ئەزرائىل ـ ئاپەت.
قىلما كاجلىق، بارچە ئۈزلۈق بولغان ساڭا جەم،
تويماس قۇرت يەپ كەتمىسۇن ئەيلەپ سېنى يەم.

### 10

سەن ئۆزۈڭنى شۇنچە ئاجىز ـ بىچارە چاغلاپ،
خىجىللىقتا قىلدىڭ ئوتلۇق سۆيگۈڭنى ئىنكار.
خەقلەر ساڭا يۇرسىمۇ دىل رىشتىنى باغلاپ،
ئەمما، ئاڭا نىگاھ تاشلاپ قويمىدىڭ زىنھار.
چۈنكى قۇتراپ ۋۇجۇدۇڭدا ئاداۋەت ـ زەھەر،
ئۇندەر سېنى ئۆز ـ ئۆزۈڭنى ئەيلەشكە خاراب.
ئۇ، ۋەيران قىل، دېسە كۆركەم ئورداڭنى ئەگەر،
چىقمىقىڭ شەرت بۇنىڭدىنمۇ ھەيۋەتلىك ياساپ.
سەن ئۆزگەرسەڭ، ئۆزگىرەر ھەم مەندىكى قاراش،
مۇھەببەتتىن قانداق ئۈستۈن تۇرسۇن ئاداۋەت؟
بولسۇن دىلىڭ رۇخسارىڭدەك يېقىملىق، ياۋاش،
ھېچ بولمىسا، قىل ئۆزۈڭگە شەپقەت ـ شاپائەت.
مېنى سۆيسەڭ، قايتا بىر رەت ئۆزۈڭنى يارات،
تاپسۇن سەن يا ئەۋلادىڭدا گۈزەللىك ھايات.

www.uyghurkitap.com

23

خۇددى ئارتىس تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىپ
ناخشا ئېيتماي جىم تۇرغاندەك ئۈگۈپ - تەمتىرەپ،
چەكتىن ئاشقان كۈچ - ھەيۋىسى باغرىنى سىقىپ،
يىرتقۇچ ھايۋان ۋايىسغاندەك قاتتىق ھۆركىرەپ؛
تەشۋىشلىنىپ كەلتۈرۈپمەن ئىشەنچىمگە شەك،
تۇردۇم قەلب سۆزلىرىمنى دېيەلمەي راۋان،
مۇھەببەتنىڭ تاغدەك يۈكى بېسىپ مېنى بەك،
مىسلى سۆيگۈم قۇدرىتىدىن قويمىدى نىشان.
ئېھ، بۇ ئۈنسىز نەزمىلىرىم دائىم تۇرۇپ تەق،
مەۋج ئۇرغان سۆزلىرىمنى ئەيلىسۇن بايان،
مۇھەببەتنى ئاقلىسۇن ھەم كۈتسۇن ئۇندىن ھەق،
سۆزمەن ئېغىز تۇۋاقلىنار ئۇ بولسا ئايان.
سۈكۈتكە يار سۆيگۈ يازغان شېئىرنى ئوقۇ،
كۆزۈڭ بىرلە ئاڭلا، سۆيگۈ ھېكمەتلىرى بۇ.

24

كۆزۈم رەسسام بولۇپ، كۆركەم قەددىڭنى سېنىڭ
ئەينەن سىزىپ چىقتى قەلبىم بەتلىرى ئارا،
شۇ رەسىمنىڭ نەپىس رامى ۋۇجۇدۇم مېنىڭ،
سىڭگەن كاتتا رەسسامغا خاس ئىقتىدار ئاڭا.
رەسساملاردەك ئۇنىڭ سەنئەت شەكلىگە قارا،
قايسى يەرگە تىرىك جاندەك سىزىلدىڭ ئۆزۈڭ،
ئۇ ئېسىلىپ تۇرار مەڭگۈ دىلخانەم ئارا،
دىلخانەمنىڭ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزنىكى كۆزۈڭ.
كۆر، كۆز بىلەن كۆز ماسلاشتى بولۇپ يار - ئاداش:
قامىتىڭنى سىزسا كۆزۈم قالدۇرماي چالا،
ئاچتى كۆزۈڭ يۈرىكىمدىن دېرىزە، قۇياش
خۇپىيانە قارار ئۇندىن ھەۋەستە ساڭا.
تۇرار كۆزۈم ئىلاھقا خاس تالانتتىن يىراق،
كۆرگىنىنى سىزار، دىلنى چۈشەنمەي بىراق.

27

ئەمدى ياتاي، سەپەر مېنى چارچاتتى قەۋەت،
هاردۇق يەتكەن پۇت - قوللىرىم ئالسۇن دەم - ئارام،
ئەمما، شۇئان تەسەۋۋۇرۇم تېپىپ كۈچ - مەدەت،
كاللامدىكى سەپەر يەنە ئەيلىنەر داۋام.
چۈنكى، كۆرمەي تەپەككۇرۇم ئارىنى يىراق،
تەشنالىقتا بارغاي سېنى قىلىشقا تاۋاپ،
ئۇيقۇغا زار كۆزۈم جامدەك ئېچىلىپ ئۇزاق.
تۇرار گۆرگە خاس قاراڭغۇ زۇلمەتكە قاراپ.
قەلبىم ئارا خىيال قۇشۇم قېقىپ ئەركىن پەر،
قىلدى يارقىن سىمايىڭنى ئالدىمدا ئايان،
پارلاپ گويا زۇلمەت كۆكتە نۇرانە گۆھەر،
تۈن لەشكىرى تارمار بولۇپ، يورۇدى جاھان.
بىل، كۈندۈزدە جىسمىم، تۈندە خىيالىم، دىلىم
سەن، مەن ئۈچۈن غەم يەپ زىنھار تاپمايدۇ تىنىم.

29

زار يىغلايمەن بولۇپ بەخت - ئامەتتىن جۇدا،
رەنجىپ ئاۋام قويدى مېنى دەپ تەنھا - يېتىم،
قۇلاق سالماس مېنىڭ يىغا - نالەمگە خۇدا،
كاج قىسمەتكە تاشار دىلدىن لەنەت - نەپرىتىم.
بولسام خەقتەك ئىستىقبالى كەڭ - پارلاق بەندە،
يا مەردانە، ياكى زەپەر ئەھلىگە دوست - يار،
هازىرلانسا هوقۇق، قۇدرەت، ئىستىبدات مەندە،
شۆھرىتىمدىن مەمنۇن بولۇپ يۈرمەسمەن زىنھار.
ئەمما، تۇيغۇم ئارا قىلسام ئۆز - ئۆزۈمنى پەر،
سەن تۇيۇقسىز خىيالىمدا ئاچىسەن جامال،
شۇندا زۇلمەت باسقان يەردىن روھىم قېقىپ پەر،
چىقىپ ئەرش ئۈزرە ناۋا ئەيلەيدۇ خۇشال.
چىن سۆيگۈڭنى ئەسلەش پۈتمەس بايلىقتۇر ماڭا،
تېگىشمەسمەن پادىشاھلىق تەختىنى ئاڭا.

35

چەكمە ئەمدى ساڭا قىلغان ئىشىمدىن ئازاب،
گۈلگە تىكەن ھەمراھ، كۈمۈش بۇلاقلارغا لاي،
قۇرت يۇمران گۈل بەرگىدە ئۈتىدۇ ياشاپ،
توسسا بۇلۇت خۇنۇكلىشەر كۆكتە قۇياش، ئاي.
ئىنسان دېگەن خام سۈت ئەمگەن، ئاڭلا سۆزۈمنى،
ئەيىبىڭنى ياپتىم قىلىپ كۆپ ئىشنى مىسال،
پاك كۆرسەتتىم ئەلگە سېنى، بۇلغاپ ئۆزۈمنى،
زىننەتلىدىم گۇناھىڭنى تېپىپ بىر ئامال.
چۈشەنگەچكە مىجەزىڭنى كەچۈرمىكىم پەرز،
(دەۋاگەرىڭ بولدى ساڭا ئادۋوكات مانا،)
ئۆز ئۈستۈمدىن سۇندۇم سوتقا ئەيىبنامە - ئەرز؛
جاڭجاللىشار قەھرىم بىلەن بەھرىم ئۆزئارا.
مەن ئەگەشتىم، ئەي يېقىملىق قاراقچى ساڭا،
بارلىقىمنى بۇلاش ئۈچۈن سوزساڭ قول ماڭا.

40

قالدۇرماستىن ئال مۇھەببەت - ئىشقىمنى، بىراق
ئالساڭ، بولۇر بۇرۇنقىدىن زادى نېمەڭ مول؟
بۇ خۇي زىنھار ھېسابلانماس چىن سۆيگۈ - پىراق،
سۆيگۈم ساڭا مەنسۇپ، ئاڭا سوزمىساڭمۇ قول.
سەن سۆيگۈمنى قوبۇل ئەتسەڭ، كۆيەي دەپ ماڭا،
تىلىم سېنى ئەيىبلەشكە بارمايدۇ پەقەت،
ئەمما، مەيلىڭ يوق نەرسىنى تېتىشنى داۋا
كۆرسەڭ ئالداپ ئۆز - ئۆزۈڭنى، ئېيتارمەن لەنەت.
بارچە دۇنيا - بايلىقىمنى كەتسەڭمۇ تالاپ،
لېۋەن ئوغرى، گۇناھىڭدىن ئۆتەرمەن ھامان،
لېكىن، ساختا سۆيگۈ دىلدا قالدۇرغان ئازاب
ياۋ ئاشكارا ئۇرغان تىغدىن مىڭ ھەسسە يامان.
جەزبىدارسەن، قىلمىشىڭمۇ تۇيۇلار گۈزەل،
ئۆچ كۆرمەسمەن، يەتكۈزسەڭمۇ ئۆمرۈمگە ئەجەل.

(خەنزۇچە «شېكسپىر ئەسەرلىرى»، «شېكسپىر سونېتلىرى» ئىنگلىزچە، خەنزۇچە «شېكسپىر سونېتلىرىدىن يۈز پارچە» «شېكسپىر شېئىرلىرى» قاتارلىق كىتابلاردىن)

ئاپتور، مۇھەررىر، كىتابخان

# مەن كومپيۇتېرنى ياقتۇرۇپ قالدىم

(ماقالە)

قادىر ئارسلان

**مۇھەررىردىن:** ئىنفورماتسىيە (ئۇچۇر) ۋە يېڭى تېخنىكا نەتىجىلىرى ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا مىسلىسىز تەسىر كۆرسىتىۋاتقان 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كومپيۇتېر ئالەم قاتنىشىدىن دېڭىز - ئوكيان سەپىرىگىچە، ھەربىي ئىشلاردىن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىگىچە كۈنسايىن چوڭقۇرلاپ سىڭىپ كىرمەكتە. ئەلۋەتتە نەشرىيات ساھەلىرى ۋە ئەدەبىي - سەنئەتكارلىرىمىزمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

80 - يىللاردا «كومپيۇتېر» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى بىز بىر يېڭىلىق سۈپىتىدە تىلغا ئېلىۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ چەت ئەللەردە ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىمۇ ئۆز رولىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. 90 - يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بەزى داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ كومپيۇتېر ئارقىلىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا مەملىكىتىمىزدىكى بەزى گېزىت - ژۇرنال تەھرىراتلىرى، كومپيۇتېر تورى ئارقىلىق گېزىت، ژۇرنال نەشر قىلىپ تارقاتتى. بىر قىسىم نەشرىياتلار لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكا كىتابلارنى ئىشلىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كىشىلەر كومپيۇتېرنى يالغۇز پەن تەتقىقات ئىشلىرىغىلا ئەمەس، ھەر خىل خىزمەت، پائالىيەت ھالقىلىرىغىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشتى. جۈملىدىن ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بۇ ئىجادىيەت «قورالى» غا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرىدىن پايدىلىنىشقا كىرىشتى. ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، يېزىش، تۈزىتىش ۋە ئاققا كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت ئىش ھالقىلىرىدا كومپيۇتېرنىڭ يازغۇچىلارغا نىسبەتەن نۇرغۇن قولاي پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقى بارا - بارا ئىسپاتلانماقتا.

ئوقۇرمەنلەر داڭلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىگىلا قىزىقىپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت بىلەن قانداق شۇغۇللىنىدىغانلىقىغىمۇ قىزىقىدۇ. ھازىر خەنزۇ ئەدىبلەر ئارىسىدا كومپيۇتېر بىلەن يېزىقچىلىق قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. كومپيۇتېردا ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىقچىلىق قىلىش مۇمكىنچىلىكى زادى قانچىلىك، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئارىسىدا كومپيۇتېر بىلەن يېزىقچىلىق قىلىدىغانلار بارمۇ؟ بىز بۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئوقۇرمەنلەرگە يازغۇچى قادىر ئارسلاننىڭ «مەن كومپيۇتېرنى ياقتۇرۇپ قالدىم» ناملىق ماقالىسىنى تەقدىم قىلدۇق.

ئانچە - مۇنچە خەت يازىدىغان كىشىلەرنىڭ خەت يېزىشقا بولغان تەسىراتى قانداق بولىدىكىن تاڭ، مەن ھەم تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن، ھەم ئىشتىن سىرتقى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم بولغاچقا قەلەم ۋە قەغەز بىلەن ھەر كۈنى ئۇچرىشىۋېرىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىككى نەرسىنى كۆرسەملا ھارغىنلىق ھېس قىلىدىغان بىر خىل روھىي ھالەتكە پېتىپ قالغانىدىم. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىغا كىرگەندىن بۇيانقى پۈتۈن ھاياتى كاسىنى ئورۇندۇققا چاپلاپ ئولتۇرۇپ قەغەز بىلەن قەلەمنىڭ قولى بولۇش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئادەمنىڭ بىچارىلىكى دۇنيادا ئەڭ بىچارە ھېسابلىنىدىغان دېھقاننىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ئەسلىدىمۇ خىزمەت بىلەن كۆپرەك ھەپىلىشىپ، ئىجادىيەت بىلەن ئازراق مەشغۇل بولىدىغان مېنىڭدەك بىر ئادەم بۇنداق روھىي ھالەتكە پېتىپ قالسا، تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە ئىشلىنىدىغان خىزمەتنى ئىشلەشكە ئامالسىز مەجبۇر بولغىنى بىلەن، ئۆزى ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ھېسابلانمايدىغان ئىجادىيەتتىن يىراقلىشىپ كېتىشى تۇرغان گەپ.

بۇنىڭدىن ئون يىللار بۇرۇن قەلەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ماشىنكىدا خەت ئۇرۇشنى ئۆگىنىشكە ھەرىكەت قىلىپ باققانىدىم. راستىنى ئېيتسام، ھەپتە - كۈن ئۆتمەي بۇ «ئۆگىنىش» تىن زېرىكتىم. ماشىنكىنىڭ كونۇپكىلىرىنىڭ جىقلىقى، ھەرپلەرنىڭ ھەر بىر شەكلىنى بىر - بىرلەپ تېرىپ ئۇرۇش قاتارلىقلارغا چىدىمىدىم. ئاخىرى يەنىلا قەلەم بىلەن ھەمراھ [illegible]شقا توغرا

كەلدى. بىر ياقتىن ئىقتىساد مەسىلىسى، يەنە بىر تەرەپتىن زامانىنىڭ تەلىپى بويىچە بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن گېزىتخانىمىز بىر يۈرۈش كومپيۇتېر ئېلىپ گېزىتنىڭ ماقالە ئۇرۇش، تەھرىرلەش، بەت ياساش، رەسىم كىرگۈزۈش، لېنتا چىقىرىش قاتارلىق بىر قاتار مەشغۇلاتلىرىنى ئۆزىمىزدە بىر تەرەپ قىلىشنى كونتەرتىپكە كىرگۈزدى. تۆت كىشىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئىككى ئاي ئۆگەندى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە ئىككى - ئۈچ ئاي مەشىق قىلدى. ئارقىدىنلا ئىشلىرىمىز يۈرۈشۈپ كەتتى: يۇقىرىقى خىزمەتلەر ئۆزىمىزدە ئىشلىنىدىغان بولدى. كومپيۇتېردىن ئىبارەت بىر ئاساسىي ماشىنا، بىر كونۇپكا تاختىسى، بىر ئېكراندىن تەركىب تاپقان بۇ سىرلىق مەخلۇق مېنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالدى. مەن ئۇنى ئۆگىنىش نىيىتىگە كەلدىم - دە، شۇ كويغا كىرىپ كەتتىم. تەلىيىمگە، ئۇنىڭ ئىپتىدائىي سىرلىرىنى ئانچە - مۇنچە بىلىۋالغىنىمدا بىزنىڭ بىر يېرىم ئايلىق دەم ئېلىشىمىز باشلىنىپ كەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ خەت ئۇرۇشنى مەشىق قىلدىم، ئون بارماقنىڭ كونۇپكىلار ئۈستىدە بەزىدە تەمتىرەپ، بەزىدە راۋان ئويناپ كېتىشى مەن ئۈچۈن ھەم بىر قىزىق ئويۇندەك، ھەم قىزىقارلىق مەشغۇلاتتەك بىلىنەتتى. شۇڭا زېرىكىپ قالغۇدەكمۇ ۋاقىت يوق. خەت ئۇرۇش سۈرئىتىمنىڭ ئاستىلىقىغا باقماي، توققۇز پارچە نەسىر، بىر پارچە ھېكايىنى ئاشۇ دەم ئېلىش ۋاقتىمدا قەلەم، قەغەز ئىشلەتمەي، يېڭىدىن ئۆگەنگەن «ھۈنەر» ىمنىڭ ياردىمى بىلەن يېزىپ چىقتىم. مەن راستتىنلا قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئەسەرنى قايتا - قايتا پىششىقلىغاندىن كېيىن، ئۈچ بارماقنىڭ ئارىسىغا قەلەمنى قىستۇرۇۋېلىپ، ئۈستەل ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ قايتىدىن كۆچۈرۈپ چىقىش قاتارلىق ئېغىر ئەمگەكتىن قۇتۇلغان تۇرسام خۇشال بولماي ئەمەسمۇ!

ئىنسان ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقىدا ئەمگەك تەكرارلىقىدەك ئۆمۈرنى ئىسراپ قىلىدىغان نەرسە بولمىسا كېرەك. سۈرئەت دەۋرىدە ياشاۋاتقان ھازىرقى كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. كومپيۇتېر ئىنسانلارغا مۇشۇ جەھەتتىن مىسلىسىز ئاسانلىق ئېلىپ كەلگەندەك قىلىدۇ. كومپيۇتېردا يېزىقچىلىق قىلىشنى باشلىۋالغان ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئىشىم بۇرۇنقىدىن ھەقىقەتەن خېلىلا كۆپ بولدى: خىزمىتىمدە ئۆزۈم مەسئۇل بولغان ئەدەبىيات بېتىنىڭ ماقالىلىرىنى كومپيۇتېردا ئۇرۇش، تەھرىرلەش ئىشلىرىنى ئاي - ئايلاپ ئالدىغا سۈرۈۋېلىپلا قالماي، گېزىت بەتلىرىنىمۇ بەزىدە ئىككى ئايلاپ ئالدىغا سۈرۈۋېلىپ، باشقا ئىشلىرىم ئۈچۈن ۋاقىتنى كۆپرەك ئېشىنالايدىغان بولدۇم؛ مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە بىرنەچچە پارچە ھېكايە يېزىۋالدىم، 90 مىڭ خەتلىك بىر پوۋېستنى تەرجىمە قىلدىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە 150 مىڭ خەتلىك «فرانسىيە چۆچەكلىرى» ناملىق كىتابنى بىر ئاي ئىچىدە تەرجىمە قىلىپ توختامغا ئەمەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم. «شەيتان لۇغەت» دېگەن كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا كومپيۇتېر ئۆزىنىڭ كارامىتىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى. جەمئىي بىرەر مىليون خەتتىن ئېشىپ كېتىدىغان ئۈچ خىل «شەيتان لۇغەت» تىن تاللاپ تەرجىمە قىلىپ تۈزىدىغان بۇ كىتابنى قەلەم ئارقىلىق ئىشلىگەن بولسام بىرەر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكى تۈپەيلى بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشىممۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. بىراق كومپيۇتېر مېنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىمنى ئاسان قىلدى. ئاخىرى مەن بۇ كىتابنى تۈزۈپلا قالماي، كومپيۇتېردا كىتاب بېتىنى ياساپ، سۈلفاتلىق قەغەزدىكى نۇسخىسىنى نەشرىياتقا تاپشۇرۇپ بەردىم.

كومپيۇتېر ئۆگەنسە يەنە ئۆگەنگۈسى كېلىدىغان بىر ئاجايىپ نەرسىدەك قىلىدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خەت ئۇرۇش، تەھرىرلەش، بەت ياساش دېگەنلەرنى ئۆگىنىۋېلىپلا ئۆزىنى قالتىس چاغلىغىلى بولمىسا كېرەك. لېكىن، باللىق ۋاقتىدا رادىئو دېگەننى بىرەر قېتىم ئاڭلاپ قالسا نەچچە كۈنگىچە ھاياجانلىنىپ يۈرۈش، ئۈسمۈرلۈك ۋاقتىدا ئاچارچىلىق ئىچىدە ئۆتۈش، ياشلىق ۋاقتىدا ئۆزى بىمەنە بولسىمۇ، كىشىنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالىدىغان «زور ئىنقىلاب» ئىچىدە ئۆتۈش، ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىگە كەلگەندە بازار ئىگىلىكىنىڭ دولقۇنىدا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن مەن دېمەتلىك بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ پادىشاھ سۈپەت بۇ مەھسۇلاتىدىن ئاز - تولا بولسىمۇ خەۋەردار بولۇش ئۆز - ئۆزىنى ئازاد قىلىشتىكى بىر خىل قالتىس ئىش ئىكەن دەپ قالدىم.

# ئېلان مۇنبىرى

ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن كومپيۇتېر ئوتتۇرىسىدىكى تىل توسالغۇسىنى تۈگىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى يۇمشاق دېتال مەنبەسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، بۆلۈمىمىز تۆۋەندىكى مۇلازىمەت تۈرلىرىنى يولغا قويدۇق:

**1. يۇمشاق دېتال تىجارەت تۈرلىرى:**

**1) كۆپ يېزىقلىق مەشغۇلات سىستېمىسى (UTDOS)**

بۇ سىستېمىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە، رۇسچە، قازاقچە، قىرغىزچە ئارىلاش يېزىق، مۇرەككەپ جەدۋەللەر ۋە توققۇز مېتىر ئېگىزلىك، خالىغان ئۇزۇنلۇقتىكى لوزۇنكىلارنى بېسىپ چىقارغىلى بولىدۇ.

**2) لازېر نۇرلۇق مەتبەئە سىستېمىسى - سەنلى، بېيدا فاڭجېڭ**

بۇ سىستېمىلار ئارقىلىق 16 خىل يېزىق، مۇرەككەپ جەدۋەل، سۈرەت، شەكىللەر، ھەرخىل فورمۇلا، نوتا - بەلگىلەرنى بېسىپ چىقارغىلى بولىدۇ.

**3) تېلېۋىزىيە يېزىق سىستېمىسى (Uighursoft Caption)**

بۇ سىستېمىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل تېلېۋىزىيە يېزىق - سۈرەت ئېلانلىرىنى، كارا OK ناخشا تېكىستلىرىنى ئىشلەشكە ھەم ئۇلارنى سۈرەتلەرنىڭ ئۈستىگە كىرىشتۈرۈپ، تېلېۋىزورغا، سىنئالغۇغا يوللاشقا بولىدۇ. Windows 95 دىكى بارلىق ئالاھىدە كۆرۈنۈشلەرنى ئىشلەشتە پايدىلىنىدىغان يۇمشاق دېتاللار، MTV, VCD ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدىغان يۇمشاق دېتاللار، 3DS4, Photoshop, Premiere قاتارلىقلار بىلەن تولۇق ماسلىشىدۇ.

**4) ئۇيغۇرچە ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىش سىستېمىسى.**

بۇ سىستېمىغا «ئىنگلىز تىلىدىن يېڭى ئۇقۇم»، «شۈي گوجاڭ ئىنگلىز تىلى»، «كومپيۇتېر ئىنگلىز تىلى» قاتارلىق كىتابلار كىرگۈزۈلگەن.

**5) ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە، خەنزۇچە ئۈچ تىللىق، ئۈچ يۆنىلىشلىك ئۇنىۋېرسال كومپيۇتېر لۇغىتى**

بۇ لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلۈك 7000دىن ئارتۇق بولۇپ، كومپيۇتېر ئېكرانىدىكى ئىنگلىزچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۇچۇرلارنى ۋە دائىم قوللىنىلىدىغان ئاددىي سۆزلەرنى بىر ۋاقىتتا تېز ھەم توغرا تەرجىمە قىلالايدۇ.

**6) باشقا تۈرلۈك يۇمشاق دېتاللار تىجارىتى.**

**2. تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە تەربىيىلەش تۈرلىرى**

**1) كومپيۇتېر ئارقىلىق VCD ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرى ۋە سىستېمىسى**

**2) كومپيۇتېر سۈرەتخانىسى**

**3) كومپيۇتېر ئارقىلىق تۈرلۈك مۇقاۋا، ئېلانلارنى لايىھىلەش**

**4) كومپيۇتېر ئارقىلىق ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە يېزىق - سۈرەتلىرىنى ئىشلەش.**

بۆلۈمىمىز يەنە مەزكۇر ئورۇندىن كومپيۇتېر ۋە ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى، يۇمشاق دېتاللىرىنى سېتىۋالغانلارنى كومپيۇتېر تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە ھەقسىز تەربىيىلەش، سېتىۋالغاندىن كېيىن ئىشلىتىش جەريانىدا كۆرۈلگەن ھەرقانداق كاشىلىلارنى ھەقسىز چۈشەندۈرۈش، مەسلىھەت بېرىش، رېمونت قىلىش مۇلازىمىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. كەڭ خېرىدارلارنىڭ بۆلۈمىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى، يۇقىرىقى ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە خەت ياكى تېلېفون ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

**ئۈرۈمچى قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر بازىرى ئازسانلىق مىللەت كومپيۇتېر تىجارەت بۆلۈمى**

**ئادرېس:** ئۈرۈمچى قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر بازىرى ئازسانلىق مىللەت كومپيۇتېر تىجارەت بۆلۈمى 4 - قەۋەت 4319 - دۇكان

**تېلېفون:** 2839871 (0991) **چاقىرغۇ:** 11580 - 2317799 (0991)

**خەلقئارا تور:** ahat@ public. wl. xj. cn

www.uyghurkitap.com



# مەرھابا يېڭى تىجارەت

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ نوپۇسى كۆپ بولغاچقا، ئەمگەك كۈچلىرى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىش ھادىسىسى خېلىلا ئېغىر. شۇڭا ھازىر ئىشتىن قالدۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئەمما مۇلازىمەت، 3-، 4- كەسىپلەر تۈرى تېخى تولۇق قانات يېيىپ بولۇنمىدى. يېڭى تىجارەت تۈرلىرىنى ئېچىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، بېيىش مۇمكىنچىلىكلىرىنى كېڭەيتىش تەخىرسىز زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاپتوماتلىشىشى نۇرغۇن ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ ئەمگەك كۈچىنىڭ ئارتۇقلىقىغا سەۋەبچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ ئەسىردە يۈزبەرگەن پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر ئىنقىلابى يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭى كەسىپلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاسان ھېيىغىلى بولىدىغان بۇرۇنقى بەزى تىجارەتلەرگە داۋاملىق مەبلەغ سېلىش، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ھېيىغىلى بولىدىغان يېڭى تىجارەت يوللىرىنى ئېچىش ئۈستىدە ئىزدەنمەسلىك يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇرۇن خېلى جىق پۇل تاپقان، ئەمدىلىكتە رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي سىقىپ چىقىرىلغان بەزى تىجارەتچى دوستلىرىم ياكى ئىشتىن قالدۇرۇلغان بەزى بۇرادەرلىرىم مەندىن خەۋەر - ئاز يېڭى تىجارەت تۈرلىرى ھەققىدە مەسلىھەت سورايدىغان بولۇۋالدى، مەن بۇھەقتە، بولۇپمۇ ئىشتىن قالدۇرۇلغانلارغا ماس كەلگەن، جانغا ئەسقاتىدىغان تىجارەت تۈرلىرى نېمە؟ دېگەن سوئال ھەققىدە كۆپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن كومپيۇتېرغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى كەسىپ ۋە يېڭى تىجارەت تۈرلىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم.

بېزەكچىلىك يېقىندىن بۇيان بىزدە راسا گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ بىرى. بىر ۋىۋىسكا لايىھىلەش ئۈچۈن، چوقۇم رەسىم سىزىشقا، ھۆسنخەت يېزىشقا، يەنە كېلىپ بوۋلارنى ئەپچىللىك بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمما كومپيۇتېر بۇنداق ۋەزىپىنى ناھايىتى ئاسانلا تاماملايدۇ. Photo Shop سىستېمىسى بىلەن رەسىملەرنى، نەقىش سۈرەتلەرنى بىر تەرەپ قىلغىلى، CAD سىستېمىسى بىلەن ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ چىرتيوژىنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ، يېڭى بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇرچە رەڭلىك ۋىۋىسكىلارنى بېسىپ قىيىپ چىقىرىپ بېرىش ماشىنىسى كومپيۇتېرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى ناھايىتى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. كومپيۇتېر تۈرلۈك سۈرەت، بېزەكلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپلا قىلماي، يەنە توققۇز مېتىر ئېگىزلىك، خالىغان ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ لوزۇنكىلارنى ۋە ھەر خىل نۇسخىدىكى ھۆسنخەتلەرنىمۇ بېسىپ چىقىرالايدۇ، تۈرلۈك رەڭلىك ئېلانلارنى ۋە مۇقاۋىلارنى ناھايىتى ياخشى لايىھىلەپ بېسىپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر بېزەكچىلىك ساھەسىگە كومپيۇتېر ئېلىپ كىرىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بېزەكچىلىك تېخىمۇ ئىستىقبالى بار بىر كەسىپكە ئايلىنىدۇ.

كومپيۇتېر سۈرەتخانىسى نۆۋەتتىكى ئاز مەبلەغ بىلەن كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان كەسىپلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى، كومپيۇتېر سۈرەتخانىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى رەسىم تارتىپلا قالماي رەسىمنى خالىغان تۈستە تۈزىتىپ ئۆزگەرتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھەتتا ئۇنى كالىندارغا ئايلاندۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

بۈگۈنكى رىقابەت دەۋرىدە، يېڭى يول ئېچىش ئۈچۈن چوقۇم يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولۇش كېرەك. جاھان يېڭىلىقلىرىدىن، تۈرلۈك سودا، ئېھتىياجلىق ئۇچۇرلاردىن بىخەۋەر قىلىنغان تىجارەت چوقۇم روناق تاپالمايدۇ. كومپيۇتېر دۇنيانى ئۇچۇر دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. خەلقئارا كومپيۇتېر تورى (Internet) ئارقىلىق دۇنيادىكى بازار ئەھۋالى، باھا ئۇچۇرى، پاي چېكى ئۇچۇرى، ئاخبارات ئۇچۇرى قاتارلىقلاردىن ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر تاپقىلى بولىدۇ. زامانىۋى چوڭ شىركەتلەر بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە ئۇچۇر كەسپىمۇ رەسمىي بىر تىجارەت تۈرى بولۇپ شەكىللەندى. كىيىم پىچىش ، تىكىشمۇ بىزدە ئەڭ ئوموملاشقان بىر خىل مۇلازىمەت تۈرى. بىراق ھازىر كىيىم لايىھىلەپ پىچىشنىمۇ كومپيۇتېر ئارقىلىق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار بىلەن قولدا كىيىم لايىھىلەپ تىكىش بارا - بارا يېڭى زاماننىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايدۇ، كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ VCD ئىشلەش ۋە سىنئالغۇ فىلىملىرىنى VCD غا ئۆزگەرتىپ ئىشلەشمۇ يېڭىچە بىر خىل مۇلازىمەت تورى

بولۇپ شەكىللەندى. بۇ تۇرمۇ كىشىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنىشىغا ئېرىشمەكتە.

قىسقىسى، يېڭى يول ئاچمىساق دەيدىكەنمىز، جەمئىيەتتىكى يېڭىلىقلارغا نەزەر تاشلىشىمىز، زامانغا ماس قەدەم بىلەن يول يۈرۈپ، تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزنى يېڭىلىشىمىز، پەن - تېخنىكىنى تايانچ كۈچ قىلىدىغان تىجارەتلەرگە مەبلەغ سېلىشىمىز لازىم.

يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆگىنىش ئۇنچىۋالا تەس ئىشمۇ ئەمەس، پەقەت ئۆزىگە ماس كېلىدىغان بىر تۈرنى تاللاپ، ئازراق تەربىيىلەنسىلا، مۇھىمى ئۇسكۇنىلەرنى سېتىۋېلىپ ئەمەلىي مەشغۇلات ئېلىپ بارسىلا، ھەرقانداق يېڭى بىر تېخنىكىنى تېزلا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە كومپيۇتېر بىلەن ئىشلەتكۈچىلەر ئارىسىدا ئاساسلىق ئۆتكەل تىل ئۆتكىلى. چۈنكى كومپيۇتېرغا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىنگلىز ۋە خەنزۇ تىلى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. ئەمما بۇمۇ يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق ئەمەس، يېقىندا شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئەڭ چوڭ كومپيۇتېر بازىرى - ئۈرۈمچى قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر سودا سارىيىدا تۇنجى «ئاز سانلىق مىللەت كومپيۇتېر تىجارەت بۆلۈمى» قۇرۇلۇپ تىجارەت باشلىدى. بۇ بۆلۈم كومپيۇتېر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىل توسالغۇسىنى يېڭىشتە ياخشى رول ئوينىماقتا. بۇ بۆلۈم قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دېتال تىجارىتىدىن باشقا يەنە پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلىنىپ، يېڭى كەسىپ تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ۋە ئېچىپ، ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە ھەقسىز ياكى تۆۋەن باھادا تەربىيىلەش مۇلازىمىتىنى يولغا قويىدى.

يول ئايىغىمىز ئاستىدا، پەقەت ئەقىل كۆزىمىزنى ئېچىپ، كونىچە تەپەككۇر ئەندىزىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئىجادكارلىق روھىمىزنى جارى قىلدۇرالىساق، ئاندىن ئايىغىمىز ئاستىدىكى يول يېپيېڭى بىر يولغا ئايلىنىدۇ، باسقان ھەر بىر قەدىمىمىزدىن مول ھوسۇل تۆكۈلىدۇ.

# مەرھابا يېڭى ئىستېمال

90 - يىللاردا كومپيۇتېردىن ئىبارەت بۇ سېھىرلىك نەرسە ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ كۆرسىتىپ، مىسلىسىز بىر ئۇچۇر ئىنقىلابىي دەۋرىگە كىردى. خەلقئارا كومپيۇتېر تورى (Internet) بارلىققا كېلىپ، يەر شارىنى بىر كەنتكە، گىلوبۇسقا ئايلاندۇردى. مەن كومپيۇتېر تورى (Internet) دىن پايدىلىنىپ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان خەۋەرلەرنى، ئۇنىڭ بىلەن دۇنيانى بىردەمدىلا ئايلىنىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان، ماتېرىياللاردىن كۆرگەن بولساممۇ، ئەمما كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ خەلقئارا كومپيۇتېر تورى (Internet) نىڭ قۇدرىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغانىدىم. يېقىندا ئۈرۈمچى قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر بازىرىدا يېڭى ئېچىلغان ئاز سانلىق مىللەت كومپيۇتېر تىجارەت بۆلۈمىدە، تىجارەت بۆلۈمىدىكى خادىملارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بۇ يېڭىلىقنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئەنە، تېلېفون سىمى كومپيۇتېرغا ئۇلاندى، تورغا كىرىش بۇيرۇقلىرى بېرىلدى. «ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان خەۋەرلىرى، دۇنيادىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ باھا ئەھۋالى، ھەرقايسى ئاساسلىق شەھەرلەردىكى پاي چېكى ئۇچۇرلىرى، ئامېرىكا Microsoft (مىكرو يۇمشاق دېتال) شىركىتىنىڭ ئەڭ يېڭى يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ باھا ئۇچۇرى» قاتارلىقلار بىر - بىرلەپ كۆرۈندى. بۆلۈمدىكى خادىملار ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارنى دەرھال بېسىپ چىقاردى. مانا بۇ كومپيۇتېرنىڭ خاسىيىتى ئىدى. بۆلۈم مەسئۇلى يەنە ئۆزىنىڭ چەت ئەل شىركەتلىرى بىلەن خەلقئارا كومپيۇتېر تورى (Internet) ئارقىلىق قىلىشقان خەت - ئالاقىلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. بۇلار مېنىڭ كومپيۇتېر ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋەتتى.

كومپيۇتېرنىڭ مەتبەئەچىلىك ساھەسىگە ئېلىپ كىرىلگەنلىكى مەتبەئەچىلىك تارىخىدىكى بىر قېتىملىق دەۋر بۆلگۈچ بۇرۇلۇش دېسەك ئارتۇق كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىلگىرى نېپىز بىر كىتابنىڭ بېسىلىپ چىقىشىغىمۇ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى. ھازىر بىر - ئىككى كومپيۇتېر بولسىلا، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىرمۇنچە كىتابنى باسمىغا يوللاپ بەرگىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ بېسىلىپ چىققان ماتېرىياللار شۇنداق كۆركەم، سۈپەتلىك. شەخسلەرنىڭ تۈرلۈك ماتېرىياللارنى يېزىش جەريانىدىكى تۈزىتىش، ئاققا كۆچۈرۈش، كۆپەيتىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىش ھالقىلىرىمۇ كومپيۇتېردا بىردەمدە تاماملىنىدۇ.

ھازىر تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە كومپيۇتېر ئائىلىلەرگە ئاساسەن سىڭىپ كىرىپ بولدى. ئىقتىدارى مۇكەممەل بولغان ئائىلە باشقۇرۇش سىستېمىلىرى بارلىققا كېلىپ، ئائىلىنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتى كومپيۇتېردىن ئايرىلالمايدىغان بولدى. تۈرلۈك ھېسابات، يېزىقچىلىق خەت ـ ئالاقە كومپيۇتېر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپلا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى گېزىتلەرنى ئوقۇغۇغىلى، ماگىزىنلاردىن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى، تۈرلۈك ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولغىلى، دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن پاراڭلاشقىلى، ھەتتا ئىشخانىدىكى ئىشلارنىمۇ بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغان بولدى. ئۆيدە ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىش چەت ئەللەردىكى يېڭى يۈزلىنىش بولۇپ قالدى.

كومپيۇتېردا VCD كۆرگىلى، تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينىغىلى بولىدۇ. بۇ كومپيۇتېرنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى ئىقتىدارلىرىنىڭ بىرى. ھازىر كىشىلەر نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، VCD قويۇش ئاپاراتى، سېتىۋېلىۋاتىدۇ، ئېلېكترون ئويۇنچۇقخانىلاردا ئويۇن ئويناۋاتىدۇ. ئەگەر كومپيۇتېر بولىدىغان بولسا، يۇقىرىقى نۇرغۇنلىغان ئېھتىياجلارنى قاندۇرغاندىن سىرت، يەنە زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا مۇھىتى ئىچىدە ياشىغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

كومپيۇتېرنى ئىشلەپچىقىرىش، ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى ياساش ئىشلىرىنى ھازىرچە ۋۇجۇدقا چىقىرالمايمىز، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يېقىندا شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئەڭ چوڭ كومپيۇتېر بازىرى ـ ئۈرۈمچى قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر بازىرىدا تۇنجى بولۇپ، Uighursoft (ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتال) دېگەن نام بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كومپيۇتېر تىجارەت بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، رەسمىي تىجارەت باشلاندى. بۇ، مەزكۇر بۆلۈم مەسئۇللىرىنىڭ دادىللىقى، ئالدىن كۆرەرلىكىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر كومپيۇتېر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ياخشى بىر باشلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەلكىم مۇشۇنداق جايلاردىن ئۆزىمىزنىڭ يۇمشاق دېتاللىرى، ئۆزىمىزنىڭ كومپيۇتېرلىرى بارلىققا كېلەر، بەلكىم بىز بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىدە پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئارقىسىدا قالغان بولساقمۇ، ئەمما ئۆزىمىزگە خاس يېڭى يول بىلەن كومپيۇتېر دەۋرىگە تېز سۈرئەتتە يېتىپ كىرەلەيمىز.

《天尔塔格》文学双月刊
1998 年 第 5 期

Tangritag TwoMonthly Literature
Journal In Uygur Language

«تەڭرىتاغ»
1998 ـ يىل 5 ـ سان

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会
编缉出版：《天尔塔格》编缉部
地址：乌鲁木齐市新华南路 16 号
电话：2818897,2819490 邮编：830002
印刷：新疆《工人时报》印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
(782 信箱)
国内统一刊号：CN65 — 1012/1
邮局代号：58 — 83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 ـ خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012/1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58_83

零售价：4.40 元

پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن

## شۆلجۈڭنىڭ ياغاچ ئويما رەسىملىرىدىن تاللانما



يېڭى قۇياش



ئۈمىدلىك دالا



ئۇچۇش

## جاڭ پىڭنىڭ جۇڭگوچە رەسىملىرىدىن تاللانما



يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ئۆتەڭ



تيانشان قوۋۇقى



كىچىك بوغدا كۆلى

شۆلجۈڭنىڭ ياغاچ ئويما رەسىملىرىدىن تاللانما

جاڭ پىڭنىڭ جۇڭگوچە رەسىملىرىدىن تاللانما



# ئۇيغۇرسوفت
# Uighursoft

ھەر خىل كومپيۇتېر، ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتاللار ۋە تېخنىكا ئۇتۇنۇپ بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر بازىرى ئاز سانلىق مىللەت
كومپيۇتېر تىجارەت بۆلۈمى 4 - قەۋەت 4819 - دۇكان

تېلېفون: 2839871 - 0991

چاقىرغۇ: 11580 - 2317790 - 0991

خەلقئارالىق تور: ahat@public.wl.xj.cn



